(ئىچكى ئۆگىنىش ماتېرىيالى)

# «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تاللانما

شىنجاڭ داشۆسى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

1991- يىل 4- ئاينىڭ 10- كۈنى

## مەزكۇر ماتېرىيال ھەققىدە ئىزاھات

1. بۇ كىتاب ئىچكى ئۆگىنىش ماتېرىيالى بولۇپ، سېتىپ ئېلىشقا، كۆچۈرۈپ بېسىشقا بولمايدۇ؛

2. كىتابتىكى ئاتالغۇ، تەبىر، رەھبەرلەر سۆزى قاتارلىق گېزىتتىن ئەينەن ئېلىنغان؛

3. ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىچكى ئۆگىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە تۇپلىنىش مەقسىتىدىن قىسقارتىلدى، ھەر قايسى ئاپتورلاردىن بۇ ھەقتە پىكىر ئالالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەپۇ سورايمىز.

تۈزگۈچىدىن

1991-يىل 5- ئاينىڭ 15- كۈنى

ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah. Sok. 41
No. 7/1 Tel: 558 40 93
Zeytinburnu - İstanbul

# مۇندەرىجە


مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى ...... ۋاڭ ئېنماۋ ..... 1

تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم ...... ئىسمايىل ئەھەت ..... 5

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتكە مۇھىم ئەھمىيەت بېرىش ۋە بۇ خىزمەتنى كۈچەيتىش لازىم ...... سۇڭ خەنلياڭ ..... 7

ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى قىلىش لازىم ...... تۆمۈر داۋامەت ..... 9

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى ...... جانابىل ..... 11

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى ...... فېڭ داجېن ..... 14

ھونلارنىڭ تارىخىي قىياپىتى ۋە تارىخىي رولىنى توغرا شەرھلەش كېرەك ...... ئىچكى موڭغۇل داشۆسىنىڭ پروفېسسورى: لىن گەن ..... 15

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ...... غەربىي شىمال داشۆسىنىڭ پروفېسسورى: جۇۋېيجۇ ..... 30

ئارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...... غەربىي شىمال داشۆسىنىڭ پروفېسسورى: ۋاڭ زۇڭۋېي ..... 60

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ...... جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن خەن كاڭشىن ..... 72

«ئۇيغۇرلار» نىڭ ئاپتورىنىڭ يالغان تارىخ ئويدۇرۇپ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىشىنىڭ ماھىيىتى ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقاتچى: گۇ باۋ ..... 83

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە تارىخىي ئاساس يارىتىپ بەرگەن ئۈچ كىتاب — «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابقا باھا ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى: چېن خۇا ..... 97

ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات تارىخىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقاتچىسى، ئۇيغۇر سايرانى ...... 116

ئۇيغۇر مىللىتى - جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقاتچىسى، ئاۋۇت توختى ...... 127

ئىدىقۇتلۇقنىڭ ساھەسىدىكى بىر مەيدان جىددىي كۈرەش ...... شىنجاڭ داشۆسىدىن؛ ۋاڭ خۇەيبىۋ، ئىبراھىم خالىق ...... 138

ماركسىزمنىڭ سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيىسى — تارىخ تەتقىقاتىنىڭ قىبلىنامىسى ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىنشۇناسلىقى؛ ياڭ فارىن ...... 150

پان تۈركىزمنى داۋراڭ قىلىش — مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلغانلىق ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقاتچىسى، جى داجاڭ ...... 151

تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ ماھىيىتى ساھەسىدە ئارىلاشقان خاتا ئىدىيىلەرنى قەتئىي ئايرىلايلى ...... شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىدىن؛ ماھىر قادىر ...... 171

پان تۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسى ...... شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىدىن؛ سۇ بېيخەي ...... 180

شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ جىنايى ماھىيىتى — مۇھەممەد ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»غا رەددىيە ...... جيەن بوچۈەن ...... 185

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ تارىختىن يۈرۈشلۈك تارىختىكى بىر قانچە ھالقىلىق مەسىلە توغرىسىدىكى سەپسەتىگە رەددىيە ... شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدىن؛ خۇسەن ...... 204

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرلىككە ئىنتىلىش، ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلىش، تەرەققىياتقا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت يۈزلىنىشىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقاتچىسى، لىيۇ زىشياۋ ...... 219

«ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەردىكى تىللار تارىخى ۋە تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە زىت كۆز قاراشلار ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقاتچىسى، ئىبراھىم مۇتئىي ...... 226

ئارخېئولوگىيىنىڭ تېپىلمىلىرىدىن شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرگە نەزەر ...... ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن، سابىت ئەخمەت ...... 233

«قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابلاردىكى مەدەنىيەت تارىخىنى
بۇرمىلاشقا باھا ...... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇقاۋدن تەت
قىقاتچىسى: ليۇبىن ........................................................................ 242
«تاباغاچ» نېمە ئۈچۈن بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ؟ ........ شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقاتچىسى: گو پىڭلياڭ ........................ 253
شىنجاڭدا يېقىنقى زامان تارىخىدىن بۇيانقى بىرلىك ۋە بۆلگۈنچىلىكنىڭ
ئۆز ئارا كۈرىشى ........ شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىدىن:
لىخەت ياقۇپ ........................................................................ 262

ۋاڭ ئېنماۋ «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

# مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ بۇ ئاينىڭ بەش كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايون «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئاچقان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلار، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى پاكىتلار شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپنىڭ ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدىغانلىقىنى تەكرار ئىسپاتلىدى. شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق، مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى.

ۋاڭ ئېنماۋ ئالدى بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايون «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئاچقان مۇھاكىمە يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم يىغىن. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار، ئالىملار «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ تارىخنى ھەددىدىن بۇرمىلىغان، ئۆزگەرتكەن، توقۇغان، كۆپتۈرگەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى تارقاتقان رەزىل قىلمىشىنى نۇرغۇنلىغان ئېنىق تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىدى. شىنجاڭ تارىخىدىكى ۋەتەننىڭ بىرلىكى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ ھەق-ناھەققە باتىدىغان مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن شانلىق تارىخىنى كۆپچىلىككە تەسۋىرلەپ بەردى. بۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئۇزۇندىن بۇيان تارقىتىپ كېلىۋاتقان خاتا، ئەكسىيەتچىل «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نىڭ زەھىرىنى تازىلاشتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى

تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇۋېلىشقا پايدىلىق. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى مۇستەھكەملەپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە بەشيىللىق پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش ۋاڭ ئېنماۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تارىخىي پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. «ئۇيغۇرلار، قازاقلار قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ ئەجدادلىق بىرى شۇكى، ئۇلاردا تارىخ بۇرمىلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ، تۈزۈتۈلۈپ، تولۇقلىنىپ، شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار بۈيۈك تۈركىيىنىڭ بىر قىسمى، بۈيۈك تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ناھايىتى روشەنكى، ئۇلارنىڭ جىنايى مەقسىتى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلاپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئايرىۋېتىش، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىنى، خەلق ھاكىمىيىتى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاھانگىرلار، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئىتتىرىپ، چوڭ بالا - قازاغا ئۇچرىتىپ، قىيىن كۈنگە قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ غەرىزى نەقەدەر رەزىللىك - ھە!

يولداش ۋاڭ ئېنماۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ تارىخىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدا كۈرەش ئەزەلدىن بولۇپ كەلدى، بۇ كۈرەش ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلدى، بەزى ۋاقىتلاردا ئەنتايىن ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتتى. جاھانگىرلار ۋە ئىچكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىزمنىڭ ئېلىمىزدە غەلىبە قىلىشىنى خالىمايدۇ، ئۇلار ئېلىمىزنى ئاۋۋال سوتسىيالىستىك جۇڭگونى دەرىجە ھۇجۇم بىلەن ئاغدۇرۇۋېتىشنى ئويلايدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۆلىتىمىزگە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانماقتا، جاھانگىرلار ۋە ئىچكى دۈشمەن كۈچلەر ئېلىمىزگە سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا پاش بولغان «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلار شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىپ شەرقىي تۈركىستان قۇرۇپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن بۆلۈۋېلىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەرغىب

قىلغان، ئۇلار مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پار-
چىلاشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان، ئۇلار جاھانگىرلار ۋە ئاشقۇن
ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئالاقە باغلاپ، شىنجاڭدا مىللىي
بۆلگۈنچىلىك قىلىشنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئاپتونوم
رايونىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەلىرى
بولۇپمۇ يۇلتۇز بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋە-
قەسىدە «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي
تەشكىلاتلارنىڭ ئەكسىيەتچىل پروگراممىلىرى، جايلاردا پەيدا بولغان ئەكسىلئىنقى-
لابىي شوئارلار، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىپ
شەرقىي تۈركىستان قۇرۇپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن بۆلۈۋېلىش، خەنزۇلارغا
قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقى-
رىش تەرغىب قىلىندى، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا تارىخ يېزىش نامى بى-
لەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى تارقىتىلدى، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقى-
لابىي پارتىيىسى» قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەكسىيەتچىل پروگرام-
مىلىرى، جايلاردا پەيدا بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي شوئارلار، ئەكسىلئىنقىلابىي تەش-
ۋىقات ۋەرەقىلىرى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قالايمىقان-
چىلىق ۋەقەلىرىدىكىگە ئوخشاش شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىپ شەرقىي تۈركىستان
قۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش تەرغىب
قىلىندى. بۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىنى يەنە
بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەۋپىگە ھەرگىز سەل قاراشقا
بولمايدۇ، بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنى
بوشاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

يولداش ۋاڭ ئېنماۋ تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز «ئۇيغۇرلار» قاتار-
لىق ئۈچ جىلد زەھەرلىك چۆپنى تەكشۈرۈپ چىقتى، مۇھاكىمە قىلدى، ئېچىپ
تاشلاش ۋە تەنقىد قىلىش داۋامىدا چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجى-
لىك پارتكوملىرىمىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىدېئو-
لوگىيە ساھەسىدىكى بازىلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، ماركسىزم — لېنىنىزم،
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىگىلىشى لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ، سوتسىيا-
لىزمغا ۋە ماركسىزم — لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى ئىدىيەلەرنىڭ ئىدېئو-
لوگىيە ساھەسىدىكى بازىلارنى ئىگىلىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. مۇقىم-
لىق ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئېلىمىزدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈن-
چىلىك ئىدىيىسى — قالايمىقانچىلىقنىڭ تۈپ مەنبەسى; مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيى-
سىگە قارشى تۇرمىغاندا، ئۇنى تەنقىد قىلمىغاندا، يىلتىزىدىن تۈگەتمىگەندە ئاپتو-
نوم رايونىمىزدا قالايمىقانچىلىق تۈگىمەيدۇ، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملىرىمىز مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىگە ۋە سوتسىيالىزمغا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى ئىدىيىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ۋە سوتسىيالىزمغا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى ئىدىيىلەرنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك.

تەشۋىقات، ئىجتىمائىي پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئاخبارات - نەشرىيات تارماقلىرىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى لازىم. ماركسىزملىق تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىشى، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا تەشۋىق قىلىشى لازىم. ھوشيارلىقنى، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يۇقىرى دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ۋە سوتسىيالىزمغا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى ئىدىيىلەرنىڭ ھەر قانداق تارماقتا پەيدا بولۇشى، تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بۇنداق ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇش، ئۇلارنى تازىلاش، ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى زەھەرلىشىگە يول قويماسلىق كېرەك.

ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز لازىم. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قوغداش، ئۆز ئىشىدا ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بولىدىغان جىپسىلىشىپ ئىتتىپاقلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۈيۈك ئائىلىسىگە زىچ ئۇيۇشۇپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ئىلگىرىلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشتا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يۈكسىلىشى، ئورتاق بېيىشى، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

**ئىسمايىل ئەھمەت «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:**

# تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم

٩ - ئاينىڭ ٩ - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەت «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

ئىسمايىل ئەھمەت ئاپتونوم رايون ئاچقان «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى، مۇشۇنداق دەلىللىنى قوللىنىش بەزى مۇھىم مەسىلىلەردىكى راست - يالغاننى پەرقلەندۈرۈش، ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا پايدىلىق. ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق مۇھىم پرىنسىپلىق مەسىلىگە يارىشىپ، دۆلەت ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە يېتەكچىلىك مەسئۇل بولۇش روھى بويىچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش لازىم. زىيانلىق بولغان، بولۇپمۇ سىياسىي مەيداندا ۋە ئۇقۇملارغا يېتەكچى خاتا ئەسەر، ماقالە، سۆزلەرگە قارىتا مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلاردىكى ئۇقۇملارغا تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، خاتالىقنىڭ يامراپ كېڭىيىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق لازىم.

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا دۈشمەن كۈچلەر، ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ، ئۇ يەنىمۇ ئۇزۇنغىچە مۇرەككەپ كۈرەش سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ كۈرەش مۇقەررەر ھالدا ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدە ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا بىز بۇنى ئېنىق تونۇشىمىز، خاتالىقنىڭ تەسىرىگە قارشى ئەتتىپ، كۈچلۈك كۈرەش قىلىشىمىز، ئىدىيىدە ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز، رەھىمدىللىك قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئىسمايىل ئەھمەت تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قانداق توغرا مۇئامىلە

قىلىش، تارىخنى قانداق تەنقىدىي قاراش توغرىسىدا توختالغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرگەندە، ئالدى بىلەن مۇنداق ئەڭ ئاساسلىق بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تۇرغۇزۇش لازىم: مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، بۇ كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتنى ھەر قايسى مىللەتلەر بىرلىكتە بەرپا قىلغان؛ ھەر قايسى مىللەتلەر ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى يارىتىش ۋە گۈللەندۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشى ھەم ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى قوشقان، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، روناق تېپىش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا، چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي پاكىتلارنى، ماتېرىياللارنى ئوبيېكتىپلىق توغرا ئىگىلەپ، ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىپ، توغرا يەكۈن چىقىرىش لازىم.

ئۇ مۇنداق دېدى: تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىللە ماتېرىياللارنى قانداق ئالاش مەسىلىسىمۇ بار. تارىختىكى مەسىلىلەرنى بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويغاندا ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمىگە دىققەت قىلىش، بۈگۈنكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان تەسىرىنى ئويلىنىش لازىم.

ئىسمائىل ئەھمەت تەزكىرىچى ھادىسىلىرى ۋە ئەدىبلەر - مەدەنىيەتكارلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز، ئوبزورچىلىرىمىز ۋە تەزكىرە يازغۇچىلىرىمىز توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە، ھەم ئاساسىي پرىنسىپتا، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە، ماقالىلىرىدە ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇشنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم.

ئىسمائىل ئەھمەت ئاخىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يېتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەن، مىللەت ۋە شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ۋەتەن مەنپەئەتىنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق جايدا ئۇنتۇپ قالماي، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قوغداپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سۈرۈشى لازىم.

سۇڭ خەنليالڭ «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتكە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىش ۋە بۇ خىزمەتنى كۈچەيتىش لازىم

٢- ئاينىڭ ٥- كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنليالڭ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

يولداش سۇڭ خەنليالڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەكمۇ ياكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش كېرەكمۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەكمۇ ياكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش كېرەكمۇ، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش ھەق ـ ناھەق مەسىلىلەردە «ئۈچ كىتاب» سىياسىي مەيدان ۋە سىياسىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە ئېغىر خاتالىقى بار. «ئۈچ كىتاب» تا تەرغىب قىلىنغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىدى. مۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارىدىغان قورال بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا كۆپچىلىك «ئۈچ كىتاب» مەسىلىسىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىم.

يولداش سۇڭ خەنليالڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى بولدى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشتى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىدېئولوگىيە ــ ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھەمدە پارتىيىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى؛ ١٩٨١- يىلىدىكى سىياسىي ۋەقە ۋە بىزنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىمىز بىزگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇردىكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش گاھ كۈچىيىپ، گاھ بەسسىيىپ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، تارىخ جەھەتتىكى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن ھەق ـ ناھەق مەسىلىسى تېخى تۈزۈل ـ كېسەل تۈزىتىلمىدى؛ بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلغۇچىلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۆپ ـ كۆرۈنمىگەن، تارقاتقان خاتالىق ـ خىل ئەكسىيەتچى سەپسەتىلەر تېخى تۈزۈل ـ كېسەل تەنقىد قىلىنمىدى، ئىدې-

ئولوگىيە ساھەسىدە ئارقىسىدىن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى قارىشى بەزى كىشىلەر-
گە ئاستىرىتتىن تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئويناپ ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى، ئۇ
بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدىغان ئىدىيىۋى ئاساسى، بىر خىل يوشۇرۇن تىنچ-
سىزلىق ئامىلى ۋە خەۋپ. ئەگەر بىز بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ۋە مىللىي
بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارمايدىغان، ئىدىيە، نەز-
زەرىيە جەھەتتە مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدىغان سەۋەبنى يوقاتمايدىغان بولساق يېڭى
مالىمانچىلىقنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بارلىقى ئېنىق. ھازىر بىز ئىدېئولوگىيە سا-
ھەسىدە جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدۇق، كۈرەش ئۇزاق داۋام قىلىدۇ، ۋەزىيەت مۇشكۈل.
شۇڭا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتكە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە بۇ خىز-
مەتنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

سۇڭ خەنلياڭ ئۆز سۆزىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى
خىزمەتنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا توختىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:
ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى سېزىپ يېتىش كېرەككە قارشى
تۇرۇش، ئانارخىزمچىلىققا قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگىرىشكە قارشى تۇرۇش يۈك-
سەكلىكىدىن، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ
تۇرۇش، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش يۈكسەكلىكىدىن تولۇق تونۇش لازىم. ھەر مىللەت
خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان ماركسىزملىق نەزەرىيە قوشۇنىنى تۇرغۇزۇپ تەشكىللەش
ۋە ئۇنى زورايتىش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت نەزەرىيە خادىملىرىغا تولۇق ئەھمىيەت
بېرىش ۋە ئۇلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش لازىم. كادىرلار ۋە ئامما ئارىسى-
دا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، سوتسىيالىزم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغ-
رىسىدىكى تەربىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تا-
رىخ قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك
ۋە ئىتتىپاقلىق تارىخى، ئازسانلىق مىللەتلەر تارىخى توغرىسىدىكى تەشۋىقات تەربىيىنى تې-
خىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىقنى ئاساس قىلغان بىر تۈركۈم كىتابلارنى
تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

سۇڭ خەنلياڭ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىدېئولوگىيە خىزمىتى ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ. ئەھۋال
بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. مۇنداق ئىكەن، ئىدېئولوگىيە مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ
قىلغاندا، سىياسەت چېكىنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك. سىياسىي پرىنسىپ مەسىلىسىدە
بايراق روشەن، مەيدان مۇستەھكەم بولۇش لازىم. مۇجمەللىشىپ قالساق بولۇشقا
بولمايدۇ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ياراپ كېتىشكە يول قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ؛
بەزى خاتا قاراش ياكى ناتوغرا تونۇشتا بولغان كىشىلەرنى ئەكسىيەتچىل مەيداندا
باھانىلىق بىلەن چىڭ تۇرغان ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەردىن قاتتىق پەرقلەندۈ-
رۈش، ئالدىنقى خىلدىكى كىشىلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىش، قىزغىن
ياردەم بېرىش شۇنداقلا دەل - ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۇلارنى ئەڭ
زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش لازىم. ئەكسىيەتچى سەپەتلەرگە تەنقىد قىلىشىمىز،

خاتا قاراشلارنى تۈزىتىشىمىز، ئاددىيلاشتۇرۇپ قويماسلىق، بەلكى پاكىت قويۇپ، داۋلى سۆزلەپ، كىشىلەرنى دەلىل ئىسپاتلار ئارقىلىق قايىل قىلىش لازىم؛ ئىلىم جەھەتتىكى مەسىلىلەردە «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئومۇمەن، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا شەكىل-ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەش، داۋراڭ كۆتۈرمەسلىك لازىم.

تۆمۈر داۋامەت «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

## ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىدا ماركسىزم-لېنىنىزمنى يېتەكچى قىلىش لازىم

9- ئاينىڭ 3- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ ۋە يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنى بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم مۇھاكىمە يىغىنى بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خىلاپ ھالدا شىنجاڭنىڭ تارىخى بۇرمىلانغان. ئۇلارنىڭ ئەجەللىك يېرى — مەملىكىتىمىزنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىش، بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۈچۈن «تارىخىي ئاساس» ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئۈچ كىتابتا شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكى ئاشكارا ئىنكار قىلىنغان. «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ سىياسىي مەيدانى ۋە سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى پانتۈركىزم ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ سىياسىي مەيدانى ۋە سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىش، بۆلگۈنچىلىك توغرىسىدا داۋراڭ سېلىش جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن تامامەن بىردەك بولدى.

ئۈمۈر داۋامىدا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئازسانلىق مىللەتلەر تارى-
خى تەتقىقاتىدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. توغ-
را مەيدان يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلغاندا، مۇقەررەر ھالدا ئەگرى يولغا مېڭىش-
يۈز بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: ئازسانلىق مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىدا تۇتۇشقا تېگىش-
لىك بىر نەچچە پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك: بىرىنچى، جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ
كۆپ مەنبە بىر گەۋدە شەكىللەنگەن ۋەزىيىتى ئۇزاق مەزگىلدە پەيدىنپەي شەكىللەنگەن
تارىخى پاكىت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، مەملىكىتىمىزدىكى ھازىرقى 56 مىللەتنىڭ
ۋە تارىختا ئۆتكەن، ئەمما كېيىن باشقا مىللەتلەر بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن مىللەتلەر-
نىڭ جۇڭگودا مىللەتلەردىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسىنى بارلىققا
كەلتۈرۈشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئورتاق تۆھپە قوشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك؛ ئىك-
كىنچى، سىنىپىي نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش، ھۆكۈمران سىنىپ زۇلۇم ۋە مالىي ئېك-
سپلۇئاتسىيىنىڭ مەنبەسى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى ئىكەنلىكىگە
ئەھمىيەت بېرىش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلىكىنى ئايرىپ ئەكس ئەتتۈ-
رۈش كېرەك؛ ئۈچىنچى، تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك
شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنگە، مەركەز-
گە تەلپۈنۈش، ئىچكى ۋە تاشقى تۆھپىلىرىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ تۆتىنچى، ئازسا-
نلىق مىللەتلەر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى — مەيلى بەس-مۇنازىرە، ئۇ-
نىڭدا خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، بولۇپمۇ ئۇ مىللەتنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بو-
لۇش كېرەك.»

ئۈمۈر داۋامىدا ئىلگىرى سۈرگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۇيغۇر، قازاق، تاتا-
لىق ئۈچ كىتابنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ، ئۇ جانلانغانلىقنىڭ
ۋەتىنىمىز گۈللىنىشى، سىياسىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مۇقىملىقنىڭ، تەرەق-
لەشتۈرۈش بىلەن ئىقتىسادنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنكاسى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە
ساھەسىدىكى بىر خۇشاللىق جەزىسىنى كۆرىمىز. ئۈچ كىتابنىڭ ئاددىيلا نەشر قىلىنىشى
تارقىتىلغانلىقى بىزگە ئىمانىنى چوڭقۇر ساۋاق بەردى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىج-
تىمائىي پەنلەر تۈزۈش بىلەن بىللە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنى چوڭقۇر
ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى ئۆگىنىش، ئۈچ كىتابنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان ئىجابىي ئەس-
ۋىرىشلىق ياخشى تەسىرىنى ئەتراپلىق باھالاش لازىم. ھەر ساھادىكى كادىرلار، بولۇپ-
مۇ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم شىنجاڭ تارىخى ۋە ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشى لازىم، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە
ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تارىخ دەرسلىكىدە چوقۇم دۆلەت بىر تۇتاش تۈزۈپ چىققان
دەرسلىكنى، پايدىلىنىش كىتابلىرىنى ئىشلىتىش، ئۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ تارىخى
بىر تۇتاش تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەم تېزلىكتە ئۇنى دەرسلىكلەر قا-
تارىغا كىرگۈزۈش لازىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تارىخ ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئەمەلىي
ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا تارقاتقان خاتا نۇقتىئىنەزەر، خاتا ماتېرىياللارنى سۆزلىشى مەنئى

نى قىلىندۇ، ھەرخىل كىتابلارنى، بولۇپمۇ تارىخ كىتابلىرىنى نەشر قىلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم.

ئۆمۈر داۋامەت ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ 2 - باسقۇچتىكى ستراتېگىيىلىك ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. ئىقتىساد — ئاساس، مۇقىملىق — ئالدىنقى شەرت. بىز چوقۇم مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت بىر ئىشنى چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە ھەر خىل قانۇنسىز دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم.

## ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى

## ئاپتونوم رايون «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ھۆكۈمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

«ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دا ئىنتايىن خاتا تارىخىي پىكىرلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۆز قارىشى تەرغىب قىلىنغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، مەسىلە ئېغىر. بۇ ئۈچ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىپادىسى. ئۇنىڭدا تەرغىب قىلىنغان خاتا قاراشلارنى تەنقىد قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاققىچە تۇتۇشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايون 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ھۆكۈمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ھۆكۈمەت يىغىنىغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ

پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، ھامىدىن نىياز، قېيۇم باۋۇدۇنلار قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجىن رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنى باشلانغاندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى، ھالىتى يىكىرى يېڭىلىنىش توغرا، تەشۋىقات ئاساسىي يۈزلىنىش ساغلام بولدى. لېكىن خاتالىقلار چىرىك مۇھىت ۋە مەدەنىيەت ئىچىدىكى كىچىك مۇھىتنىڭ تەسىرىدە، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئىپادىسى تۇغۇلۇپ بولغان دەرىجىدە ساقلاندى، بۇ جەھەتتىكى خاتا ئىدىيە. نۇقتىسىدىن ئىدىيۋىلارغا قاراتقان ئۈچ كىتابتا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

جانابىل سۆزىدە يەنە ئالاھىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۇيغۇرلار»، «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا شىنجاڭ تارىخى بۇرمىلانغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۆز قارىشى تەرغىپ قىلىنغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، مەسىلە ئېغىر. بۇ ئۈچ كىتابتا ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخ داۋامىدا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتقا ۋە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىگە قارىماي، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخى بۆلۈنۈش، مالمانچىلىق ۋە مىللەتلەر ئارا قارشىلىشىپ ئۆزلۈكسىز ئۇرۇشۇپ كەلگەن تارىخ دەپ بۇرمىلانغان، تارىختىكى ئۇيغۇرلار جۇڭگودىن مۇستەقىل ۋە جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ سىرتىدىكى بىر مىللەت دېيىلگەن، بۇ ئىنتايىن خاتا. ئۈچ كىتابتا پايدىلىنىلغان بىر قاتار خاتا قاراشلار ۋە ئۇلاردىكى روشەن سىياسىي خاھىش ۋەتەننىڭ بىرلىكى توغرىسىدا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پايدىسىز.

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۈچ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى تاسادىپىي بولغان ئەمەس. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدا جايلاشقان، كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننى پارچىلاش ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ ئۆتكۈر، كەسكىن بولدى. خەلقئارادىكى جۇڭگوغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەر، تۈرلۈك ئۇنسۇرلار بىلەن شىنجاڭدا بۆلگۈنچى-

چىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ ئۈچ كىتاب 1986-يىلى 10-ئايدىن 1989-يىلى 10-ئايغىچە كەينى-كەينىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ-قىردا ئېيتىلغان خەلقئارا چوڭ مۇھىت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كىچىك مۇھىتنىڭ مەھسۇلى، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىدىيىلوگىيە ساھەسىدىكى كۆرۈنۈشىنىڭ ئىپادىسى. بىز بۇنىڭدىن يېتەرلىك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. مۇنەۋۋەرلەر قاتارلىق ئۈچ كىتابتا تەرغىب قىلىنغان خاتا قاراشلارنى ئەمەلىيىتىدىن ئىنقىلاب، پانتۈركىزم ۋە شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلىككە تەلتۆكۈس رەددىيە بېرىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قىلىپ، ئۇزاققىچە تۇتۇشىمىز لازىم. جانابىل سۆزىدە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: بۇ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ مەقسىتى، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۈچ كىتابتا ساقلانغان ئاساسىي مەسىلە ۋە خاتالىقنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بەزى كىشىلەردە شىنجاڭ تارىخى مەسىلىسىدە ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن خىلمۇخىل مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ تارىخى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىنتايىن خاتا، زىيانلىق قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىش، كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ماركسىزملىق تارىخىي قاراش، مىللەت قارىشىنى تەتبىق قىلىپ، ھەرخىل گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراشسۇن فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ كىتابتىكى مەسىلە ۋە خاتالىقنى ئىلمىي ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ھالدا تەھلىل قىلىپ، پاكىت كۆرسىتىپ، قائىدە سۆزلەپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى تېگى-تەكتىدىن ھەل قىلىش لازىم.

# «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى

## مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى

### فېڭ داجېن خۇلاسە سۆزى سۆزلەپ، ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى

فېڭ داجېن سۆزىدە دېدى: ھەر قايسى جەھەتلەر خىزمەتلەرنى پىلانلاپ، قەدەم-باسقۇچلۇق، پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق ھەم «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى چوڭقۇر تەنقىد قىلىش، ھەم كۆپچىلىككە «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ خاتالىقىنى ئې-نىق تونۇتۇش، شۇنداق قىلىپ تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا 2- باسقۇچتىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

بۈگۈنكى يىغىنغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، بادەي قاتناشتى.

بۈگۈنكى يىغىنغا ۋەكىللەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات-نەشرىيات قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، جەمئىي 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

# هونلارنىڭ تارىخىي قىياپىتى ۋە تارىخىي رولىنى توغرا تەرىپلەش كېرەك

— تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىنىڭ «هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىغا باھا

لىن گەن

## (1) «هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا خاتالىق بەك كۆپ

تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىنىڭ كاتتا ئەسىرى — «هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (تۆۋەندە «هونلار» دەپ قىسقارتىپ يېزىلدى) نى ۋە «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىنىڭ هونلارغا دائىر قىسمىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا بەرگەن چوڭقۇر تەسىرات شۇ بولدىكى، بۇ كىتابتا خاتالىق بەك كۆپ ئىكەن. مەن خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 200 بەتكە يەتمىگەن دەسلەپكى تېكىستىنى ئەسلى تارىخىي ماتېرىيال (بىرىنچى قول ماتېرىيال) بىلەن ئاساسلىق سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، 40-50 جايدا ئېنىق خاتالىق بارلىقىنى سەزدىم. بۇ يەردە كىتابنىڭ ئۈستىن بىر قىسمىنى تەھلىل قىلدۇق. باشقا خاتالىقلار تېخى يېزىلىش سىرتىدا.

## (2) «هونلار» دېگەن كىتابتا تارىخىي مەسىلىلەر ماركسىزملىق ئۇقۇملارغا بويىچە ئەمەس، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۇقۇملارغا بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان

«هونلار» دا، ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن ئالدا - ساندا ئىككى - ئۈچ جۈملە سۆز نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن كىتابتا تارىخىي مەسىلىلەر ماركسىزم - لېنىنىزملىق مەنبەسى ئۇقۇملارغا بويىچە ئەمەس، ھالىي ئۇقۇملارغا بويىچە كۆزەتكەن ۋە بىر تەرەپ قىلىنغان، شۇڭلاشقا، «هونلار» دېگەن كىتاب مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بىلەن تولۇپ كەتكەن، هونلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بىلەن هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بىلەن، سيانبېيلار بىلەن هونلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بىلەن ۋە باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن،

مىللىي كۈرەش ۋە مىللىي ئۇرۇشلار شۇنچە ئۇرغۇن بولغانلىقى، پەقەت سىنىپىي كۈرەشلا كەم قالغان. ئەمەلىيەتتە، مىللىي كۈرەشنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي كۈرەشتۇر. «ھونلار» دېگەن كىتابتا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ ھونلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى بايان قىلىشتا، ئۇنىڭ سىنىپىي مەزمۇنى چىقىرىپ تاشلانغان، چۈنكى ئاپتور سىنىپ دېگەن سۆزگە توغرا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىغان («ھونلار» دېگەن كىتابتا سىنىپ دېگەن سۆز ئۇچرىمايدۇ)، ھونلارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى قىلغان ئۇرۇشنىڭ بۇلاڭچىلىق خاراكتېرى ۋە سىنىپىي ماھىيىتىگە توغرا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىغان. شۇڭا، ھونلارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى قىلىپ بارغان ئۇرۇشى قۇلدارلار سىنىپىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا، قۇل ۋە بايلىق بۇلاشنى مەقسەت قىلىپ قوزغىلغان بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئادالەتسىز ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

«ھونلار» دېگەن كىتابتا، ھونلار جەمئىيىتى قۇلدارلىق جەمئىيەت دېيىلگەن، لېكىن ھېچقانداق ئاساس كۆرسىتىلمىگەن (شۇ كىتابنىڭ 99-100- بەتلىرىگە قارالسۇن)، بۇنىڭدىكى مەقسەت — ھونلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ھون ھۆكۈمرانلىرىنى قۇلدارلىق ئورنىدىن فېئوداللىق ئورۇنغا كۆتۈرۈش. بۇ ئارقىلىق ھونلار جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان قۇلدارلار بىلەن قۇللاردىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق ۋە ئارىسى قارشى سىنىپنى يوققا چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چىن، خەن دەۋرىدىكى ھونلار جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى نېمە ئىكەنلىكى، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ شەكىللەنگەن - شەكىللەنمىگەنلىكى ھازىرچە سۆزلەنمەي تۇرالى. لېكىن ھونلار جەمئىيىتىدە تۈركۈم - تۈركۈملەپ قۇللارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە، ھونلار ئۇرۇش جەريانىدا قولىغا كەلتۈرگەن (بۇلاپ ئالغان) مال - چارۋىلار ئولجا ئالغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ بولاتتى، تۇتۇۋالغان ئەسىرلەرنى قۇل دېدەك قىلاتتى، شۇڭا ئۇرۇش جەريانىدا ھەر بىر جەڭچى بەس - بەس بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. ھون ئىلگىرى ستاتىستىكىلاپ باققان، تەرىپى خەن خاندانلىقىنىڭ خانى ۋېندىنىڭ 6- يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 177- يىلى) دىن باۋدىنىڭ يۈەنفېڭ 3- يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 78- يىلى) غىچە بولغان يۈز يىل ئىچىدە، ھون قۇلدارلىرى ئوتتۇرا دۆلەتنىڭ رايونلىرىدىن بۇلاپ كەتكەن خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي سانى يۈز مىڭ كىشىدىن كەم ئەمەس، باشقا مىللەتلەر، مەسىلەن، دىڭلىڭ، شەرقىي خۇ، ياۋچى، ۋۇسۇن، ئۇيسۇن قاتارلىقلاردىن بۇلاپ كېتىلگەن ئاھالە بۇنىڭ سىرتىدا (مىللەتلەر نەشرىياتى 1986- يىلى نەشر قىلغان مېنىڭ تەرجىمە قىلغان ئەسىرىم «ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» نىڭ 3-8 - بەتلىرىگە، جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1983- يىلى نەشر قىلغان مېنىڭ تاللىشىمدىكى «ھونلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار» نىڭ 333 - 308- بەتلىرىگە قارالسۇن). يەنە «ئۈچ بەگلىك ھەققىدە، ۋېي بەگلىكى» 30- جىلد «ئۇخۇەن، شيەنبى ۋە شەرقىي يىلار ھەققىدە قىسسە» دە فېي سۇڭ ئىززاتى بېرىپ ئە-

قۇل ئالغان «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا مۇنداق خاتىرىلەر بار: شەرقىي خەن خاندانلىقىنىڭ جيەنۋۇ يىللىرى (تەخمىنەن مىلادى 48- يىلى)، نەچچە تۈمەن ئۆيلۈك «ۋۇخۇەن» (خۇن تىلىدا قۇل - دېمەك «ۋۇخۇەن» دەپ ئاتىلىدۇ «ۋۇزى» دېگىنى مال - مۈلۈك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) بار ئىدى. ئۇلار خۇنلار جەنۇب ۋە شىمال ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ ئاجىزلاپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى ئەتراپلىرىغا قېچىپ كېلىپ، يەنىلا «سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان» كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن. بۇ قۇللار قېچىپ كېتىش چارىسى ئارقىلىق خۇن قۇلدارلار سىنىپىنىڭ قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، خۇن قۇلدارلىرىنىڭ سىنىپىي زۇلۇمى ۋە ماللىي زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش قىلغان. قېچىپ كەتكەن بۇ قۇللارنىڭ ئىرقى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرتلۇقلار، دىڭلىڭلار بار، چياڭلارمۇ بار. قېچىپ كەتكەن بۇ قۇللار ھەر مىللەتتىن بولۇپ، جەمئىي سانى نەچچە تۈمەن ئۆيلۈككە يېتىدۇ، ھەر بىر ئۆيلۈكنى بەش جان ھېسابلىغاندا، ئادەم سانىمۇ نەچچە يۈزمىڭغا يېتىدۇ. بۇ پاكىتنى يەنى خۇنلار جەمئىيىتىدە بۇلاپ كېلىنگەن ھەر مىللەتتىن بولغان نەچچە يۈزمىڭ قۇلنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى يوققا چىقارغىلى بولامدۇ؟ ئەگەر خۇنلار جەمئىيىتى فېئوداللىق جەمئىيەت بولغان بولسا، قۇللارنى ئازاد قىلىۋېتىش كېرەك ئىدىغۇ! ئۇنىڭ ئەكسىچە، نېمە ئۈچۈن ھەدېسە ئۈركۈتۈلگەن ئاھالىلارنى بۇلاپ كېلىپ قۇل قىلىۋالىدۇ؟

ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق ئۇيۇشمىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش جەريانىدا، «قوشنىلىرىنىڭ بايلىقى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى قوزغىغان ... ئۇلار ياۋايىلار، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇلاڭچىلىق قىلىش ئىجادىي ئەمگەككە قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان ھەتتا تېخىمۇ شەرەپلىك ئىش ... ھازىرقى كۈندە ئۇرۇش قىلىش بولسا نوقۇل بۇلاڭچىلىق ئۈچۈن، ئۇرۇش دائىملىق كەسىپ بولۇپ قالغان.» («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 17 توم 163- بەت، خەلق نەشرىياتى 1973- يىل نەشرى). شۇڭا «تارىخىي خاتىرىلەر. خۇنلار تەزكىرىسى» دە: «خۇنلار ئۇرۇشنى ئۆزىنىڭ كەسپى قىلىۋالغان» دېيىلگەن. يەنە: «بۇلاڭچىلىق ۋە باسقۇنلارغا تاجاۋۇز قىلىشنى كەسىپ قىلىۋېلىش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىن بولغان» (يەنى شۇ چاغدىكى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان خۇنلار قوشنىلارغا باستۇرۇپ كىرىش، بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى قىلىشنى كەسىپ قىلىۋالغان) دېيىلگەن.

«خۇنلار» نىڭ ئاپتورى خۇن قۇلدارلىرىنىڭ خەن سۇلالىسىگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇشىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى ۋە بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىن ھەرگىزلا ھالدا ئۆزىنى قاچۇرغانلىقتىن، كېيىنكى جايلاردا خەن خاندانلىقىنىڭ خانى ۋۇدىنىڭ خۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە خاراكتېرىگە ۋە ئادالەتلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنى ۋۇدىنىڭ خۇنلارغا قىلغان تاجاۋۇزى دەپ قارىغان («خۇنلار» نىڭ 47- بېتىگە قاراڭ).

جۇڭگو تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش-لارنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە باھا بېرىشتە، تۆۋەندىكى ئۈچ ئۆل-چەمنى ئاساس قىلىش كېرەك:

بىرىنچى ئۆلچەم ـ ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قو-يۇلغان، ئۇرۇشنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە باھا بېرىشتە، ئۇرۇشنى كىم ئالدىدا قوزغىغانلىقىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئۇرۇشنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىگە قا-راش، ئۇ ئۇرۇشنىڭ قانداق سىياسەتنىڭ داۋامى (سىرتقا قارىتا بۇلاڭچىلىق سىياس-ىتىنىڭ داۋامى ياكى مۇداپىئە سىياسىتىنىڭ داۋامى) ئىكەنلىكىگە قاراش لازىم. ھۇن-لارنىڭ ھەن سۇلالىسىگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇشى قۇلدارلار سىنىپى قۇل بۇلاش ۋە ياۋلىق بۇلاشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش بولۇپ، ئۇ بۇلاڭچىلىق سىياسىتىنىڭ داۋامى.

ئىككىنچى ئۆلچەم — ئۇرۇش قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ قايسىسى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان (ياكى تەرەققىياتىغا بولىدىغان توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلىغان)، قايسىسى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولغانلىقىغا قاراش كېرەك. قۇلدارلار سىنىپىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا، ھۇن چەۋەندازلىرى ھەنزۇلار ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئۈزلۈكسىز بېسىپ كىرىپ، ئەمگەكچىلەر ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن، مال - ماراكلىرىنى بۇلىغان، زىرائەتلەرنى دەپسەندە قىلغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىدىكى فېئوداللىق ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىپ، جۇڭگو تارىخىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا توسقۇن-لۇق قىلغان. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ بۇلاپ ئالغان ھەنزۇ ئاھالىسىنى قۇل قىلىپ ئېلىپ كېتىپ قۇل قىلىشى — تارىخنى چېكىندۈرۈش ئىدى. ھەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قايتۇرما زەربە بېرىشى، مەيلى ھېگۈبىڭنىڭ خېشىدىكى ئۇرۇشى، ۋېي چىڭنىڭ دەرياسى-نىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇشى، ھېگۈبىڭنىڭ شىمالدىكى ئۇرۇشى بولسۇن ياكى مىلادىيىدىن ۷۲ يىل ئىلگىرى قوشۇنلار بەش يولغا بۆلۈنۈپ چىقىرىلىپ ھۇنلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك ئۇرۇش بولۇپ، ئىلگىرىلەنگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەمما ھەن ۋۇدىنىڭ ھەتتا يىراقتىكى پەرغانىگە قارىتا قوزغىغان ئۇرۇشى ئۈچۈن يېراقتىكى پەرغانىگە زور قوشۇن ئەۋەتىشى — بۇ بىر ئادالەتسىز ئۇرۇش ئىدى.

ئەمەلىيەتتە ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارمۇ شۇنداق. مەسىلەن، مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تۇپ-بۇت سۇلالىسىنى قورقۇتقان ھەم تەدرىجىي ماڭغا دېڭىزدا ئاتلانغان سىياسەتلىرىنىڭ ئۆزى (جۇرب-ان) ئۇلار ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئۇيغۇرلارنى قايتۇرما زەربە بېرىشىمۇ ئادالەتلىكتۇر. لېكىن ۋېيشى خۇ 10 يەگىلىكى دەۋرىدە قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ جاۋزە ھاكىمىيىتىدىكى ھەربىي ئاقسۆڭەك ئېرۋانىڭ ئىگىلىرى - كېيىن بولۇپ كەلگەن قىسىم زور قوشۇن چە-قىرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشكەندى. دى، جيالا، جىبى،

ھەنزۇ قاتارلىق ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى تۈرلۈك كۈچلەر بىلەن
باستۇرۇش — بۇ بىر خىل ئادالەتسىز ھەربىي ھەرىكەتتۇر.

1931- يىلى لېنىنگرادتا نەشر قىلىنغان سوۋېت ئالىمى ئا. ن. بېرنشتېيىن يازغان «ھونلار تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات» دېگەن كىتابتا، ھونلارنىڭ قەدىمكى دۆلەتلىرى، ئەسلەن جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئارال دېڭىز بويلىرىدىكى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى قەدىمكى دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلغان تاجاۋۇزى، كۆچمەن تارىخىي جەھەتتە ئىلغارلىق خاراكتېرگە ئىگە، دەپ قارىغان. بۇ پەقەت مەسىلە سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئىددىيەلىك تەنقىدىگە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مەشھۇر تارىخشۇناس ك. ئا. راقكوۋ 1952- يىلى «سوۋېت قەدىمىياتى ۋە تارىخ مەسىلىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 4- سانىدا «بېرنشتېيىننىڭ ‹ھونلار تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات›، نا ماقالە ئەسەرلىرىنىڭ خاتالىقى» ئېلان قىلىپ، قاتتىق رەددىيە بەرگەن. ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ھونلارنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭگوغا نىسبەتەن ئىلغارلىق رول ئوينىيالمايدۇ، چۈنكى ھونلار جۇڭگودا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، جۇڭگو ئۇزاقتىن بۇيان ئىدارىسى يۈكسەك فېئودالىق مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەلگەن دەۋرىنى كەچۈرگەن. ئەگەر ھونلارنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئاچار ئەسىردىلا ئىپادىلەنگەن. ھونلار ئۆزىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغان، جۇڭگونىڭ ئىگىلىكىگە غايەت زور زىيان كەلتۈرگەن. ئېكىنزارلىقلارنى دەپسەندە قىلغان شەھەر ۋە يېزىلارغا ئوت قويغان، خەلقنى قىرغىن قىلغان ھەم ئامماللىرىنى بۇلاپ تالان قىلغان. جۇڭگونىڭ ئەمگەكچى ئەجدادلىرى ئىچىدىن باشلاپ ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىشتىن توختىمىغان ھەرگىز ئادەمىي ئىدى.»

راقكوۋ يەنە مۇنداق دېگەن:

«ھونلارنىڭ ئىراققا يۈرۈش قىلىشى، ياۋروپا ئىچىگە ۋە ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن سلاۋيانلارنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئېغىر كېچىكتۈرۈپ ۋەيران قىلدى. سلاۋيانلارنى ھونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سلاۋيانلار ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئىلمىي يۇقىرى سەۋىيىسىدە تۇراتتى. ھونلارنىڭ كۈچەيگەن چارۋىچىلىق ماللىق دۆلىتى مەدەنىيەت قاراقچىسى ئىدى، فېئودالىق مۇناسىۋەتنى ۋە دۆلەت بەرپا قىلالمىغانىدى. ئۇنداق ئەمەس، ھونلارنىڭ تاجاۋۇزى ئىسيان كۆرۈشى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىدە تۇرۇۋاتقان ياۋروپا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا توسقۇن بولغان.»

ئۈچىنچى ئۇلىمىز — ئۇرۇش ۋە تىنچلىق پىرىنسىپى. خەلقلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقنى پاكىتقا ئاساسلىنىپ ئېنىق ئايرىپ، ھەر قايسى تارىختىكى ئۇرۇشلارنىڭ ئادىل ياكى ناھەق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك. شۇڭا بىز بۈگۈن سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى بىلەن يايلاقلاردىكى شىمال ھالقىلىرىنىڭ ۋە غەربىي شىمالدىكى خانلىقلىرىنىڭ تويغىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ ئادالەتلىك ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. بايان قىلىپ ئۆتكەن تارىخىي شارائىتلاردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىكنى بۇزۇش (جۇڭگونىڭ بىرلىكنى بۇزۇش) ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئادالەتسىز ئۇ-

رۇشەنگە قارشى تۇرسىمىز، بىز (موڭغۇلنى كىشىلەر) پادىشاھ كاڭشىغا باھا بېرىشىمىز، ئاسانلىقى شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەمىزكى، ئۇ «ئۈچ تۇپىلاڭچى»نى تىنجىتىپ، تەيۋەندىكى جېڭ جى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىۋېتىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغان ھەمدە تەيۋەنگە ئەمەلدار قويۇپ قوشۇن ئەۋەتىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىغان، غەربىي موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار قەبىلە ئاقساقىلى غالداننىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋە شىمالىي قاتارلىق جايلارغا قىلغان تاجاۋۇزىنى چېكىندۈرگەن، زاڭزۇ يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرىنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش ئۈچۈن قىلغان توپىلىڭىنى تارمار قىلغان ھەمدە چار روسىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىنى مۇستەھكەملىنىش ۋە گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ئۇرۇشنىڭ ئادالەتلىكى ياكى ئادالەتسىزلىكى — چوڭ ھەق چوڭ ناھەق مەسىلىسى، ھەق - ناھەق ئېنىق ئايرىلسا، تارىختىكى شەخسلەردىن كىملەرنىڭ مىللىي قەھرىمان دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقى، كىملەرنىڭ مىللىي خائىن (مىللىي مۇناپىق) ئىكەنلىكى، كىملەرنىڭ مىللىي ۋىجدانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى بارلىققا كېلىدۇ - دە، ھەركىم ئۆز پىكرىدە تۇرۇۋېلىپ، مۇنازىرىلىشىۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

## (3) «ھونلار» دېگەن كىتابتا ھونلارنىڭ تارىخىي رولى كۆپتۈرۈلگەن

«ھونلار»نىڭ ئاپتورى ھونلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى، تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ھونلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان («ھونلار»نىڭ 1- ۋە 6- بەتلىرىگە، «ئۇيغۇرلار»نىڭ 9- بېتىگە قارالسۇن). شۇڭا ھونلارغا بەكمۇ ئامراقلىق بىلدۈرۈپ كېتىپ، ھونلارنىڭ تارىختىكى رولىنى قالايمىقان ھالدا كۆپتۈرۈپ مۇبالىغە قىلغان، ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى:

بىرىنچى، ھونلارنىڭ نامى ئوتتۇرىغا چىققان ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇرغان ۋاقتىنى ئىمكان قەدەر ئالغىرى سۈرگەن. «ھونلار» دا، مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇنلا ھونلارنىڭ دۆلىتى بولغان» دېيىلگەن (8- بەتكە قارالسۇن).

«ھونلار تەخمىنەن مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ (ھازىرقى كۈندىن 3500 يىل بۇرۇن) مىلادى 4- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 2000 يىللىق ئۇزۇن ئىچىگە ئالغان ئاجايىپ ئۇزۇن مەزگىلدە، ئاسىيا ۋە ياۋروپادا تارىخ سەھنىسىدە ئىنسانىيەت ئەۋلادىنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان ئاجايىپ چوڭ تارىخىي رول ئوينىدى.» («ئۇيغۇرلار» 89- بەت)

«ھونلار»نىڭ 184- بېتىدە، «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن ھونلارنىڭ رىۋايەتتىكى بوۋىسى «چۇنۋېي»نى مىلادىدىن 1764 يىل ئالغىرى ياشىغان ئادەم دېۋالغان. ئاپتور بۇ ماتېرىيالنى «موڭغۇل تارىخى تەتقىق

قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار» چەنزۇچە نەشرى (1981- يىل 7- ئايدا نەشر قىلىنغان) 19- توملىق 10- بەتتىن ئالغانلىقىنى ئىزھار قىلغان. «ئىچكى موڭغۇل داشۆسىنىڭ موڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار بولسا، ئىچكى موڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئورنىدىن چىقىرىلىدىغان ئىچكى ژۇرنال بولۇپ (سېتىلمايدۇ ۋە ئوچۇق تارقىتىلمايدۇ). مەملىكەت سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان موڭغۇل تارىخىغا ۋە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى باشقا مىللەت تارىخىغا دائىر ماقالە ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. بۇ ژۇرنال پايدىلىنىش خاراكتېرىدىكى ئىچكى ژۇرنال بولغانلىقتىن، ئەسلى ئەسەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى مەيلى توغرا بولسۇن، بولمىسۇن، ھەممىسى تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. «ھونلار» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» نىڭ 10- تومىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ل. ن. گۇمىلېۋ يازغان «ھونلار» دېگەن كىتاب (1960- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شەرق يازما يادىكارلىقلار نەشرىياتى نەشر قىلغان) نىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسى ئىدى. گۇمىلېۋ «ھونلار» دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىدا مۇنداق دېگەن:

«شيا سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قەدىمكى كىتابلاردا ئېيتىلگەن ئاخىرقى پادىشاھ جېۋاڭ — جيەگۈينىڭ ئوغلى چۇنۋېي پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پۇقرالىرىنى ئېلىپ شىمالدىكى كەڭ يايلاقتا قېچىپ بارغان. جۇڭگونىڭ تارىخىي رىۋايەتلىرىدە چۇنۋېي ھونلارنىڭ ئىپتىدائىي بوۋىسى دېيىلىدۇ. بۇ رىۋايەت بويىچە، قارىغاندا، ھونلار خۇاشيا كۆچمەنلىرى بىلەن يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئارىلاشما نەسىللىرى بولۇشى كېرەك.»

ئىككىنچى بابىدا ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

«جۇڭگو مەنبەلىرىدە ھونلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 1764- يىلى تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان» (چۇنۋېي مىلادىدىن 1764 يىل بۇرۇن ياشىغان، دېگەن مەنىسى).

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ياشىغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قانداقسىگە ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى سوئاللارغا كەلسەك، بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونى مىلادى 7-ئەسىردىن بۇيان شىمالىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە چۈشۈپ تۇرغان، بولۇپمۇ بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى ياكى كۆپ قىسمى 8-ئەسىردىن 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ، كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان، ئاساسلىق يادىكا جايلىرىدىكى توختىماي تۈركلەشتۈرۈش جەريانىدا بولغان، ھەتتا بىر قىسىم تۈركلەر، ئۇيغۇرلار شىمالدىن غەربكە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشقان، دېمەك ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، غەربىي ئاسىيادا ھاكىمىيەت قۇرغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ رايونلىرى بولسا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ (جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىنىڭ) تۈركلىشىشى، ئۇيغۇرلىشىش جەريانى زور دەرىجىدە تېزلەشكەن. ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات («ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ «بىز ئۇيغۇرلاشقان دېگەندەك ئەمەس») ئەسلىدە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئەسلىدىكى يەرلىك مىللەتلەر ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ، سىڭىشىپ، يېڭى مىلادىيە دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن ئاستا-ئاستا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن

① ھەتتاكى ئىلىدىكى [illegible] ئانتروپولوگىيىلىك [illegible] دەسلەپكى تەتقىقات (ھەمىدۇللا [illegible]) [illegible] 1981 - يىللىق [illegible]

كىتابنىڭ ئاپتورى تىزىۋالغان تەزەرىيەۋى ئاساسلارنىڭ ھېچقايسىسى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 6000 يىللار بۇرۇن كەڭ مەيداندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پەيدا بولغان دېگەننى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق خاتالىقى شۇكى، ئۇ قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەتتا تۈركىي تىللىق بولمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كېلىپ چىققان ۋاقتى ۋە جايلىرىنى بەتامام ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىققان ۋاقتى، كېلىپ چىققان جايى دېگەن. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ چىقارغان يەكۈنىنىڭ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن بولمايدىغانلىقى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى تەبىئىي.

ئۇيغۇرلار قايسى زاماندا، قەيەردە پەيدا بولغان دېگەن مەسىلە، مېنىڭچە، مۇرەككەپ مەسىلە. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ قايسى زاماندا، قەيەردە پەيدا بولغان دېگەندە، ئاساسەن شۇ مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى ئەڭ بۇرۇن ماكانلاشقان جاي ۋە ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەرگىز شۇ مىللەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مىللەت ياكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولغان، قوشۇلۇپ كەتكەن مىللەت پەيدا بولغان جاي ۋە ۋاقىتنى شۇ مىللەت پەيدا بولغان جاي ۋە ۋاقىت قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىدىكەن، بىر مىللەتنىڭ چىققان يېرىنى چەكسىز كېڭەيتىشكە، كېلىپ چىققان ۋاقتىنى چەكسىز ئالدىغا سۈرۈشكە يول قويغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق تەتقىق قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىققان يېرى ۋە ۋاقتى توغرىسىدىكى مۇنازىرىگە ھەقىقىي جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەل قىلىش لازىم.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھونلارمۇ؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىچىدىن، ئۆزى تارىخىي چۈشەنچىسىگە بىر قەدەر ئۇيغۇن دەپ ھېسابلىغان رىۋايەتنى، يەنى قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇز نامە» نى ئالغان. ھازىرقى ساقلىنىۋاتقان «ئوغۇزنامە»نىڭ دەسلەپكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، يېزىلغان، XIV ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيە تارىخچىسى راشىدى يازغان «جامىئۇتتەۋارىخ» XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق تارىخچى ئەبۇلغازى يازغان «شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق كىتابلاردا ئوغۇزخانغا دائىر رىۋايەتلەر بار. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەت ئەمەلىيەتتە X ئەسىردە شەكىللەنگەن، كېيىن يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن پىشىقلاپ ئىشلەنگەن، دەپ قارايدۇ. XIV ئەسىردە راشىدى «جامىئۇتتەۋارىخ» نى يازغاندا، ئۇنىڭغا يەنە

تۇرغۇن ئىسلام دىنىغا دائىر مەزمۇنلارنى قوشقان ①، ئوغۇزخان ھەققىدىكى
رىۋايەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق داستانى. ②
ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ قەھرىمانلىق داستان خاراكتېرى ئۆزىدىكى
بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك: «ئوغۇزنامە»دىن ئىبارەت بۇ دەسلەپكى تەجداد
قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى مەلۇم بىر كونكرېت تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازى دەپ
مۇقىملاشتۇرغاندىن كۆرە، ئۇنى تۈركلەرنىڭ ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي
دەۋردىكى ئۇزۇن خەلقنىڭ بىر قاتار ياكى بىر نەچچە قېتىم قەھرىمانلارچە
قىلىپ بارغان شانلىق كۈرەش جەريانىنىڭ مۇجەسسەملەشتۈرۈلگىنى دەپ قاراش،
تارىخىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ ③. ۋەھالەنكى، «ئوغۇزنامە» دېگەن
كىتابنىڭ ئاپتورى ئوغۇزخاننى موڭغۇللارنىڭ باتۇر ئەجدادى دېيىش ئارقىلىق،
موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار، قىپچاق مەنبەداش ياكى موڭغۇل، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل دەسلەپكى
ئەجدادى دېگەن پىكىرنى چىقارغان، شۇڭلاشقا، بۇ پىكىرنى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.
«ئوغۇزنامە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە موڭغۇللارنى دىڭلىنلار، قىرغىز
ھاۋۇقلار، ئېيلار (ئاپتور بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «شەرقىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتى-
غان) غا ئوخشاشلا بىرنى تۇتۇم قاتىغان دەيدۇ. ئۇ يۇقىرىدا 1972 - يىلى ئېچىلىكى
مۇقىملىدىكى ئاروست رايونىدىن بىر ئالتۇن تاج تېپىلغانلىقى، تاجنىڭ ئۈستىگە
قونغۇزلىغان ئالتۇندىن ياسالغان بىر قارچىغىنىڭ ئالتۇن تاجنىڭ چەكلىكىدىكى
شەكلى، جۈپ بۈرىنىڭ تۆتكى ئىككىنى چىشلىۋالغانلىقىدا تىكلىپ قاراۋاتقانلىقىنى،
بۇ، موڭغۇللارنىڭ بۆرىنى باھايىتى ئەدۇلايدىغانلىقى ۋە ئۇنى توتېم قىلغانلىقى
ۋەشەلدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى
بىلەن تەتقىقاتچىلار ئاساسلانغاندا، ئاروست رايونىدىن تېپىلغان بۇ ئالتۇن تاج ۋە
يادىكار - ئەشيالار تەخمىنەن يەتتىلىك دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 403 -
يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلىغىچە) گە مەنسۇپ ھۇن قەبرىستانلىقىدىكى
مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىكەن. ④ ( ) لېكىن ئالتۇن تاجدىكى ۋەسلەرگە ئاساس-
لانغاندا، موڭغۇللار بۆرىگە قارىغاندا قارچىغىنى تېخىمۇ بەك ئەتىۋارلىغان. شۇڭا
قانداقلا بولمىسۇن، موڭغۇللار بۆرىنى توتېم قىلغان دېگەن پىكىرنىڭ چەكلىمىسى بولمايدۇ.
«ئوغۇزنامە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە «جەمئۇل تەۋارىخ» تارىخ كىتابلىرى -
كويا - بېگى، ۋەتەننامە، ئەرنىڭ ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى «ئوغۇزنامە»لارنىڭ
ئەجدادى موڭغۇللارنىڭ ئەجدادى دېگەن خاتا سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق

① [illegible]
② [illegible]
③ [illegible]
④ [illegible]

ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. ھالبۇكى،
«ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، نىڭ «ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى»
دە يەنە، ئېگىز ھارۋىلىقلار ھونلاردىن پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى
ھونلارنىڭ قىز تەرەپ جەمەتلىرى ئىكەنلىكى، ئېگىز ھارۋىلىقلار كېيىنكى تېلېلار ئىكەنلىكى،
ئۇيغۇرلار (خۇيخې، ۋېيخېلار) ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ ۋە تېلېلارنىڭ بىر قوۋمى ئىكەن-
لىكى ئېنىق ئېيتىلغان. خەنزۇچە مەنبەلەردىكى بۇ قىزىقارلىق رىۋايەتنىڭ مەلۇماتىغا قا-
رىغاندا، جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى دىڭلىڭ تېلېلار (ھەتتا ئۇيغۇرلار) ھون-
لاردىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى مەلۇماتقا ئىشەنمىگەن، ئاۋۋال ئۇلار ئىشتىنىك
مەنبەداش بولغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئېگىز ھارۋىلىقلار، تېلېلارنىڭ ئەسلى زاتى
بولغان دىڭلىڭلار خەنزۇچە مەنبەلەردە ھونلار بىلەن قارىمۇ-قارشى بىر ھالەت
دە پەقەت خاتىرىلەنمىگەن بولاتتى. ئۇلار ئارىسىدا گەرچە يېقىن مۇناسىۋەت بولغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېتنىك مەنبەسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى قەدىمكى مىللەت.
تۈرك، تۈركلەر بىلەن تېلېلار (ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ بىر قىسمى) نىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركىي
تىللىق قەدىمكى مىللەتلەر بولۇپ، ئوخشاشلا بۆرىنى توتېم قىلغان. شۇنداق ئىكەن،
ئۇلار بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن ئىككى قەدىمكى مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر ئىككىسى تىلى دېگەن بۇ ئورتاق نام ئاستىدا،
كېيىنچە ئەدەبىي ھالدا تۈركىي تىللىق ئىككى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى يادىكارلىقلار ۋە تارىخشۇناسلىقنىڭ
ماتېرىياللار، مەسىلەن: ئالتاي ياۋروپادىن تېپىلغان يېزىق دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىم-
كى جەسەت (ئاپتور ئۇنى ھون ياكى تۈرك دەپ ھېسابلايدۇ) خەن سۇلالىسىگە
مەنسۇپ ھونلارنىڭ ئۇتتۇق شاھزادىسى جىنمىدى، مىلادى 11 ئەسىردە ئەرەبنىڭ
كىتابلىرىدا «ئاق ھون» دەپ خاتىرىلەنگەن ئېفتالىتلار، ئەتراپىدىكى كىشىلەرداقىدىن
تېپىلغان ھونلارنىڭ رەسىمدىكى چىراي ئۇسلۇب قىياپەتتىكى كىشىنىڭ رەسىمى، ياۋروپادا
ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ قەبرىسىدىن چىققان ئۈچ لاي قورچاق ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇرۇ-
غۇردىن تېپىلغان ئاپاتلىق جەسەت تاتارلارنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدۇ. ئېگىز بويى،
ئىرىسى ئاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ھونلار بىلەن تۈركلەر-
نىڭ بىر ئىرقتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. ياۋروپادىن تېپىلغان جەسەت-
نىڭ ھونلارنىڭ ياكى تۈركلەرنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغىنى زادى ئۈستۈن
ئەمەس. ئەينى چاغدا ھونلار بۇ رايوندا موڭغۇل ئىرقىدىكى قانلاشقان-يوقلۇقى؟ ئارىلاش-
كۆمرانلىق قىلغان بولسا، قەدىمكى جەسەت ھونلارنىڭمۇ ياكى يەرلىك ئاھالىلەر-
نىڭمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر ئېنىق ئەمەس. تارازىرىمچە، ئەڭ چىقىرالمىغىنى يوق. ئوتتۇرا-
ياۋروپاغا ئون ئەمەس، بەلكى ھونلار بىلەن ئارىلاش ياشىغان ئۆشۈكى قويۇلغانىدى،
جەسەت بىلەن بىللە تېپىلغان ئۈچ لاي قورچاق، (بۇلاردا ھەيكەللى ئەمەس) مۇ يا-
ۋايىلىق توزى ئەمەس، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى قانداقمۇ ھونلارنىڭ جەسىتى دېگىلى
بولسۇن؟ يەنە ئالايلۇق، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب ئاپتورىنىڭ ئوتتۇرىمىزدىن ئوتتۇرا-
ياۋروپادىن قورچاقنى ۋالىپ قىلىپ ئەينىلىگەن دېگىنى خاتا، چۈنكى ئۇ چاغدا ھونلارنىڭ

ئاتالغان تۇرغان، شىمالىي ئىلاق خانلىقىمىز شىمالىي ۋېي خانلىقى تەرىپىدىن
يوقىتىلغان. كېيىن شىمالىي ئىلاق خانلىقىنىڭ ئالدۇن گېرچىلىرىدىنىڭ سەردارلىرىدىن
قۇتلۇغزوزى بىلەن قۇتلۇق كەلىمۇ دېرىزىدا ئايدىن كېچىك شىمالىي ئىلاق ھاكىمى-
يىتى قۇرغان، قۇتلۇغپاتاي قۇچىزىغ ئۆلى بولغان، ئۇنى ئۆزى ياكى ئىنىز تەيىن
لىگەن①. «ئاق ھونلار» دەپ ئاتالغان ئېفتالىتلار بىلەن ھونلارنىڭ نېمىسۇ
مۇناسىۋىتى يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىرقى ئاق بولمىغانلىقى، گىرېك تارىخچىلىرى
ئۇلارنى «ئاق ھونلار» دەپ ئاتىغان. ئەكسىچە، ئېفتال، ھونلارنىڭ ئىرقى ئاق
بولۇشى ناتايىن.

قىسقىسى، بۇنىداق پارچە-پۇرات، دەرگۇمان ماتېرىياللار ئارقىلىق ھونلار
بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئىرق تەكەللىكىنى ئىسپاتلاش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.
ھونلارنىڭ موڭغۇل ياۋلىقى تاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ناھايىتى
ئۇزۇن، ھون دۆلىتى ئۆچكەندىن كېيىن ئاھالىلارنىڭ ئىرقىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان.
يېقىندا جۇڭگو ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى يولداش ۋۇرۇي مەملىكەت ئىچى
ۋە سىرتىدىن تېپىلغان ھونلارنىڭ ئىرقىغا دائىر سۆھبەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ
تەلگىرىلەپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يۇقىرىدىكىدەك يەكۈنى چىقارغان② ھونلارنىڭ
ئايرىم ئىرق تىپىغا ئائىتلىقى يەكۈن چىقىرىلغان، پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.
بىر قەدەم چېكىنىپ ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلاردىن كېيىنكى تىللار، ئۇيغۇرلارنى بىر
ئىرققا مەنسۇپ دېگەن تەقدىردىمۇ، مۇشۇنداق ئاساسلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھونلاردىن
كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مىللەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە،
ئىرق كاتېگورىيىسى ئەمەس. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. نۇرغۇن ئانترو-
پولوگىيىلىك ماتېرىياللار پەقەت يېقىنقى ئامىلى بولالايدۇ، ئۇنى ھەل قىلغۇچ
ئامىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. ھونلارنىڭ تىل سىستېمىسى مەسىلىسى
توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى يۈزلىگەن خىلى كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان
بولسىمۇ، ھازىرغىچە بىر مەسىلىسىدە يەكۈن چىقارالمىدى. بىر قىسىم ئالىملار
ھون تىلى تۈركىي تىللارغا ياكى موڭغۇل تىلىغا مەنسۇپ دېيىشكەن، قىزىدىلا ھون-
لارنىڭ تىلى تۈركىي تىل ئائىلىسى بىلەن موڭغۇل تىلى ئائىلىسىنىڭ ئارىلاشمىسى
دېيىشكەن قاراشلار مەۋجۇت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھون تىلى تۈركىي تىل
ئائىلىسىگە مەنسۇپ دېيىشكەن ئالىملارنىڭ سانى كۆپىيەتتى③ «ئۇيغۇرلار» دېگەن
كىتابنىڭ ئاپتورى ھونلارنى تۈركىي تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەت دەپ قاراي-
دىغان، ئۇ ھەتتا: «ھونلار مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەسىردە ئۇيغۇرلا يېزىقى-ئۇرخۇن
يېزىقى (يەنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى) نى قوللانغان» دېگەن. ئۇ يۇقىرىدا ھون

① [illegible]

② [illegible]

③ [illegible]

ئەگرىتۇنارىنىڭ خەن پادىشاھلىرىغا ئەگىشىپ يازغانلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىل-
مىلىرىنىڭ تۇۋىسىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ٢ ئەسىرگە ئائىتلىق بىر ئېرىك
شاھزادىسى (؟) نىڭ قەبرىسىدىن يەنسەي-ئورخۇن يېزىقى ئويۇلغان بىر كۈمۈش
قاچا تاپقانلىقىنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدۇ①. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخې-
ئولوگىيە ئالىملىرى تۇرپىسىدىكى تۇۋا-ۋەنىڭ دوكلادىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ كۆرسەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىكى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ٢
ئەسىردە مىلادى ٧ ئەسىردە ئورخۇن دەرياسى بويىدىن تېپىلغان تۈركچە مەڭگۈ
تاشلاردىكىدەك تولۇق يېزىقى بولغان بولسا، بۇ چوقۇم دۇنيادىكى تۈركشۇناسلىق
ساھەدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان چوڭ ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى،
بىز ھازىرغىچە تۈركشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىش ھەققىدىكى ئىنكاسىنى
ئاڭلىمىدۇق. بۇ، ئۇ پاكىتنىڭ چوڭ مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھون
تەڭرىقۇتلىرىنىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا يازغان مەكتۇپلىرىنىڭ خەنزۇچىسىلا
بار. ھونلارنىڭ زادى يېزىقى بارمۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلە ھون تارىخچىلىرى تېخى
ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن مەسىلە②. ھونلار ئاساسلىقى تۈركىي تىللىق مىللەت بولغان
تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئىرقىي مەنبەداش، ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەجدادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. چۈنكى ئەينى چاغدا ھونلاردىن باشقا، دىڭ-
لىڭ، ئۇجىي (ئوغۇز)، كېڭكون (قىرغىز) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى خەلقلەرمۇ
تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىدى؛ ئاپتور دېگەندەك، ئۇجىيلارنى شەرقىي ئۇيغۇرلار
دەپ ھېسابلىغان ئىكەن، دىڭلىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك قالغان ھونلارنى يەنە نېمە دەپ
ئاتىش كېرەك؟

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يۇقىرى مالىنى (يەنى شەرقىي ئۇيغۇر-
لار) نىڭ مۇزىكا ئادەتلىرى ۋېنگرىيەنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاساس
قىلىپ، ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي مەنبەداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى
بولىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ ئاساسلىق تۇرالمايدۇ. ھونلار غەربكە يۆتكەلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا
ئارقىلىق ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغان، سەپەر ئۈستىدە ھەر قايسى جايلاردىكى مىللەت-
لەر (يەرلىكلەر) تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن، بىر-
بىرىگە قوشۇلغان بولغاچقا، ھازىرقى ۋېنگرىيە مۇزىكىسى ئادەتلىرىدە موڭغۇل
يايلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ
مۇزىكا ئادەتلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى
موڭغۇل يايلىقىدىكى بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى. ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئادەتلى-
رى بىلەن ۋېنگرىيەنىڭ مۇزىكا ئادەتلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاپ كېتىشى قانچە-
لىك ئەجەب ئەمەس. بۇ ئارقىلىق ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئىرقىي مەنبەداش
دەپ، ياكى ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇئاچەر
دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن

① «ئۇيغۇرلار» ١٥١-بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.
② لىن گەن: «ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، ١٤٧-بەت، ١٩٨٦-يىل، جۇڭخۇا كىتابچىلىق
ئىدارىسى نەشر قىلغان.

4000 يىل بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قىياتاش رەسىملىرى ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. مۇڭغۇلىيەدىكى قىياتاش رەسىملىرىنى قايسى مىللەت ئويغان، ئۇنىڭ بىلەن موڭغۇلمىدۇ؟ ئالتايدىكى تاش رەسىملىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ دېگەن بىر قاتار مەسىلىلەر تېخىچە ئايدىڭلاشمىدى. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بولسا بۇ قىياتاش رەسىملىرى ئارقىلىق «ئۇيغۇر-لارنىڭ ئەدىمكى چاغلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە داللىرى، سېلىنگا، ئورخۇن، تۇغلا ۋادىلىرى، ئوردۇس، بايقال كۆلى، جۇڭغار ئالقىمىسى، ئالتاي تاغلىرى ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان ھالدا، (ئۇلار، ھونلار، ساكلار، تۈركلەر) بىلەن ئۆزئارا تۈرلۈك مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. ①
ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى) دىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قىياتاش رەسىملىرىدىكى بۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىك ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەدىمكى مىللەتلەرنى بىر قىبىلە ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئورتاق مىللىي مەدەنىيەت دەپ ھۆكۈملەشتۈرۈش، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئاددىيلاش-تۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارامدۇ؟

ئىككىنچى، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادى ياكى ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەداشى دېگەن دوكلادلىرى يېزىپ تىرىپ تۇرالىمايدۇ. لېكىن ھونلار غەربىي يۇرتقا مۇڭكۈرۈلۈپ قالغان ھەمدە مىلادىيە I ئەسىردە شىمالىي ھونلار غەربكە كۆچۈۋاتقاندا بۇ كۆرۈنۈش شىنجاڭ رايونىدىن ئۆتكەندە، 200 مىڭدىن كۆپرەكى قورۇق-تاغ ئىز كىشى قېپقالغان. 2 ئەسىردە ئۇلار ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدا «يۇيبان» دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات يوق ② بەزى ئالىملار يۇيبانلارنى ئۇيغۇرلار بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ. ③ ئالىمۇرى-كېيىن بولۇپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئاتارلىق جايلاردا قېپقالغان ھونلار باشقا ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت ياشاش جەريانىدا، بارلىق مىللەتلەرگە تەدرىجىي قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ يەرلىك مىللەتلەر كېيىن يەنە ئۇيغۇرلارغا ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەلەرنىڭ بىرى بولغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھونلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاسىتىلىك، يىراق ئوتتۇرىدا تۇرىۋاتقان ئېتنىك مەنبەسى.

## 3. ساكلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئېتنىك مەنبەداشمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىمۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

ئەدىمكى گرېك-رىم تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى ۋە ئارخېئولوگىيەنىڭ ماتېرىياللار

① «ئۇيغۇرلار»، [illegible] - بەت.

② [illegible]

③ [illegible]

مىلادىدىن 2-1 مىڭ يىل بۇرۇن (تەخمىنەن بىرونزا قورال دەۋرى) كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ساكلار (پاكى-سېكتىيانلار، سىنبىلار، سېكىتلار، ساكالار) دەپ ئاتالغان مىللەت ياشىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئالايلۇق، مىلادىدىن بۇرۇنقى 500 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پېرسىيەدىكى ئارخېمېنىدى سۇلالىسىنىڭ خانى دارا ئويدۇرغان مەشھۇر «بېھىستۇن ئابىدىسى» دە، ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى نامى ئېلىنغان ①. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن ساكلارنىڭ نۇرغۇن قەبرىلىرى قېزىلىپ، كىشىلەرنى ساكلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى خېلى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ساكلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەرقتە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغىچە تارقالغان. پامىرنىڭ ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى خەنزۇچە تارىخ كىتابلار (ئالايلۇق، «خەننامە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «جاڭچيەن، لى گۋاڭلى تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار)دا ۋە تيانشاننىڭ ئالغۇي جىلغىسى، ئىلىدىكى موڭغۇلكۈرە، تالقىدىكى ئۇزاتپاي قەدىمكى مىس كان ئىزى، ساكلارنىڭ ئاتىيابا قەبرىستانلىقى، لوپنۇر رايونى قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشكە ئاساسەن، يۇقىرىقى جايلاردىكى خارابە ئىزلىرى بار جايلارنى قەدىمكى زاماندا ساكلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار دەپ ھېسابلىدى ②.

ھازىر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ساكلارنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە ئىرقى توغرىسىدا خېلى بىردەك يەكۈنگە يەنى، ساكلار ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان شەرقىي ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ دېگەن يەكۈنگە كەلدى. ھالبۇكى، «تۈركلەر» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بولسا، ساكلار تۈرك قوۋملارنىڭ ئەجدادى ياكى ساكلار بىلەن تۈركلەر ئىنتايىن يېقىن قېرىنداش دەپ كېسىپ ئېيتقان. كۆپنىڭ بىزگە ئاساسىي «تۇران ۋە تۈرك رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلغان ئەفراسىياپ مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇ ساكلارنىڭ مەشھۇر قاغانى، دېگەندىن ئىبارەت ③. ئەفراسىياپ ئىران رىۋايەتلىرىدىكى شەخس بولۇپ، ئاتەشپەرەسلىكنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا ۋە پارس شائىرى فىردەۋسى يازغان «شاھنامە» دە ئەفراسىياپ ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. «ئاۋېستا» دا ئەفراسىياپ ئىران رىۋايەتلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى ھۇشەڭنىڭ (?) 7 - ئەۋلادى فرەيدۇننىڭ 2 - ئوغلى تۇرنىڭ قوۋمىدىن تۇغۇلغان دېيىلىدۇ. تۇرالار كېيىن تۇرانلار دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئەجدادلىرى. تۇرالار ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئىرانلىقلار ئەۋلادى - ئەۋلاد ئۇلارغا ئاداۋەت سېلىپ، ئۇلار بىلەن

① ئاسىيادىكى خەنزۇچە تەرجىمىسى [illegible] ماتېرىياللار [illegible]
قەدىمكى زامان تارىخى [illegible] 1973 - يىلى [illegible]

② [illegible] ساكلارنىڭ [illegible]
[illegible]
[illegible]

③ «تۈركلەر»، [illegible] - بەت.

ئۆزلۈكسىز ئۇرۇش قىلغان. كېيىن ئەفراسىياپ (تۇرالارنىڭ ئەۋلادى) ئارلىق تۇرانلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئەجدادلىرى تۇرالار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز قېرىنداشلىرىدىن كېلىپ چىققان ئىرانلىقلارغا ھۇجۇم قىلغان. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى تۈرك قوۋملىرىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى خاراكتېرلىك رىۋايەتلىرىدىكى شەخس — ئەفراسىياپنىڭ ھەققىي تارىخىي شەخس بولغان «شاھنامە» تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئۇزۇن خاراكتېرلىك قايتا ياراتقان جەريانى بۇ جەريان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى قوۋملارنىڭ VI ئەسىردىن كېيىنكى تەدرىجىي تۈركلىشىش جەريانى بىلەن بىردەك. خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى دېگىنىدەك: «ئەفراسىياپنىڭ قەدىمكى ئىران ئەپسانىلىرى ۋە داستانلىرىدىكى مەلۇم شەخستىن تۈركلەرنىڭ داستانىدا مۇستەھكەملەنگەن قەھرىمان شەخسكە ئۆزگىرىشى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانلىقلار (كېيىنرەك تۈركلەر) نىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلاشقان ئىران دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىپ بويسۇندۇرۇش تارىخىدىكى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بەردى». ① شۇڭا مىلادى I — II — X ئەسىرلەردىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى يازغان ئەسەرلەردىكى قەھرىمان شەخس ئەفراسىياپ تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئاتىلىپ، ئۇنىڭ تارىخىغا چوڭقۇر قايغۇ ۋە ماتەم بىلدۈرۈلگەن. مانا بۇ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (بۇ كىتاب XI ئەسىرنىڭ 70 — يىللىرىدا يېزىلغان) دىن نەقىل ئالغان ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى مەرسىيەنىڭ مەنبەسى.

«قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھەتتا ئىران ۋە تۈرك رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان شەخس ئەفراسىياپنى ۋاستىلىق ئۆزىنىڭ كىشى دەپ ھېسابلىغان. يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخ» تا خاتىرىلەنگەن ماساگېتلار (ساكلارنىڭ بىر قىسمى) نىڭ ئىراندىكى ئەھمانلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كەيكاۋۇسقا قارشى ئۇرۇش قىلغان مەشھۇر ئاياللىق ئىتتىپاقى ئۇنىڭ ئەفراسىياپنىڭ ئەۋرىسى، ساكلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ماساگېتلارنى تۇرپانلارنىڭ ئەجدادى ۋە قېرىندىشى، ساكلار كېيىن ئىرانلىقلارغا ئۆزگىرىپ كەتكەن دېمەكتۇر.② بۇلار رىۋايەتتىكى ئەفراسىياپنىڭ ئۈستىدىن ئىبارەت قەھرىمان شەخسنى خاتىرىلەپ، ئۇ بالىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكىنى تەكىتلەپ، بىرلىكتە ئۇيغۇر ئىرانلىقلار مۇناسىۋىتىنىڭ ۋە خاتىرىلەنگەن ئاپتورنىڭ بىز بىلمىگەن ئېيتقان «ئوغۇزنامە» داستانىغا بولغان ۋە خاتىرىلەنگەن بۇ ئاپتورنىڭ ئاتالغۇنى قايتا تەكرارلىغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاپتوردىن 700 يىل بۇرۇنلا پارس تارىخچىسى جۇۋەينى «تارىخى جاھان گۇشاي» (دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى) دا، ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەفراسىياپنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ رىۋايەت قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە يازغان (بۇ كە-

① بۇ قېتىم ئارىستوف ... «... داستانلىرىدىكى تارىخىي ... » دېگەن ماقالىسىدە قارالسۇن.

② «قۇتادغۇبىلىك» ... بەت.

خان رىۋايىتى توغرىسىدا كېيىن توختىلىمىز) پاكى قارا خانىلىق سۇلالىسىنىڭ خان
جەمەتىنىڭ ئەجدادى دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن①. مۇشۇنداق سې-
لىشتۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى چىنلىقمۇ؟ روشەنكى، ئەۋلادتىن ئەۋ-
لادقا تارقىلىپ كېلىۋاتقان داستانلاردىكى شەخسلەرنى مەلۇم بىر كونكرېت تارىخىي
شەخسكە سېلىشتۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كۆپ ھاللاردا مەغلۇپ بولىدۇ.

ساكلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىنىڭ مەنبەداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن،
«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە جەرۇچچە تارىخنامە ۋەقەلىرى ئىسداۋە قى-
لىش ئۈزرە كەلدى: «21- جىلد تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 2- يىلى (714- يىلى)
دىكى خاتىرىدىن نەقىل ئالغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: شەرقىي تۈرك قاغانى
قاپاغان قاغان ئوغلى «تونگا تېكىن» قاتارلىقلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق شەھە-
رىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. كېيىن تونگا تېكىن ئۆلتۈرۈلگەن. «تۈركلەر قوشۇنى-
نىڭ ھەربىي ئاشلىقىغا تونگا تېكىننى ئىگىشىشنى تەكلىپ قىلغان. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆل-
گەنلىكىنى ئاڭلاپ يىغلىشىپ كەتكەن»، «تونگا تېكىن» بىلەن تۈرك رىۋايەتلىرىدىكى
قەھرىمان شەخس ئەفراسىياب (ئاپتور ئۇنى ئالپ ئارتۇڭا دەپ ھېسابلايدۇ) نىڭ
ئىسمى ئوخشاش كەلگەچكە، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېگەن:
«تۈركلەر شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى تونگا تېكىن ئۆلگەن كۈنى ئۇنى خاتىرىلەپ
مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان بولغان. بۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى ئالپ ئەر-
تۇڭانىڭ نامى قويۇلغان تونگا تېكىننى خاتىرىلەش ئارقىلىق، ئالپ ئەرتۇڭانى خا-
تىرىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ»②. بۇ ئاپتور زورمۇزور تېڭىپ چىققان سۆز بولۇپ،
ھېچقانداق تارىخ مەنبەلىرىدە، ياكى رىۋايەتلەردە تۈركلەرنىڭ ھەر يىلى مۇراسىم
ئۆتكۈزۈپ تونگا تېكىننى خاتىرىلىگەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان، ئۇنى ئاپتور توقۇپ
چىققان.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە ساكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە
ئۆرپ - ئادىتى ھونلار بىلەن، تۈركلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تەۋسىپ قىلىپ
كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەر، ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ئۇلار
ئۇيغۇرلار بىلەن ئىرقىنىڭ مەنبەداش دەپ ھېسابلىغان. گرېك، رىم تارىخچىلىرىنىڭ
مەلۇماتلىرىغا ۋە جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ساكلار،
ھونلار ۋە تۈرك قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مىللەت-
لەر. ئىران قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقى بىلەن موڭغۇل
يايلىقىنىڭ ئارىلىقىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر، ئۆز ئارا مەدەنىيەت
ئالماشتۇرغان، مۇنداقلا ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان (چۈنكى
ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى) ئۇلار ئېتىقاد جەھەتتە، تەبىئەت
بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىقتىدارسىز ئەھۋالدا كۈنگە، ئايغا، تاغ - دەريالارغا چوق-
قۇنغان، يىرتقۇچلارغا تەقلىد قىلغان، دۈشمەننىڭ كېسىلگەن كاللىسىنى سۆڭەكتىن ياسال-

① [illegible]
② «ئۇيغۇرلار» [illegible]

خان شاراپ ناچىسنى تەۋرۈك قىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى گويدە ئالىملار «شىمالىي شامان دىنى» دەپ ئاتىغان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدۇر. ھونلار، ساكلار ۋە تۈرك قوۋملىرىلا ئەمەس، (موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدىكى سيانپە)، تۇڭغان، جۇرجان قاتارلىق قوۋملارمۇ ئەشۇنداق قىلغان. ئات ئۆلسىمۇ گويا تېرىش، تىرىلدىن تىكلىگەن كىيىم-لەرنى كىيىش، گۆشىنى ئۇرۇق قىلىش، ئاتىسى ئۆلسە ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قى-لىش، ئاكىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئىنىسى ئېلىش قاتارلىق ئۆرپ-ئادەتلەرمۇ ئا-دەتتە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئادىتى ئىدى. موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدىكى سيانپىلارنىڭ، جۇرجانلارنىڭ ۋە خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىستېمىسىدىكى چياڭلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمۇ شۇنداق بولغان. شۇڭا دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت ئارقىلىق، ساكلار، ھونلار بىلەن، تۈركلەر بىلەن ئېتنىك مەنبەداش ئىكەنلىكىنى، ساكلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش نۇقتىسىدىن زورىنى كىملەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ئەمەس.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مەنشا بەند «ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيرات قەبىلىلىرى موڭغۇلىيەدە ياشىغان چاغلىرىدا موڭغۇللىشىپ كەتكەندەك، ساكلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئىرانلىشىپ كەتكەن» دېگەن. ئاپتور بۇ يەردە موڭغۇللار-نىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيرات قەبىلىسى (غەربىي موڭغۇللار) نى «ئەسلىدە ئۇيغۇ-رلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېگەندە، ئاپتور ئېھتىمال پارس تارىخچىسى راشىدى-نىڭ بۈيۈك ئەسىرى «جامىئۇتتەۋارىخ» تا موڭغۇللارنىڭ ئۇيرات قەبىلىسى ھازىر موڭغۇللارنىڭ تۈرك قەبىلىسى دەپ ئاتالدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسلانغانمۇ دەيلى(1). ئەمما شۇنى بىلىش كېرەككى، راشىدى ئېيتقان «تۈرك» سۆزى ھەرگىزمۇ مىللەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقان سۆز ئەمەس، بەل-كى بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەت سۆزى بولۇپ، «كۆچمەن چارۋىچىلار» دېگەن مە-نىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا راشىدىنىڭ سۆزى ھەرگىز بىر قەبىلىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئوقۇملاشتۇرۇشتا ئاساسىي قىلىنىشقا بولمايدۇ(2). جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ياكى دەل ئاپتورنىڭ قارىشىنىڭ ئەكسىچە، يەنى ساكلار-نىڭ بىر قىسمى كېيىن ئىرانلىشىپ كەتكەن بولماستىن، بەلكى ئەسلىدە شەرقىي ئى-ران قوۋمى بولغان ساكلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركلىشىپ كەتكەن.

ئەمەلىيەتتە، ھونلارغا ئوخشاشلا، ۋۇسۇن بىلەن ئۇيغۇرلار قەدىمكى كۆچمەنلەر ئاۋ-ۋال بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى ئىچىدە ساكلار بىرلىشى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈنكى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى ساكلار (ياكى بۇرۇندىن ئولتۇراقلاشقانلار) نىڭ بىر قىسمى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئاخىرى يەنە يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ساكلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋا-قىتلىق 2- گورۇھتا ئۇيغۇرلاشقان ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

(1) راشىدى يازغان «جامىئۇتتەۋارىخ» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1-توم، 1-قىسىم، 147-بەت [illegible]
[illegible]
(2) [illegible]

### 3. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئىچىدىكى مەدەنىيەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى خاتالىقلىرىنىڭ ئۆزىكى ۋە مەنبەسى

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىككى مۇھىم مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، بىز خۇنلار، ساكلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان چەك - چېگرىسىنى ئاسانلا ئايرىۋالالايمىز، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىمىز. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى تۈركىي تىللىق مىللەت بولمىغان ياكى ئېتنىك تەۋەلىكى مۇئەييەنلەشمىگەن قەدىمكى قەبىلەلەر - خۇنلار بىلەن ساكلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ئۇلار ئېتنىك مەنبەداش دەپلا قالماي، بەلكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ئۇلار ئېتنىك مەنبەداش دەۋالغان. شۇڭا ئاپتور كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى بۈگۈندىن 6000 يىللار بۇرۇن باشلانغان دەپ ھېسابلىغان. مانا بۇ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى خاتالىقىنىڭ ئۆزىكى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلار پەقەت قەدىمكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى) دا ياشىغان تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىن يەنە باشقا مىللەتلەر (ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر) گە قوشۇلغاندىن كېيىن ئاندىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى چەكسىز كېڭەيتىۋېتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ياكى كېيىن تۈركلەشكەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتاش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ئۇلار ئېتنىك مەنبەداش دەپ قاراش تامامەن بولمىغان قاراشتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەت، قەبىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، بۈگۈنكى ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىن ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىغىچە تارقالغان، 50 مىليون ئاھالىگە ئىگە تەخمىنەن 30 نەچچە تۈركىي تىللىق مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن①. ئۇيغۇرلار بولسا پەقەت ئەنە شۇ 30 نەچچە مىللەتنىڭ بىرى. ئەگەر بۇ 30 نەچچە تۈركىي تىللىق مىللەتنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان، ھەممىسىنىڭ مەنبەسى بىرمىدۇر؟ دېگەندىكى بىر بىمەنىلىكتۇر.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يۇقىرىقى خاتا تونۇشىنىڭ چوڭقۇر مەنبەسى بار. مىلادى 6، 7، 8-ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر كۆچۈپ ۋە كۆچمەي ئالدى - كەينى بولۇپ، بەزى ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيا (جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى ئەسلى تۈركىي تىللىق بولمىغان بەزى قوۋملارمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۈركلەشتى. ئىسلا-

① [illegible] تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە [illegible] تۈركىي [illegible]
[illegible] تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ [illegible] تۈركىي [illegible]
[illegible]

شىشىلە جەرياسىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، پارس يېزىقىدا يېزىلغان بەزى نادىر ئەسەرلەر، ئالايلۇق، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ھۇدۇدۇلئالەم»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تارىخىي جاھان گۇشاي»، «جەمئۇلتاۋارىخ» قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە ئەدەبىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، جۇڭگو تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن كېيىنكى چاغدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ كىتابلاردا يەنىلا پەنگە يات مەزمۇنلار بار. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «جەمئۇلتاۋارىخ» دېگەن كىتابتا، ئىسلام دىنىنىڭ روھى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرگەن، «تۈرك» دېگەننىڭ مەنىسى توغرىسىدا موڭغۇل تىلى ئاساسىدا، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بەزى مىللەتلەرنى تۈركلەر قاتارىغا قوشۇۋەتكەن ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ مەنىسى خۇددى سوۋېت شەرقشۇناس ئالىمى ن. پ. پېتروشېۋسكىي «راشىدى ۋە ئۇنىڭ تارىخ ئەسىرى» دېگەن ماقالىسىدا كۆرسەتكەندەك، «راشىدىنىڭ ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ بەزى مۇجمەل سۆزلىرى چەتئەللىكى ئىرقچى ساختا ئالىملار تەرىپىدىن بىر يۈرۈش چوڭ دۆلەت قۇرۇشتا پايدىلىنىلغان پانتۈركىزملىق نەزەرىيە بولۇپ قالغان»①. ھازىر بەزىلەر قىلغان «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ پۈتكۈل خاھىشى ۋە ئۇنىڭدىكى خاتالىقنىڭ مەنبەسىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. بۇ كىتابتا ئىپادىلەنگەن بۆلگۈنچىلىك خاھىشىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى، مېنىڭچە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياخشى بىلىدۇ ۋە بۇ خىل قاراشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بىزنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىمىزنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭدىكى خاتالىقنىڭ مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىمىز ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكىمىزدىكى قېرىنداش مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىمىز ئەمەس. ئۇلارنىڭ تارىختا ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە قوشقان تۆھپىلىرىنى كىچىكلىتىش نىيىتىمىز يوق، كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزدە، ھەر بىر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخى ئوخشىمايدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ئىمكان قەدەر تېخىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتقا سۈرۈشنى، باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىغا قوشۇۋېلىشنى خىيال قىلىدىغان بۇنداق سۇبيېكتىپ ئارزۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەمما تارىخ، جانلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ئۇنى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ئۆزگەرتىپ يازغىلى بولمايدۇ. تارىخنى بۇرمىلاش ۋە ئۇيدۇرۇپ چىقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەلۇم سىياسىي مەقسەتكە يېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش لازىم.

① راشىدى، «جەمئۇتتاۋارىخ»، [illegible]

## ٤. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبە مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، مىللەت (كەڭ مەنىدىكى مىللەت) بىر تارىخىي كاتېگورىيە. مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دېگەندە، بىر مىللەت شەكىللىنىشتىن بۇرۇن قايسىبىر ياكى بىر نەچچە مىللەت، قەبىلە ياكى ئۇرۇق بىرلەشكەندىن كېيىن شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىر ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەنىڭ يىلتىزىنى چەكسىز ھالدا سوزۇۋېتىش، سوزۇۋېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئاۋادا ئىپتىدائىي سوزۇۋېرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى چوقۇم بىر تۈرلۈك ئەجدادقا بېرىپ تاقىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھەقىقىي ئادەمگە ئۆزگەرگەن مايمۇنسىمان ئادەمدۇر. بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز، ھالبۇكى، بىر مىللەت (بۇ مۇسۇلمان ئادەمدۇر، بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش) قەدىمكى زاماندىلا بىر مىللەت بولۇپ (ئۆتمۈش يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللەتلىرى) شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى بار. ئاۋادا بۇ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەنىڭ ئاساسىي قىسمى ياكى ھەممىسى ئادەمزات يەنە بىزە، مىللەتلەرگە تۇتۇلۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ قەدىمكى زامان، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ قەدىمكى زامان، ھازىرقى زاماندىكى بۇ مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى تارىختىن يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامانغىچە ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى تولۇق قالغان بولۇپ (بۇ خىل ئەھۋال ئۇقۇم تولغۇزۇپ قالغان تارىخىي مىللەتلەردە دائىم كۆرۈلىدۇ). ئەگەر بۇ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبە دېھقانچىلىق قىلغان مىللەتلەردە دائىم كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبە دېھقانچىلىق قىلغان مىللەتكە ئايلانغان بولسا، بىر قىسمىلا يەنە بىر يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللىتىنىڭ تەركىبىدىكى يەنە بىر قىسمىلا ... يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللىتىنىڭ تەركىبىگە ئايلانغان بولسا، ئۇنىڭ تارىخى بۇ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ... كېيىن، ئۇنى يەنە ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى دەپ قاراش زۆرۈرىيىتى قالمايدىغانلىقى كېرەك. ئۇنى يەنە ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى دەپ قاراش (بۇ خىل ئەھۋال كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە دائىم كۆرۈلىدۇ) يېقىنقى لازىم. (بۇ خىل ئەھۋال كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە دائىم كۆرۈلىدۇ) دائىم زاماندا ئاتىلار مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئەتىۋارلىغاندا، دائىم ئىسىملار مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلغاندا، دائىم دېگۈدەك بۇ مىللەت يەشكەن رايوندىن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان نەرسىلەرگە، ماتېرىياللارنىڭ دەۋرىگە، يەنى كونا، يېڭى، تاش قورال دەۋرىگە تا ئېلىپ بېرىپ ماتېرىياللارنىڭ دەۋرىگە، يەنى كونا، يېڭى، تاش قورال دەۋرىگە تاقاپ قويىدۇ. بۇ ئىنچىكە نۇقتىدا ئۇزۇن زامان، شۇ مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تىزدىشىدۇ. بۇ ئىنچىكە نۇقتىدا ئۇزۇن زامان بويىدا تولغۇزۇلۇشى دېھقانچىلىق قىلغان مىللەتنىڭ ئەھۋالى ئۈچۈن كېيىن يەنە شۇ مىللەتنى ئاساسىي قىسىم يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللىتى شەكىللەندۈرگەن مىللەتنى ئاساسىي قىسىم يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللىتىنىڭ ئەھۋالى ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ مىللەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھالبۇكى ئۇ كېلىپ چىقىش جەھەتتە ئەينى باغلىنىشى بار ۋە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھالبۇكى كېلىپ چىقىش جەھەتتە ئەينى باغلىنىشى بار ۋە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھالنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتە ئەينى باغلىنىشى بار ۋە بىرىدەك ئىكەن. ھال-نىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتە ئەينى باغلىنىشى بار ۋە بىرلەشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى بەك كۆپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى بەك كۆپ. مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كېتىشى تولىمۇ مۇرەككەپ بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ھەرقانداق ...

داق بىر قەدىمكى مىللەتنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ چىقمىغان، ئەكسىچە، ئەينى قەدىمكى زاماندا شۇ جايدا ياشىغان مىللەت بولسۇن، باشقا جەتتىن كەلگەن مىللەت بولسۇن، ئومۇمەن ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە مەركىزىي ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەزاسىغا بەزىدە مەركىزىي ئاسىيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەزاسىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن، قىسمەنلىرى مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىرتىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن» (بۇ نەقىل س. پ. تولستوۋنىڭ سۆزى). شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كونا، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى يەرلىك خەلقلىرىدىن يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئىزدەش ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش.

——

ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەتقىقات خىزمىتى بولۇپ، ئۇ تارىخىي يازما يادىكارلىقلاردىن باشقا، يەنە نامشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج. لېكىن تىل، ئۆرپ، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال ۋە ئېتنوگرافىيە قاتارلىقلار مەلۇم بىر جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى ئېتنىك مەنبەنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئۆلچىمى قىلىشقا بولمايدۇ. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىر مىللەت ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىمۇ بىر بولۇشى ناتايىن؛ بىر ئىرقتىكىلەر تەرەققىي قىلىپ بىر نەچچە مىللەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىمۇ بىر بولۇشى ناتايىن. شۇڭا مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەرقلەندۈرگەندە، ئىرقى بىلەن مىللەت، دۆلەت بىلەن مىللەت، مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەم بىر قەدەر مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەنىگە ئىگە ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ ئېنىقلاش زۆرۈر. ئۇنداق قىلغاندا مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەرقلەندۈرۈش خىزمىتى تۈزۈك يولغا كىرىپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئالاھىدە خىل پىكىردە قارىشىدا، يەنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى ئىككى: بىرى — جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەن خۇيخې (خۇيگۇ) لار، يەنە بىرى — مىلادى 840-يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئاھالىلەر (ياكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان مىللەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ). دېگەن قاراشتا كەلگەن، چۈنكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ قەدىمكى ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن، يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامانلاردىكى ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئىككى ئاساسىي ئېتنىك مەنبەنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا تەدرىجىي قوشۇلۇپ، تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەجدادى بۆكەخان توغرىسىدىكى رىۋايىتىدىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئەجدادى موڭغۇل يايلىقىدىكى سېلىنگا دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن. بۆكەخان رىۋايىتى تۈركچە دېيىلگە

قاغان مەڭگۈ تېشى» دا جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان گۇشاي» ناملىق كىتابىدا، را-
شىدىننىڭ «جەمىئۇتتاۋارىخ» ناملىق كىتابىدا، «قۇچۇ خانلىرىنىڭ ئۇچپە مەڭگۈ تې-
شى» دا، «قۇچۇدىكى كېيىنجەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» قاتارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن①.
بۇ رىۋايەتتىكى بايان بىلەن ۋېيخې (ئۇيغۇر) لارنىڭ ئەسلى ماكانى ھەققىدىكى مە-
لۇماتنىڭ بىر - بىرىگە ماس كېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادى بۈگۈنكى
موڭغۇل ياپلىقىدىكى سېلېنگا دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان ۋېيخېلار
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى،
«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ كەخان رىۋايىتىدىن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى قا-
چۇرۇپ، ئۇنى زادىلا تىلغا ئالمىغان.

يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار مۇنداق دەپ قارايدۇ. خۇيخېلار (ئۇيغۇرلار) دىڭ-
لىڭلار، تېلېلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇڭا ئۇلارنى ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى دەپ ھېسابلاش كېرەك. خۇيخېلار ئەسلىدە تۈركىي
تىلدا سۆزلىشىدىغان ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تېلېلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى، شۇڭا ئې-
گىز ھارۋىلىقلار، تېلېلار ئارىلاش ئەمەس، بەلكى مەنبە. پەقەت كېيىنكى ۋاقىتقا كەل-
گەندە، خۇيخېلار ئاندىن ئاستا - ئاستا قۇدرەت تېپىپ تېلېلارنىڭ بۆكە، تۇڭرا، بايىرقۇ،
ئېكىنزۇلۇ (ئاۋزۇلۇ) قاتارلىق قەبىلىلىرى بىلەن قەبىلە ئىتتىپاقى تەشكىل قىلغان، ئىلا-
گىرى - كېيىن بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىلادى 744- يىلىغا كەل-
گەندە، خۇيخېلار باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى موڭغۇل ياپلىقىدا خۇيخې (ئۇي-
غۇر) خانلىقىنى قۇرغان. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، خۇيخېلارنىڭ ئىچكى قىسمى ئاسا-
سەن مۇقىملىشىپ، «ئىچكى توققۇز ئۇرۇق»، «تاشقى توققۇز ئۇرۇق»، «ئون ئۇيغۇر تو-
ققۇز»، «توققۇز ئۇيغۇر» (خۇيخۇ) دەپ ئاتالغان②. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان-
لىقى قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككى دۆلەت بە-
لەن مىللەت بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئالدىنقىسى دۆلەت ئۇقۇمىنى كۆرسىتىدۇ،
دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر (خۇيخې) لاردىن
باشقا، يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ قەبىلىلىرىمۇ بولغان. كېيىنكىسى ئۇيغۇرلار (خۇيخېلار)
نى ئاساس قىلىپ باشقا تىلى قەبىلىلىرىنى تەدرىجىي قوشۇۋېلىپ شەكىللەنگەن بىر
مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. خۇيخې (ئۇيغۇر) لار تېلېلارنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمىنى
ئەمەس، پەقەت بىر قىسمىنىلا ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

قەدىمكى خۇيخېلار ھەرگىز ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ئەمەس، پەقەت ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى. مىلادى 840- يىلى ئۇيغۇر خانلىقى يوقال-

---

① [illegible]

② [illegible] «توققۇز ئۇيغۇر» [illegible]

خاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى جەنۇبقا كۆچكەن، بەزىلىرى موڭ‑
غۇل تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن، بىر قىسمى گەنسۇ
ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ، يېقىنقى زامان، ھازىرقى زاماندا يۇگۇ مىللىتىنىڭ ئاساسىي‑
لىق تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان؛ يەنە بەزىلىرى بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوت‑
تۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمى
بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈپ، كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەش‑
كىل قىلغان. بۇنىڭدىن قەدىمكى خۇيخېلارنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمى كېيىن ئۇيغ‑
ۇر بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، دانا بۇ، قەدىمكى خۇيخې‑
لارنى كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن
بىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى — تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپ‑
يىدا ياشىغان يەرلىك مىللەتلەر. بۇ يەرلىك مىللەتلەر ھەرگىز «ئۇيغۇرلار» دېگەن
كىتابتا ئېيتقاندەك، «ئانداقۇر، غەربىي ئۇرلار (غەربىي ئۇيغۇرلار)» ئەمەس. ئۆزۈنتە
ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە تېپىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى
شىنجاڭ رايونىدا بۇنىڭدىن 8000 يىل بۇرۇن ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يې‑
ڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى ئەنە ئىنسانلارغا تەئەللۇق. ۋە‑
ھالەنكى، قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتىكى ماتېرىياللار بولمىغاچقا، ھازىرچە
يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قايسى ئىرققا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى
جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. لېكىن شىنجاڭدىن مىلادىدىن ـ ـ مىڭ يىل بۇرۇن‑
قى بىرونزا قورال بىلەن تاش قورال تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە، بىرونزا قورال دەۋ‑
رىگە ئائىت بەزى قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى تېپىلدى. ئالىمىز ئىنسان‑
شۇناسلىرىنىڭ بۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئاساسلانغاندا،
ئېنېئولىت ھالەتتىكى ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر ئوبدان رايوندا تارقالغان، خەن سۇلالى‑
سى دەۋرىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسلىق ئاھالىسى ئۆزى تۇرۇۋاتقان بولغان ھىندى ـ
ئۇزۇنى ئېيتقاندەك بولۇپ، پامىردىكى قەدىمكى ساكلارنىڭ ئىرقىغا ئوخشايدىكەن.
مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئىلى دەرياسى بويلىرىدا ئاساسەن ئۇيسۇنلار بىلەن
ساكلار ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر ـ پەرغانە تى‑
پىغا كىرىدىكەن①. ئەينى چاغدا شىنجاڭ (غەربىي يۇرت) تىكى «36 بەگلىك» تىكى
كىشىلەرنىڭ ئىرقى ۋە ئۇلاردىكى مىللەتلەر ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان، ئۇنىڭدىن
كېيىن، خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي تاڭ سۇلالىلىرى
دەۋرلىرىدە، دىلار، جىاڭلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، دىنلار، خەنزۇلار، ئېگىز
ھارۋىلىقلار، سوغدىلار، خۇيخېلار قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭغا كې‑
لىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئەسلىدىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، خۇيخېلار (ئۇي‑
غۇرلار) غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتلەر ئىنچىكە مۇرەككەپ‑
لىشىپ كېتىشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنى ئۆزۈنتە شىنجاڭدىن تېپىلغان

① يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار خەن يۈەنسىنىڭ ماقالىسىگە ئاساسلاندى.

قەدىمكى زاماندا شىنجاڭدا (بولۇپمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا) قوللىنىلـ
غان قەدىمكى يېزىقلار (ئالايلۇق: خاروشتى يېزىقى، ئۇدۇن ساك تىلى، سانسكرىت
يېزىقى، زاكۇر يېزىقى، خارەزم يېزىقى، توخار تىلىنىڭ A، B شەكلى قاتارلىقلار)
بىلەن يېزىلغان خەت - چەك، پۈتۈكلەر، ئىلاھىيەت ئەسەر (دىنىي، كلاسسىك ئەـ
سەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىقلار نەقىل كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەرلىك مىللەتـ
لەرنىڭ كۆپ قىسمى كېيىن غەربكە كۆچكەن خۇيخې (ئۇيغۇر) لارغا ئاسسىمىلياتسىيە
بولۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، ئاخىرى بۈگۈنكى
ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسىنى ئايقان ئىكەنمىز. ئۇنىداقتا
يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى ۋە ئورنى توغـ
رىسىدىمۇ بىر قەدەر ئېنىق جاۋاب بېرەلەيمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى ئاساسلىق ئېتنىك
مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى (بۆشۈك ماكانى) نىڭ بىرى موڭـ
غۇل ياپلىقىدا، يەنە بىرى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدا. مىلادى 7 ئەسىردە موڭغۇل
ياپلىقىدا ياشىغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ بىر قەبىـ
لىسى - «ۋۇيخې» (ئۇيغۇرلار) نىڭ نامى تارىخنامىلەرگە ئەڭ دەسلەپتە خاتىرىـ
لەنگەن.

بۇ يەردە يەنە «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتىكى بىر خاتالىقنى كۆرسىتىمىز. يەنى ئاپتورـ
نىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن (بۇنىڭدىن 4000 يىل
بۇرۇن) تارىخ دەۋرىگە كىرگەن (يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخ دەۋرىگە كىرگەن
دېمەكچى) چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا، سۇمېرلار ئىجاد قىلغان يېزىق ئاساسىدا يارىتىلـ
غان ئارامىي يېزىقى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىغا كىرىپ كەلدى، سىڭدى. يېزىقنى بېـ
لەن كۆك تۈرك يېزىقى (ئورخۇن ئۇيغۇر يېزىقى) نىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپراق
كېتىدىغانلىقى شۇ ئىككىلا يېزىقنىڭ ئارامىي يېزىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسـ
تىدۇ①» (2) دېگەن قاراشنى ئاساسلاندۇرۇشقا توغرا كەلمەيدۇ. «ئارامىي» يېزىقىنى
بۈگۈنكى سۈرىيەنىڭ شىمالىدا ياشىغان سېمىتلار مىلادىدىن 1000 يىل بۇرۇن فىنىكـ
يىلىكلەرنىڭ ئېلىپبە يېزىقىدىن پايدىلىنىپ بىر خىل فونېتىكىلىق يېزىق ئىجاد قىلغان،
بۇ يېزىق ئارامىيە يېزىقى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ خىل يېزىق پېرـ
سىيىدىكى ئەھمانىلار سۇلالىسىگە تارقالغاندىن كېيىن، غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى
ئەللەردە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. سەل كېيىنرەك يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ھىنـ
دىستاندا قوللىنىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى
بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئارامىي يېزىقىدىن پايدىلىنىپ سوغدى يېزىقىنى ئىجاد قىلـ
غان. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىي تىللىق مىللەت - تۈركلەر
قوللانغان يەنىسەي - ئورخۇن يېزىقى (قەدىمكى تۈرك يېزىقى) ئەسلىدە ئارامىي
يېزىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ يېزىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران مىللەتـ
لىرى ئارىسىدىن تۈركلەرگە تارقىلىپ، تۈركلەرنىڭ تىلىغا لايىقلاشقان①. ئېھتىمال

① «ئۇيغۇرلار»، 30-بەت.

تۈركچە ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تۈركلەر قەدىمدىن مىلادى ٧- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاندىن بىر خىل تۈركچە يېزىقنى قوللىنىشقا باشلىغان، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقلەر (ئۇيغۇرلار) ۋە كېيىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىمۇ ئەنە شۇ تۈركچە يېزىقنى قوللانغان (بۇنى مەڭگۈ تاشلار ئىسپاتلايدۇ). قەدىمكى ئۇيغۇرلار (خۇيگۇلار) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقنى قوللىنىشى ئۇنىڭدىن كېيىنكى گەپ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئېتنىك مەنبەسى بولغان خەلقلەر ئەڭ دەسلەپتە قوللانغان يېزىق قەدىمكى تۈرك يېزىقى بولۇپ، ئۇلار مىلادى ٧- ئەسىردىن كېيىن قوللانغان. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇنلا يېزىق قوللانغان، دېگەن قارىشى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قىلىۋالغان خاتا نۇقتىئىنەزەرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بۇ قارىشىمۇ خاتا.

① [illegible]

## تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (دەسلەپكى كۆپىيە)

1. تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى

2. ھون دۆلىتىنىڭ باش ئوردىسى ھون دۆلىتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ۋاڭ زۇڭۋېي

### 1. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىشى ۋە ھونلار بىلەن غەربىي يۇرتنى تالىشىشىنىڭ خاراكتېرى

خەن ۋۇدى جاڭ چيەندىن كېيىن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. خاقان ۋۇدى تەسلىم بولغان ھونلاردىن ئەھۋال ئىگىلىگەندە، ئۇلار، ھونلار ياۋچى خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى شاراب قاچىسى قىلدى، ياۋچىلار بولسا يىراققا قېچىپ

كەتتى، ئۇلار ھونلارغا ئۆچ، ھەمىشە قىساس ئېلىشنى ئويلايدۇ. سىلەر ئىشقا ياۋچىلار بىلەن بىرلىكتە ھونلارغا ھۇجۇم قىلمايسىلەر، دەيدۇ» («تارىخىي خاتىرىلەر» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-كىتاب، 487-بەت). ۋۇدى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ياۋچىلار بىلەن بىرلىشىپ ھونلارغا زەربە بېرىش خىيالىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جيەنيۈەننىڭ 2-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 139-يىلى) جاڭ چيەننى ياۋچىلارغا ئەۋەتىدۇ.

جاڭ چيەن ھونلارنىڭ قولىدا ئون نەچچە يىل نەزەربەنتتە تۇرغاندىن كېيىن، پۇرسەت تېپىپ قېچىپ چىقىپ، جاڭ چيەن پەرغانە پادىشاھىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، كاڭگۈيدىن ئۆتۈپ ئۇلۇغ ياۋچىلارغا يېتىپ بارىدۇ. بىراق، «ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ خانى ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ۋەلىئەھدى خان بولغان ۋە باكتىرىيەنى بويسۇندۇرۇپ، شۇ يەردە ياشاۋاتقانىدى. باكتىرىيەنىڭ يېرى مۇنبەت بولۇپ، دۈشمەننىڭ پاراكەندىچىلىكى ئاز، تۇرمۇشى خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك ئىدى، ئۇلارنىڭ ئېسىگە ياۋچىلارنىڭ خەن خاندانلىقى بىلەن ئارىلىقى يىراق، ھونلاردىن ئۆچ ئېلىش نىيىتى يوق ئىدى» («تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى 1-كىتاب، 488-، 489-بەتلەر). شۇڭا جاڭ چيەن ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالماي، تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. بېرىپ كەلگىچە تارىم ئەتراپىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىن ئۆتىدۇ.

يۈەنشۇنىڭ 2-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 121-يىلى) خەن سۇلالىسى ئويسۇنلارنى كونا ماكانى خېشى كارىدورىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارغا قوشنا قىلىپ، ئاكا-ئۇكا بولۇپ ھونلارنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى چەكلەش، «ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلاش» («تارىخىي خاتىرىلەر» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-كىتاب، 497-بەت) مەقسىتىدە، جاڭ چيەننى ئويسۇنلارغا ئەۋەتىدۇ. باشقا جايلارغىمۇ مۇئاۋىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىدۇ. بىراق، «بۇ ۋاقىتتا ئويسۇنلارنىڭ دۆلىتى بۆلۈنۈپ كەتكەن، خان بولسا قېرىپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئېسىگە خەن سۇلالىسىدىن يىراق بولغاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ زادى قانچىلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، شۇڭا، ھونلارغا ئۇزۇن ۋاقىت بېقىندى بولۇپ كەلگەنلىكى ھەمدە ھونلارغا يېقىن جايلاشقانلىقى، ئوبەيلى، ۋەزىر بەگلەر ھونلاردىن قورقۇپ، شەرققە كۆچۈشكە ئۇنىمايدۇ. خان ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ» («بۇقىرىنى كىتاب، 498-، 499-بەتلەر). نەتىجىدە ئويسۇنلارنى شەرققە كۆچۈرۈش مەقسىتى يەنىلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

لېكىن جاڭ چيەننىڭ ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە چىقىشى زور تەسىر قوزغىدى، غەربىي يۇرتنىڭ ئويسۇن، پەرغانە، باكتىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خەن سۇلالىسىگە كەينىدىن ئەلچىلەر ئۆزلىكى ئەۋەتتى، خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلدى، جاڭ چيەننىڭ شۆھرىتى ئىنازىنى ئەتراپقا داڭ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇراتتى، ھەر قېتىم (خەن سۇلالىسىدىن) چەت ئەلگە چىقىرىلغان ئەلچىلەر جىق بولغاندا بىر نەچچە يۈز ئادەم، ئاز بولغاندا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئېلىپ بارغان سوۋغا-سالاملار بەلگە تىلۋە جاڭ چيەننىڭ ۋاقتىدىكىدەك كۆپ ئىدى ... خەن سۇلالىسىدىن ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەرمۇ

ھەر يىلى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون نەچچە، ئاز بولغاندا بەش ئالتە نۆۋەت ئەۋە-
تىلىدىغان بولغانىدى. يىراق ئەللەرگە كەتكەن ئەلچىلەر، سەككىز - توققۇز يىلدا،
يېقىنراقلارغا كەتكەنلىرى بىر نەچچە يىلدا قايتىپ كېلەتتى. («تارىخىي خاتىرىلەر»، «ئۆزبەكچە تەر-
جىمىسى» 1- كىتاب، 501- بەت). شۇنداق قىلىپ ھەر يىلى مىڭلىغان ئون مىڭلىغان خەن سۇ-
لالىسى ئەلچىلىرى غەربىي يۇرتقا كېلىدىغان چوڭ يولدا يىرىلىپ تۇراتتى. غەر-
بىي يۇرتتىكى دۆلەتلەردىن خەن سۇلالىسىگە بارىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىمۇ
ئالاھەزەل خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە باراۋەر بولۇپ، ھەقلەپ، ئوتتۇرا ھېساب-
لىغاندا، بۇ يولدا ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ بولۇپ باقمىغان ئىدى. شۇنىڭدىن باش-
لاپ سانسىز قۇرۇق، ئاۋارىچىلىك كەتتى. ئۇ چاغدا خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېڭى تۈس ئالغانىدى. سودىدىمۇ ئالماشتۇرۇش ھەرىكەت
ئېرىدىكى دوستانە بېرىش - كېلىش قىلدى. خەن سۇلالىسىدە ئىشغال قىلىش كۈچى يوق
قىلدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىنتىم دوستانە باردى - كەل-
دى قىلىش، ھۇنلارنىڭ تاشقى دەخلىسى ۋە تاراجلىقىنى تۈزدى. ھۇنلار خەن
ساقانلىقى ئۈزۈلۈشى بىلەن بىرلىشىپ دېن ئالاقە مەزھەپلىشىپ، ھۇجۇم قىلماقچى
بولدى. دېيىشكەندىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ئۈزۈلەر خەن ساقانلىقىغا ئەلچى ئەۋە-
تىپ، باشقى ئاتلارنى سوۋغا قىلدى ھەمدە خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشنى، خەن بىلەن
قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. ھۇنلارنىڭ ئۈزۈلۈشى بىلەن
دەۋران، قوش، قاتارلىق ئاتنىڭ بولسىلىق ئالدىدىكى كىچىك خەن ئەلچىسى ۋاڭ خۇي
قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مۇلاھىزە - تالاڭ قىلدى. ئۈزۈلە ئۈزۈلگە
بۇكنۇرسىدىكى ھون ئاتلىرى غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە كېلىۋاتقان خەن ئەلچى-
لىرىگە دائىم دېڭىزدە توسۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. («تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۆز-
بېكچە تەرجىمىسى 1- كىتاب، 503- بەت). بېرەتۈرلۈك ئۈزۈلۈش يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
110- يىلى) خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار غەربىي يۇرت مەسىلىسىدە ئاشكارا قارشى-
لىشىپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ئارقا-ئارقىدىن خەن سۇلا-
لىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنى غەربىي يۇرتتا ناما يە-
تى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، ھونلار ئۈزۈلۈش ئورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغان رو-
ۋۇتۇپ كىملىغانلىقىنى كۆرۈپ (بۇ بەردە كۆرسىتىشكە تۇتۇشقان ئىكەنلىكى شۇكى،
ئورغۇن تالىماس ئەپەندى ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ھۇزبېھۇرلار دېگەن كى-
(2) پانتۈركىزملىق كۆز قاراش بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى جۇڭگو تارىخىنىڭ سىرتىدىكى بىر قاتار مۇستەقىل خاقانلار تارىخى قىلىپ يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، جۇڭگونىڭ تارىخىنى بۇرمىلىغان.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب تۆت بۆلۈم، 29 بابقا بۆلۈنىدۇ. 1- بۆلۈمىدىن ئوتتىنچى بۆلۈمگىچە ماۋزۇلار: «ئورخۇن خانلىقى، قارا خانىيلار دۆلىتى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، كەڭسۇ خانلىقىدىن ئىبارەت. ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «مىلادى 840- يىلى موڭغۇلىيىدىن شىنجاڭغا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار بولسا بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىن موڭغۇلىيىگە ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادى ئىدى.» (شۇ كىتاب 6- بەت) ئاپتور يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن باشلاپ مىلادىنىڭ XV ئەسىرگىچە .. ئۇلۇغ ھۇن ئىمپېرىيىسى – ئۇلۇغ ھۇن تەڭرى قۇتلۇقى (بۇ يەردىكى بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يەردىكى دۆلەت قۇرغان يىل دەۋرى قىسقارتىلدى – نەقىل ئالغۇچى) ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى ئاق ھۇن (ئېفتالىت) ئىمپېرىيىسى، ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقى، ئۇيغۇر – ئورخۇن قاغانلىقى، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى، ئۇلۇغ سالجۇقلار سۇلتانلىقى، خارەزم شاھلار دۆلىتى، سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ... (شۇ كىتاب 3-4- بەتلەر) «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا تېگى ۋە ئەسلى يۇرتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ تۇرماقتا» (شۇ كىتاب، 41- بەت)

ئاتا بۇ بابالار ھەممىسى پاكىتقا كۆز يۇمغان ئىدىئالىستىك خىيال؛

مېنىڭچە، «ئۇيغۇرلار» نىڭ ئاپتورىنىڭ بايانلىرىدا، تارىخىي پاكىت ۋە نەزەرىيە جەھەتتە، ئاز دېگەندە ئۈچ خاتالىق بار:

1) تىل جەھەتتە ئالتاي تىل سىستېمىسى، تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەر بىرى بىردىن مىللەت ئەمەس، ئۇلار ئەزەلدىن ئۆز ئالدىغا مىللەتلەرگە بۆلۈنگەن زاماندا شۇنداق بولغان، بىلىنمىگەن زامانلاردىمۇ شۇنداق بولغان. جۇڭگو ئەسىرىدىلا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، جۇڭگودا ئەسىردىكى زامان تارىخىدىلا تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان مىللەتلەردىن دىڭلىڭ (خەن دەۋرىدە دىڭلىڭ، تاڭ دەۋرىدە خۇيخې، يۈەن دەۋرىدە ۋېيۇۇر دەپ ئاتالغان، ھازىر ئۇيغۇر (维吾尔) دەپ ئاتالماقتا) ھۇن (يەنى، جۇ دەۋرلىرىدە شيەنيۈن ئىسمالىرى ۋە دەۋرىدە يۈەن، قىرغىز (خەن دەۋرىدە جيەنكۇن) تاڭ دەۋرىدە، جيەنگۇن دەپ ئاتالغان ھازىر قىرغىز دەپ ئاتالماقتا)، تۈرك قاتارلىق دۆلەتلەر بار ئىدى. ھازىر بىلىمىزدە، تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، سالار، غەربىي قىسىم يۈگۈرلىرى ۋە ئاناتولىيىدىكى تۈركلەر بار. بۇ مىللەتلەرنى دۇڭخۇ زور؛ لېكىن بىر مىللەتكە تەۋە دەۋالسا ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر بولمايدۇلا ئەمەس، بەلكى مۇقەررەر ھالدا مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. چۈنكى بۇنداق خاتا كۆز قاراش مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ۋە ھازىرقى رېئال ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، تۇغرىدىن-توغرا بۇرمىلايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. بۇ يەردە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمى-

سىدىكى مىللەتلەر (مەسىلەن، ساكلار، بوغدىلار، قارۇشتىي تىلى ۋە قاراشەھەر - كۈسەن تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر)، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر (مەسىلەن، ئۇيغۇرلار، ھونلار، دىڭلىڭلار، تۈركلەر) ۋە خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر (مەسىلەن، خەنزۇ، چاڭ، دى، تۈبۈت قاتارلىقلار) بولغان. شىنجاڭ ھازىرمۇ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى، خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىدىكى، ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر بار. شىنجاڭنى مەلۇم بىر مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ياكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئاتا ماكانى دېيىش، روشەنكى، تارىخىي پاكىتقىمۇ، ھازىرقى رېئال ئەھۋالغىمۇ زىت، قىيپاقلىرىنى چەتكە قېقىش خاراكتېرىدىكى ئىبارە، بولۇپ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىمۇ پايدىسىز.

2) باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى دېيىشكە بولمايدۇ.

«ئۇيغۇرلار» نىڭ ئاپتورى ھونلار، تۈركلەر، ئىشقىلىپلار، خارەزملىكلەرنىمۇ ئۇيغۇر تارىخىغا يازغان، ئۇلارنى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مەنبەت دەپ قارىغان. بۇ تارىخىي پاكىتقىمۇ زىت، رېئال ئەھۋالغىمۇ بىردەك كەلمەيدۇ. ئاپتور شەرقىي ئۇيغۇرلار ... 6000 يىلدىن بۇرۇن ئارىم ۋادىسىدىن موڭغۇلىيىگە كۆچۈپ بارغان ... دېگىنىدەك «ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى» يەنى «ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى» دېگەنلەرنىڭ ئاساسى كۆرسىتىلمىگەن. بۇنىڭ مۇنداق قەدىمكى ھۆججەتتىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس. مۇنتىزداق ئىبارىلار ۋە 6000 يىلدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دېگەنلەر ئويغۇشى ئەلنە گەپلەر بولسا، ئاپتورنىڭ ئىزچىل تارقىتىپ كەلگەن ئىدىيەسى. «ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى - ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى»، دېگەن گەپنى ئالايلى، ئۇنىڭ تارىخىي ئاساسى يوق. «ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى»، «ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى»، «ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقى»، «ئۇلۇغ سامانىيلار سۇلتانلىقى» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلارنى قەدىمكىلەر دەپ باققان. «ئۇلۇغ» سۆزى پەقەت بۇ سۆزنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. XX ئەسىرنىڭ بېشىدىكى تۈركىيە بۇرژۇئا ئالىملىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ يۈزىسىنى ئېيتىش ئەمەس ئەمەس، پروفېسسور چېن يۈەننىڭ يازغان ماقالىسىدا ئىزچىل كەلگەن «ۋەقەنامە» ناملىق (ئۇيغۇرلار نامى) ماددىسىدا [illegible] قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئورخۇن-يېنسەي يېرى، XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ئۇلارنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى رىۋايەت. ئىسمى نامەلۇم بىر كىشى يازغان. رىۋايەتنىڭ قېلىپلاشقان ۋە يېزىلغان ۋاقتى X ئەسىردىن بۇرۇن بولمىسا كېرەك» دېيىلگەن دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەجدادى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ھونلارغا باغلاشقا بولمايدۇ، ھون تەڭرىقۇتلۇقى ئارىسىدا «ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى» دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى X ئەسىردىكى رىۋايەت ئارقىلىق قانداقسىگە مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىكى ھونلارنىڭ تارىخىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؟ «خەننامە» «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق تارىخ كىتابلاردا، ھونلار بىلەن دىڭلىڭلار ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان. دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ شىمال تەرىپىدە دۆلەت قۇرغان، ئىككىسى ئەزەلدىن دۈشمەن. ھونلار

ھەتتا دېڭىزلارنى بويلاپ ئاپىرىپ قول قىلغان، «ئۈچ دۆلەت تەزكىرىسى ۋېي سۇ-
لالىسى تارىخى، ۋۇۋەن، سىيانپىلارنىڭ شەرقىدىكى ياتلار تەزكىرىسى»، پېي پامىلىنىڭ
ئاپتور ئىزاھلىغان «ۋېي سۇلالىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان. غەربىي رۇڭلار تەزكى-
رىسى»دە مۇنداق يېزىلغان: «ھۇنلار ئەسلىدە خۇن ئىدى. خۇن قول دېيىلگەن
خەنزۇلارنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى (ملادى 23 - يىلدىن 220 - يىلغىچە) ھۇنلار ئىنا جەمئىي-
ىتى، قۇللىرى ئارىلاپ كەتتى، ئۇلارنى جىنچىڭ، ۋۇۋەي، جىيۇچۈەن، جېڭيېي،
خېشىنىڭ شەرقىي قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىپ، ئوت - سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللاندى، لياڭجۇنى بۇلاپ كەتتى، قوۋمى كۆپىيىپ نەچچە ئۇدەن كىشى-
گە يەتتى، ئۇلار شەرق تەرەپتىكى سيانپىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار بىر ئۇرۇق ئەمەس
ئۇلار چوڭ خۇ، كىچىك خۇ دەپ ئاتىلىدۇ. يالغۇز چاقلار بىلەن ئارىلاش ياشايدۇ...
خېشى رايونىغا تولا يۇزۇن يارغان بۇ بىر ئۇرۇقلۇم دېڭىزلار ئەسلىدە خۇنلارنىڭ
قولى ئىدى، خەنزۇچە بەزى قەدىمكى كىتابلاردىكى ئۇيغۇرلار، خۇنلارنىڭ باشقا
بىر ئۇرۇقى» دېگەن گەپكە ئاساسلىنىپ، ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دېگەنلى-
نىڭ ئۆزى ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنە بىر نەرسىنى دېگەچ ئۆتۈپ كېتەي، خارەزىم-
لىكلەر گوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى، ھىندى ياۋروپا تىللىرى سى-
ستېمىسى، ئىران تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. خارەزىملىكلەرنىڭ ئىزدىكلىشىشى XIV ئە-
سىردىن كېيىن بولغان ئىدى. خارەزىملىكلەرنى ئۇيغۇر تارىخىغا يېزىش مۇۋاپىق ئە-
مەس، ئەلۋەتتە.
ئۇيغۇرلار، نىڭ ئاپىرى يەنە ساكلار دەپ ئاتالغان يەرنىڭ ئەجدادى بىزنىڭ
ساكلارنىڭ دېتىر ئېيتقانغا ۋە ئۆتۈپ ئادەتتى ھۇنلار بىلەن تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاپ
كېتىدۇ. بۇنداق قارىشنىڭ تارىخىي ئاساسى يوق. ساكلار (塞种) سىبىتەيى
دېيىن (人塞) سەيگۈرىن، سەيرىن (人塞) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار
ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي ئاسىيادىكى كەڭ رايونلارغا تارالغان.
بۇلارنىڭ بىر قىسمى تىيانشاننىڭ شىمالىي رايونىدا ماكانلاشقان، ساكلار ئىران تىل-
لىرى سىستېمىسىدا ياۋروپا - ھىندى تىلىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ۋاقىتقىچە
ئىران ۋە گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى
تەڭرىتاغ، خوتەن (于阗) تۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى
تۈرك تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئىرقىي - ئادەتتىمۇ ساكلارنىڭكىدىن كۆپ
پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ساكلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دېيىشكە بولـ-
مايدۇ. ساكلارنىڭ تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى قاتارىدا يېزىشقىمۇ بولمايدۇ.
بۇنداق بولسا كىملەرنى ئەجداد قىلىپ، قورۇق داۋراڭ كۆتۈرۈش توغرىمۇ ئەمەلىي-
يەتتە ئاپىرى بۇرۇنقى قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىمالىي تە-
رەپتىكى ساكلار يارا - يارا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ، كەتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئەجدادى دېيىشكە بولمايدۇ. پەقەت ئۇيغۇرلار قەرەققىيات جەريانىدا ساك-
لارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن دېيىشكىلا بولىدۇ. بۇ خۇددى خۇاگخې دەرياسىنىڭ ھەۋ-

ئۆلكىسىدىكى چېشمەي بېشى دەرياسىنىڭ خىزائىنى ، ئىرتىشتە ئىردەنگەندە مەسى
ھەرقايسى قىسمى ئوتتۇرا ئېقىمى دەرياسىنىڭ خوتەن ، بولۇپ دېيىشكىلا تېغىدا قارا بايان
مەلىمە خوتەننىڭ ئېقىنلارنى تارماق قوشۇلغان ئۇزۇنغا ئۆتكەندە بېسىپ ئۆلكىلەرنى
سى دېيىشكە بولمايدىغان ئوخشاش بىر ئىش.
1) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنى جۇڭگو تارىخىنىڭ سىرتىدىكى بىر تاتار مۇستەقىل خانى
لىقلار تارىخى قىلىپ يېزىشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان
جۇڭگو تارىخى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان «ياۋروپا مەن ئىمپېرىيىسى»، «ھەرەزم
سۇلتانلىقى» دېگەنلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا دوزمۇزور چاپلاشقا تېخىمۇ
بولمايدۇ.
«ئۇيغۇرلار»نىڭ ئاپتورى تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىدە باشقا كىشىدە يوق
«كارامەت»نىڭ كۆزە بار ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئەمەي جۇڭگو تارىخىدىن
سىرت بىر تاتار مۇستەقىل خانلىقلار تارىخى قىلىپ يېزىپتۇ. بۇنىڭدىكى ئەرەززادى
نېمە؟ بۇ ئىگىچىلىك ئىدىيىسى ئەرشىپ قىلماقچى دېيىشتىن باشقا يەنە نېمە دەپ
چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ جاۋاب بەقەت بىرلا، بۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن
ئەمەس.
«ئۇيغۇرلار»نىڭ 1-3 بابلىرىدا ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى تارىخ
بەلى 9 دىن بىلەدىن 840- يەلىجە ۋاقىت بۇرۇنقى تارىخ يېزىلغان. بۇ مەزگىلدىن
بۇرۇن، غەربىي يۇرتتا تۇرغۇن روز تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ئىدى. «6000 يىل
بۇرۇن»، «ئۇيغۇرلار»نىڭ ئىلك ئەجدىكى ماكانى ۋە ئەسلى يۇرتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا
جۇملىدىن شىنجاڭ ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغا دەرىجىدە ئىسپاتلاپ ئۇزۇ
ماقلە دەپ بۇ ئالغان تۇرغۇن ئالماس ئەپەندى ئۇزۇن ۋاقىتتا يىز بەرگەن تۇر
غۇن زور تارىخىي ۋەقەلەرگە قاراپ تۇرۇپ كۆرمەيدىغان ئىزگە قوش سىياسىتىنى
قوللانغان. ئەينى زاماندا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلاردىن مەسىلەن، مىلادىيەدىن
بۇرۇنقى 60- يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچى بەگ تويغان. ئۇنىڭدىن
باشلاپ شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگەن بىر قىسمىغا ئايلانغان
كېيىنكى خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي خەن ھۆكۈمىتىدىن
غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچى بەگنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىل
غانلىقى، يەن چاۋ، بەن يۇڭ ئاتا - بالا ئىككەيلەننىڭ شەرقىي سىياسىي جەھەتلەر
دىكى ئۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا
ئېرىشكەنلىكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا گەنشى چېرىكچى ۋالىي مەھكىمىسى ۋە
بېشبالىق چېرىكچى ۋالىي مەھكىمىسى قۇرغانلىقى ... مۇنۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭ
گو تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار ئىدى. «ئۇيغۇرلار»نىڭ بېتىدىكى ئىككى بابىدا بۇ ئىش
لار بىر ئېغىز تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟
تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىنىڭ غەرەزى - ئەپرىنى شۇ ئىجىلىك ئېنىقكى، بىر تەس
رەپتىن، ئۇيغۇرلار بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق «ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى»، «ھىنا

ۋەزىم سۇلتانلىقى» ئۈستىدە ئاقۇزى - ئاقۇزىدا ئەگەمدى سۆزلىگەن بولسا، پەقەت بىر
ئەرەبشىن. ۋەتەننىڭ بىرلىككە ھۆكۈمرانلىق ئورخۇن زور تارىخى ۋەقەلەر توغرىلىق
لام - جەم دېمەكتە. «ئۇيغۇرلار» ئەگەر 40- يىللاردا نەشر قىلىنغان بولسا، مەن
ھەممە ئىسمىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» (1940- يىلى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەن
گەلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان كەشمىردە نەشر قىلىنغان) بىلەن ئابلاز چىنگىزخان
نىڭ «تۈركىستان - قاسىياننىڭ بۇرۇنقى» (1943- يىلى 1- ئايدا مىسىردىكى «تۈركىستان
تان (سىياسىي - ئىقتىساد جەمئىيىتى) نەشر قىلغان) غا توختىلىشنى ئەجەپلەنمەس
بولاتتۇق. چۈنكى ئۇلار ۋەتەننىڭ مۇھەببەتىنى سېغىنىپ، چەتئەللەرنىڭ مۇستەملىك
كە تېپىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋەتەن ساتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار خوجايىنلى
رىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يازغان، خوجايىنلىرى بەرگەن پۇل بىلەن چىقارغان ئىدى.
ئەجەپلىنەرلىك يېرى، «ئۇيغۇرلار» 1989- يىلى سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئابرو يانىۋرگىنىسىنىڭ كۆز
قاراشى بويىچە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنى بۇرمىلا
خان ۋە دەپسەندە قىلغان. ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ جۇڭگو تارىخىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن
لىكىنى، ئوچۇقتىن ئوچۇق ئىنكار قىلغان، يەنى ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاق
لىقىنى بۇزىدىغان سۆزلەرنى كۆپ يازغان - ئوچۇق تارقاتقان. ھەر مىللەت تارىخچىلى
رى، شىنجاڭ يازغۇچىلار - ئەسەرلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇنداق بىر
يامان كىتابنىڭ ھەر مىللەت يازغۇچى - ئەسەرلىرى ئارىسىدا داۋاملىق رەھەر تارقىت
شقا ئالدىن قىلىپ تۇرالايمىزمۇ؟ تاقەت قىلىپ تۇرالايمىز ئەلۋەتتە.
بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن
دەۋرىدە يېزىلغان «تارىخنامە»، «خەننامە» دېگەن دۇنيا تارىخچىلىرى قەدىرلەيدىغان
مەشھۇر تارىخشۇناسلىق ئەسەرلىرى. لېكىن تۇرغۇن ئالماس ئۇلارنى قەستەن كەمسىت
دۇرۇپ، قانداقتۇ «مىسالىيەن بىلەن بەنگۇ (غەربىي يۇرت) دېگەن ئاتالغان تونۇرا ئاسىيا
خەلقلىرىنىڭ، مولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خورلۇسىنى، تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرى
سىدا بىر قەدەر ئېنىق مەلۇمات بېرەلمىگەن ... چۈنكى، ئۇ چاغدا جۇڭگو تارىخچىلى
رى غەربىي يۇرت) توغرىسىدا ئەپسانە، سودىگەرلەر ئارقىلىق ئىگىلىگەن پەرەزگە
ئاساسلانغان ياكى قىسقىلا خاتىرىلىگەن، ئىتراپلىق، تەپسىلىي مەلۇمات ئىگە بولا
لىشى ئىمكانىيەتسىز بولغان ئىدى» دېگەن (بۇ كىتاب 21- بەت). بۇ گەپنى تارىخنا
دا، تۇرغۇن ئالماس ئەيىبلىگەن قەدىمكى زامانىدىكى غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى
مۇجەددىدلەر توغرىسىدا كەۋلىمى سۆزلەسمۇ يوق ئىكەن. سىماچيەن بىلەن بەنگۇنىڭ
غەربىي يۇرتنىكى دۆلەتلەر، مىللەتلەر، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى تارىخى
شەخسلەر توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى ئۆز زامانىدا دۇنيادا يېگانە بىر خاتىرىلەر ئە
دى، ھازىر ھەم شۇنداق، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان. ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدىن سىرت، ياكى بىر
خىل پەرەزنى تونۇتىدىغان خاتىرە بارمۇ؟ يوق، يەنە بىرىمۇ يوق. تۇرغۇن ئالماس
نىڭ سىماچيەن بىلەن بەنگۇنى ئەيىبلىگەن ماتېرىيالى ئىلا ئىگىلىگەن دەپ ئەيىبلە
شى دەل ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى ۋە جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى كەمسىتىدىغانلىقى

نى ئاڭلاپ بېرىدۇ. ئەينى زاماندىكى دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ شىمالىدا تۇراتتى.
«خەننامە، چېن تاڭ تەزكىرىسى» دە «خۇن سۇلالىسى ئەمگەن، چىقىرىپ قوغلىشار
تەگرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى، ئۇلتۇۋش (تەگرىقۇت) غەربىي قوغلاپ، كەلگەن. دىڭ-
لىڭ ئۈچ دۆلەتنى بىر - بىرىدىن ئۆزىگە قوشۇۋالدى» دەپ يېزىلغان. سىماچيەن يې-
لەن بەگلىرى كىتاب يازغان چاغدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار شىنجاڭ
تەۋەسىگە تېخى كۆچۈپ كەلمىگەن ئىدى. قاندالىسىگە «خەننامە، غەربىي يۇرت تەز-
كىرىسى» دە بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قاسلى بولىدۇ؛ ئۆزدىنلىق ئەتقا-
نىچە، مىلادى II ئەسىردىن كېيىن، كۆپلىگەن دىڭلىڭلار، تىللار شىنجاڭغا كۆچكەن.
مىلادى I ئەسىردىمۇ بىرنەچچە تۈركۈم دىڭلىڭلار گەنسۇدىكى خېشى رايونىغا كۆچۈپ
بارغان. «جەنۇبىي جى تارىخى. جۇرجانلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى
V ئەسىردە دىڭلىڭلار بىر مەھەل تۇرپان رايونىدا مۇكىم سۈرگەن. سىنىڭ يىگىرمىنچى
«ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلە-
رى» نىڭ 1980- يىلى ي- سانىدا بېسىلغان) دېگەن ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك
مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە مەسىلە» («شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە - ئۇيغۇرلار ۋە
قەدىمكى جەمئىيىتى» گە كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987- يىلى نەشر
قىلغان) دېگەن كۆزقاراش، بۇ يەردە تەكرارلانمايدۇ.

2) ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇرلار ۋەتەن-
نىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيىتى يەرپا قىلىشتا زور تۆھپە ياراتقان. چېگرا
رايوننى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداشتىمۇ زور تۆھپە ياراتقان.

ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا ئۇزۇن، نوپۇسى كۆپ بىر مىللەت. بىر نەچچە مىڭ
يىلدىن بۇيان ۋەتىنىمىز كەڭ زېمىندا ياشاپ، ۋەتىنىمىز تارىخىنى يارىتىشتا سىياسىي
ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشقان، چېگرا رايوننى گۈللەن-
دۈرۈش ۋە قوغداشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارى-
خىدا، تاشقى جەھەتتە زوراۋانلارغا تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەت ۋە مىللەتنى قوغداش
ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى - جۇڭگو تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ھەمنەپەس
ھەمدەمدە، باشقىلار ئىگەللىۋالغان تەلا كۆرىدىغان يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. چارروسىيە، ئەنگلى-
يە ۋە قوقاندىن بېسىپ كىرگەن ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، سان -
ساناقسىز ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى باشقا مىللەت قەھرىمانلىرى بىلەن بىر قاتاردا ۋەتەننىڭ
مۇقەددەس زېمىنى - شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ پاك قېنى بىلەن سۇغاردى. ئۇيغۇرلار-
نىڭ تارىخىنى ماركسىزملىق تارىخ قاراش ۋە مىللەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە توغ-
را شەرھلەش - جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخىنى توغرا شەرھلەشنىڭ مۇھىم بىر مەز-
مۇنى. شۇنداقلا ئاپتونوم رايوندا ئېلىپ بېرىلىدىغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىنىڭ تەركىبىي قىسمى. بىر پۈتۈن يىگىر-
مە يېقى تارىخ بويىچە ئەڭ مۇناپىرەسىز ئىسپانىيە، روسىيە، ئەنگلىيە. مۇستەملىكىچى-
لىرى دۆلىتىمىزنى پارچىلاپ، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈ-

چۈن، ئۇلارنىڭ غالچىسى - شىنجاڭدىكى پانتۈركىستلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قا-
داقتۇر «شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەن-
دە، ئاندىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى» دېگۈزدى. بۇ زە-
ھەرلىك سىياسىي ئىغۋانىڭ قىلچە ئاساسى يوق. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60- يىلى
(شىنجۆنىڭ 2- يىلى) غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى تەسىس
قىلغاندىن باشلاپ شىنجاڭ ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن
بۇ - پولاتتەك تارىخىي پاكىت. بۇ تارىخىي پاكىت ئاسماندىكى ئاي بىلەن كۆزدىكى،
يەردىكى دەريادەك جىسىكى ئاتلىقۇلۇل كىشىلەرگە ئايان. كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى،
XIX ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، بەزىلەر
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى جۇڭگو تارىخىنىڭ سىرتىدىكى بىر قاتار مۇستەقىل خانلىقلار
تارىخى قىلىپ يازغان. بۇ ئىنتايىن خاتا. چۈنكى ئۇ تارىخىي بۇرمىلاش يولى بە-
لەن ئەكسىيەتچىل بۆلگۈنچىلىك كۆز قارىشىنى تارقىتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇز-
غۇنچىلىق سالغان. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغان.

تۇرغۇن ئالماس ئەپەندى ئۇيغۇر تارىخىغا زورمۇزور چاپلىغان، باشقا مىل-
لەتلەر قۇرغان خانلىقلار، مەسىلەن، ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى، تۈرك خانلىقى ۋە چەت-
ئەل تارىخى دائىرىسىدىكى ياۋروپا ھۇن دۆلىتى، خارەزم سۇلتانلىقى قاتارلىقلاردىن باشقا
دەۋردە. تارىختا ئۇيغۇرلار قۇرغان خانلىقلارمۇ بار. لېكىن بىز ئۇلارنى جۇڭگو تارىخىنىڭ
سىرتىدىكى مۇستەقىل خانلىق دەپ قارىمايمىز. چۈنكى ئۇلار تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ
جۇڭگو زېمىنى بولۇپ كەلگەن دائىرە ئىچىدە قۇرۇلغان. ئۇلار مەركىزىي خانلىقلار بەرگەن
مەرتىۋىلەرنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلغان. ئۆزىنى جۇڭگونىڭ بىر
قىسمى دەپ بىلگەن، جۇڭگو بىلەن دوستانە ئۆتكەن. بىز ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى،
قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسىنى مىسال
قىلىپ، قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇر (回纥) خانلىقى (744 - 840 - يىللىرى) موڭغۇلىيە ياylasىدا قۇرۇلۇپ،
ئازكەم 100 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتكەن.
سىياسىي جەھەتتە ئۇيغۇر خاقانلىرىدىن 3 ئەۋلاد قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەرتىۋى-
سىنى قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇر قوشۇنى ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنلۇشەن -
شى سىمىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا ياردەم بەرگەن. تاڭ سۇلالىسى ئۈچ مەلىكىسىنى ئۇي-
غۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىپ ئۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇيغۇرلار خېشى
كارىدورىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى ئۇيغۇرلار (回鹘) غا قاراشلىق رايونلار ئارقىلىق بولغان. ئىقتىسادىي
جەھەتتە، ئۇيغۇرلار (回鹘) ئاتلىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاي - دۇردۇنلىرىغا تېگىش-
كەن، سودا مىقدارى زور ئىدى. مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇرلار دۆلەت دىنى دەپ
ئۇلۇغلىغان مانى دىنى ئۇيغۇرلارغا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى رايونلاردىن تار-
قىلىپ بارغان. مەشھۇر مەڭگۈ تاشلاردىن «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» سوغ-
دى يېزىقى، تۈرك يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان.

مىلادى 840-يىلى ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر-
لار غەربكە كۆچتى. غەربىي يۇرت ۋە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى تەۋەسىدە كەنجۇ
ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار دۆلىتى مەيدانغا كەلدى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خان جەمەتى ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ئەۋلادى ھېسابلايتتى،
ئۇلارغا ئاساسەن تاڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان شىجۇ، تىڭجۇ، ۋە ئىزۇرۇدۇل ئاپات
ئىسرى تارايىتتى. پايتەختى قوچۇدا ئىدى. بۇ ئۇيغۇرلار يۇرتلىشىپ، كۆچمەن
چارۋىچىلىقتىن تەدرىجى دېھقانچىلىققا كۆچكەن، ئۇلار بۇرۇن مانى دىنىغا ئېتىقاد قى-
لاتتى، كېيىن بۇددا دىنىغا كۆچتى، يېزىق جەھەتتە ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقىنى
قوللىناتتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئولپان تىزلىگەن. قوچۇ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە دىرستلىق بەسرى
بار ئىدى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوچۇ شەھرى كېچىدە
نى كۆرگەن ئارزۇي بۇددا ئىبادەتخانىسى بىرلۇپ، ھەممىسىگە تاڭ سۇلالىسى ئىنئام
قىلغان زىۋىسكىلارنىڭ ساقلانغانلىقى، ئىبادەتخانىلاردا بۇددا بۇيۇملىرى بۇددا نومى، ۋاق
شېئىرلىرى، ۋاقتىنچى تەرىملەرى، ھەمزىلەرى مال قويۇلغانلىقى ... بارلىقى راۋى-
قى بولۇپ، ئۇنىڭدا تاڭ تەيزۇڭ، مىڭخۇاڭلارنىڭ يارلىقلىرى ئېيتىلغانلىقى، بولغان قۇ-
لۇپلارنىڭ سىلىقلانغانلىقى، ئۇلارنى بىلەن كۆرگەن (سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، قوچۇ
تەزكىرىسى) قوچۇ ۋاقتىلىرى، تاڭ سۇلالىسى بەرگەن ئالتۇن تامغىسى تا يۈەن سۇلا-
لىسىگە ساقلاپ كەلگەن، ھازىرمۇ گەنجۇدىكى يې ئائىلىسىنىڭ تەزكىرىسى دە: «قوچۇ
ۋاڭنىڭ تامغىسى بار، ئۇنىڭدا ۋەتەنلى قوغدىغۇچى ۋاڭ تامغىسى» دېگەن خەت
بار.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيەسى ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەسىدە ئى-
دى. قاراخانىيلار ئەسلىدە قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شەرق ۋە غەرب
تىكى ئارمانغا بۆلۈنگەن، شەرقىي ئارمانىڭ پايتەختى بالاساغۇن ئىدى، كېيىن
قەشقەرگە يۆتكەلدى، غەربىي ئارمانىڭ ئاساسچىسى ساتۇق بۇغراخان بولۇپ
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ھەم ئۆز تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى يولغا قويدى. قاراخا-
نىلار دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، مەھمۇت كاشغەرىنىڭ داڭ-
لىق ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داڭلىق
ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر. قاراخانىيلار دۆلى-
تىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن دوستانە ئۆتكەن. قاراخانىيلار دۆلىتى
سۇڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مەرتىۋە بېرى-
شىنى تەلەپ قىلغان. مەسىلەن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە:
«شىنىڭنىڭ 3- يىلى (مىلادى 1070- يىلى) 3- ئايدا ئەلچى لىساۋۇن ([illegible]) ([illegible])
ئارقىلىق تەرسە - كېرەك تەقدىم قىلدى، 10- ئايدا ئۇلارنىڭ پادىشاھىغا (تەرەق-
قىيپەرۋەر، ساداقەتمەن قاراخان) دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. ئۇزۇندىن خانىمىز مەرتى-
ۋە بېرىشنى ئىلتىجا قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بەزى
خانلىرىنىڭ خانلىق مەرتىۋىسى ئالدىغا «تاۋغاچ» (جۇڭگو) دېگەن سۆز قوشۇلغان

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا جۇڭگو يۇقىرى قىسمى، ئوتتۇرا قىسىم، تۆۋەن قىسىم دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. يۇقىرى قىسىم تاۋغاچ (يەنى تاۋغاچ، سۇڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ - نەقىل ئالغۇچى)، ئوتتۇرا قىسىم كىدان، تۆۋەن قىسىم بارخان (قەشقەردە) دەپ ئاتىلىدۇ» (ۋاڭ جىلەينىڭ «مىلادى X — XV ئەسىردىكى جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن؛ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى نىڭ 1981 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان) بۇ مەسىلىلەر قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تۈزلىرىنى جۇڭگودا بىر قىسىم دەپ قارالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كەنجۇ ئۇيغۇرلىرى گەنسۇنىڭ غەربىي رايونىدا دۆلەت قۇرغان. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى ئاساسەن خەنزۇلار ئىدى. بەش دەۋردىن شىمالىي سۇڭ دەۋرىگىچە، كەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلارنىڭ مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن يېقىن ئالاقىدار بولۇپ كەلگەن ئىدى.

يۇقىرىقى ئاددىي بايانلاردىن ئۇيغۇرلار قۇرغان يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەتنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخى دائىرىسىدىكى تارىخ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى بىرىنچىدىن، بۇ ئۈچ خانلىق خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى جۇڭگو زېمىنى ئىچىدە قۇرۇلغان؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئۈچ خانلىقنىڭ قاغانلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مۇناسىۋىتىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلغان، ئۈچىنچىدىن، چوڭ بىرلىك جۇڭگو تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، شۇ دەۋرلەردە جۇڭگو تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئۈزۈلمەس كۈچىيىشى بولغانلىقى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قۇرغان ئۈچ خانلىق كېيىن يۈەن، مىڭ، چىڭ ئۈچ سۇلالىگە قوشۇلۇپ بىرلىككە كەلدى ھەم چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگودا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، جۇڭگو تارىخىدا مىسلىسىز چوڭ بىرلىكنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئادىل نۇرى ئاستىدا، بۇ ئۈچ مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خوجايىنلىق ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنىڭ يورۇق تەرىپىمۇ، قاراڭغۇ تەرىپىمۇ بار. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنى ئالساق، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ھەمكارلىقنى ئالغا سۈرگەن ئىشلار ۋە كىشىلەر، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنىڭ يورۇق تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مىللىي ئاجرا، مىللىي زۇلۇم، مىللىي ئۇرۇشلار بولسا، تارىخنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىگە ياتىدۇ. تارىختىكى مىللىي زۇلۇم ماھىيەت جەھەتتە سىنىپىي زۇلۇم بولۇپ، ئۇنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار پەيدا قىلغان، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۇ چاغلاردا تېخى ھوقۇقسىز ئورۇندا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتا ساۋابكارلىقى يوق. بۈگۈنكى كۈندە بىز تارىخ يېزىشتا، تارىخنىڭ يورۇق تەرىپىنى مەدھىيىلىشىمىز، قاراڭغۇ تەرىپىنى تەنقىد قىلىشىمىز لازىم. ئۇيغۇر، خاتىلغىلرىشلا خادىملىرى ياكى باشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللەتلەر دوستلۇقىنى ھۆرمەت كۆرسەت-

گەزلىرىنى تەكىتلەش لازىم. مەسىلەن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى قۇتلۇق بىلگە قا-
غان مەملىكەتلەر، ئىنتايىن قالغان پايدىلىق ئىشنى ئىككىنى قىلىپ، تارىختا ياخشى نام
قالدۇرغان. تاڭ دېرىۋىگىنىڭ ۋە يېڭى بۇكە قاغان پۇرسەتنى پايدىلىنىپ ئىچكى زايول-
لارنى بۇلىماتچى بولغانلىدا، ۋەزىر دوئامۇخەدا: «تاڭ سۇلالىسى چوڭ دۆلەت، بىزگە
ياماتلىق قىلغىنى يوق، ئەلگىرى تەيزوڭكە بىرىپ بىر نەچچە شەھەر ئوي، ئالارنى
بولاپ كەلدۇق، بىز قوشنا دۆلەتلەر بىراقنى كۆزلىسەك بولىدۇ، تىنچ تۇتقۇنىمىز
تۈزۈلە» دەپ توسقان. بۆگۈ قاغان ئاڭلىمىغان. دوئامۇخەدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى
قاغان بولغان دېيىلىدۇ. بۇ ئىش ئۇزۇنغا تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بىلەن
دوستانە ئۆتۈشنى قەدىرلەيدىغان تەشەببۇس قىلغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ. يەنە بىر ئىش
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمىر ئەلچىلىرى ئۇيغۇر ئاتلىرى ئۈچۈن ئاتارلىق كىشىلەرنى ئۆز
بىشىمچىلىق بىلەن ئۆلتۈرگەن. تاڭ دىيۇرلاڭ يېڭىدىنلىنى يۈرۈپ ئۈچۈن ئاتارلىق نەۋەت
كىشىنىڭ جەسىتىنى تاپتۇرۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن. قاغان يەنىدىكى «يۈز قاراپ بۇرۇن
ئىدى كەچمىش، مەن ئۇنداق قىلمايمەن، ئۈچۈن ئاتارلىق كىشىلەر ئۆلدى كەتتى،
بۈگۈن مەن سىزنى ئۆلتۈرسەم، قاننى قان بىلەن يۇغاندەك بولىدۇ. پايدىسى يوق.
مەن قاننى سۇ بىلەن يۇيۇمەن» دەپ كەپ قىلىپ بەرگەن (بۇتىرىدى، ئىككى ئابزاس
سۆز «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىن ئېلىندى). «قاننى سۇ بىلەن يۇيۇ-
مەن»، بۇ نېمە دېگەن ياخشى گەپ — ھە! بۇ سۆز مىللىي دوستلۇقنى كۆزلەيدىغان
مىللىي، ئارىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ياخشى پايدىلىق. مۇنداق داستىمەن خانى
تۈرگۈن ئاتاملار كۆپ تېپىلىدۇ. بەزى ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ لويالا قاتارلىق
جايلاردا خەلققە بۇلاڭچىلىق قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلغان. بۇلاڭچىلىق ئۆلتۈرگەنلىكىنى
بولسا ئاغزى بىسلامچى داۋراڭ قىلغان، بۇ قانداق ھېسابتا؟ بۇنى ئۇرۇشنى ئال-
مىسى كەيپىدى مىللىي ماجىرانى مەقسەت قىلىدىغان، خەلققە ئەلقىسى ئۈچ
كۆرۈش ئىدىيىسىنى مەقسەت قىلغان دېمەكتىن باشقىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن
ئەمەس.

(٢) ماركسىزمنىڭ بېكىتىشىمىزچە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئۇيغۇر-
لارنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا ئەمەلىيەت ئىلگىرىلىشى كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئېھتىياجى.
چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيانلا جوڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك
دۆلەتنىمىز شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇستەھكەملىنىش جەريانىنى بېسىپ ئۆت-
تى. مەلىكىتىمىز شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت
ئىدى، ئەمما تېخى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئەمەس ئىدى. چىن،
سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى 400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك
دۆلىتىمىزنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى بولدى. كېيىن ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىدا كۆپ قېتىم
بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، مەسىلەن، ۋېي، شۇ، ۋۇ، ئۈچ دۆلەت دەۋرىدە،
شەرقىي جىن، سۇلالىسىدىكى ١٦ دۆلەت دەۋرى ۋە جەنۇبىي – شىمالىي سۇلالىلەر دەۋ-
رىدە شۇنداق بولدى. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈ-

رۇش ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇرۇش ئازابىنى تويغۇچە تارتقان ۋەتەن
مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۇلارغا خاتىمە بېرىش ئىستىكىنى كۈچەيت-
تى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بەش دەۋر، ئون دۆلەت دەۋرى ۋە لياۋ، جىن سۇلالىلىرى-
دىكى بۆلۈنۈش دەۋرى يۈز بەردى. لېكىن تارىخنىڭ ھەممىدىن سىناقلىرى شۇنى
قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى، بۆلۈنگەن مەزگىلدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئەدەپ كەتتى،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى مۇتەسسىلسىز ئېغىرلاشتى. ئومۇمىي
داۋامىدا بىرلىككە كەلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ھەرمىللەت خەلقى تىنچ، خاتىرجەم
ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئېرىشتى. شۇڭا، بىرلىككە كېلىش ئېلىمىز تارىخىي
تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى، بۇنى تارىخنىڭ ئۆچمەس تىككى
قىسمىنى تەشكىل قىلدى؛ بۆلۈنۈش پەقەت تارىخ تەرەققىياتىدىكى ۋاقىتلىق ئېقىمى،
ئۇنىڭدىلا ھەرمىللەت خەلقى خالىمايدىغان
ھادىسە.

ئېلىمىزنىڭ تېررىتورىيىسى ۋە بۇ تېررىتورىيىدە ياشاۋاتقان مىللەتلەر ئاساسەن
خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يەنىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. يۈەن
بۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلىتىمىزنى ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى مۇس-
تەھكەملەپ تۇراقلاشتۇرغان.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن
كۆپ مىللەتلىك بۇ چوڭ دۆلىتىمىز زور ئۆزگىرىشلەرگە ۋە داۋاملىق كۈچىيىشكە ئىگە.
بىزنىڭ ۋەتىنىمىز مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەت، 5000 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ
شەرقتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى
مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ياراتقان، ئۇزاق، پارلاق مۇڭ
گە تارىخقا ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى مەنسۇبىيەت بىلەن قارايدۇ، ھەرمىللەت
ئەجدادلىرىنىڭ ئۇزۇندىن قىممەتلىك تارىخىي مىراسىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىگە
ئەتىۋارلاپ ئېيتىمىز، ئۇنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغلاندۇرۇپ، تارىخ بىز-
گە ئارتقان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشىمىز لازىم.

ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىلەن ھازىرقى زامان تارىخى
يەنە شۇنىمۇ ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ بۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەت-
لىك چوڭ دۆلىتىمىزنىڭ زور ئۆزگىرىشلىك، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ۋە كەلگۈسى مەر-
ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى جاھانگىرلار ئېلىمىزگە ھەربىي تاجاۋۇز قىلغاندا، كەلگۈسى-
لىك ئالدى بىلەن چېگرا رايونلىرىغا كەلدى. ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى
موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، يۈننەن، گۇاڭشى قاتارلىق رايونلاردىكى ئازسانلىق مىل-
لەتلەر ئەل يۇرتىنى قوغداش يولىدا قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. زوراۋانلار
ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى چەتئەللىك رايونغا تاجاۋۇز قىلغاندا، ئېلىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقى قوزغىلىپ دۈشمەنگەن تاقابىل تۇردى. بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىرى
ئېلىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى بېسىۋالغاندا، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەمكارلىشىپ،
جاسارەت بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە

ئاشۇنى بىرىپ باپىرىمىز ئارىسى ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر دۆلىتىمىز ئاھالىسى ئاز زېمىنى تار كىچىك دۆلەت بولغان بولسا، جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە، ۋەتىنى مۇقەررەر بولغان قولغا ئايلىنىپ قېلىش تەقدىرىدىن خالىي بولۇشىمىز تەس بولغان بولاتتى.

جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىمىز تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكىتىمىز ساھەسىدە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان نەتىجە بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر دۆلىتىمىز ئاھالىسى ئاز، زېمىنى تار كىچىك دۆلەت بولغان بولسا، بۇنداق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتۇق. بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كېلىشى، مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن، ئىككىنچىدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار، باتۇر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە كۈرەش قىلغانلىقىدىن، ئۈچىنچىدىن كەڭ ئاتا تۇپراقنىڭ ئۈستىگە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مول بايلىق بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدىن بولدى. مەن ھەم مىسالغا ئېلىپ باقايلى، 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخى، 56 قېرىنداش مىللەت، بىر مىليارد 100 مىليوندىن ئارتۇق ئىشچان باتۇر خەلق، 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىن ئادەمنى زور ئويغا سالىدىغان مەۋجۇدىيەتنى ھاسىل قىلغان. بۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى مۇقەررەر قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. بۇ زور مەۋجۇدىيەتنى قەدىرلىشىمىز، ئاشۇرۇشىمىز، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى ھەر دائىم ھوشيارلىق بىلەن قوغدىشىمىز لازىم.

ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، جۇڭگو تارىخىدا زوراۋانلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بۇلاپ تالىشى، پارچىلىشى، قۇل قىلىشى يولىدا سىناپ باقمىغان قالمىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ چەت ئەللەردىكى بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر يېڭى جۇڭگونى ئۆچ كۆرۈپ، ئېلىمىزدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ئەكسىيەتچىل سۆزلەرنى داۋاملىق تارقىتىپ، ئېلىمىز تېررىتورىيىسىدە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇندى. مەسىلەن، ئۇلار دالاي لامىنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش ھەرىكىتىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق قوللىدى. ھەتتا ئۆتكەندە تىبەتتە يۈز بەرگەن توپىلاڭ ئاپىتى بەردى، بايرىن ئەكسىيەتچى ئۇرۇنلىرى ئېلىمىزنىڭ ئەڭ زېمىنىنى بىسىۋالغان، ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغان تاجاۋۇزچىلىق، زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى «ھەربىي يۈرۈش»، «ئەسكەر تۇرغۇزۇش» دېۋالدى، پۇلاتتەك پاكىتلىرى تاغدەك تۇرغان نەتىجىدە چوڭ قىرغىنچىلىقنى ئوچۇقتىن ئوچۇق ئىنكار قىلدى. 1991- يىلى 1- ئاينىڭ 3- كۈنىدىكى «ياپونىيىنىڭ خەۋىرى» گە

مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلدى: دۇنيا پۈتۈنىڭ بىر قەدەر ئەسىرلىك خەلقئارا ئىقتىسادى تەتقىقاتچىسى جاڭگوجۇن شىنخۇيلاڭ يېقىندا «دۇنيانىڭ يېڭى ئىقتىسادىي تەرتىپى ۋە ياپونىيە» دېگەن بىر يېڭى كىتابنى چىقاردى، ئۇ مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلدى: «جۇڭگو بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تاشلايدۇ. ئۇ چاغدا، جۇڭگو بىر پۈتۈن جۇمھۇرىيەت بولۇشتىن قېلىپ، دۆلەتلەر ئىتتىپاقى قاتارىدا بولىدۇ. باشقا رايونلاردىكى پارچىلانغان دۆلەتكە ئايلىنىدۇ». جاڭگوجۇن يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەنگلىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى دائىمىي ئىمپېرىيە دۆلەتلىك ئورنىدىن چېكىنىپ چىقىشى، دائىمىي ئىمپېرىيە دۆلەتلىك ئورنىدا ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە ئولتۇرۇشى لازىم. ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ قۇتۇپلۇق دۇنيا قۇرۇلمىسىغا ئايلىنىش دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش كېرەك. ياپونىيىلىك بۇ ئەكسىيەتچى جۇڭگونىڭ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىشى، جۇڭگونىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىنى تىلەپ ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلىگەن. بۇ جۆيلاشلار ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈش كۆرۈشى، لېكىن جۇڭگوغا ئۆچ كۆزلىگەن بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى بىر قەدەر تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز لازىم.

يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا، جاھانگىرلار شىنجاڭدا بىر قىسىم ۋەتەن ساتقۇچلارنى يېتىشتۈرۈپ، ماداگەرلارغا مۇستەملىكە تۈزۈم بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيە — پانتۈركىزمنى تۈزۈلۈپ ئىدىيىۋى قورال قىلىپ، يالغان تارىخ توقۇش ۋاسىتە قىلىپ، ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ... مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى بۇزۇشتىكى جىنايى ھەرىكەتكە ئىشلەتكەن ئىدى. ھازىر، ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرى مۇستەقىللىق ھالدا رەسۋالارچە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. ئازمىسۇدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، چەت ئەللەردىكى ئەكسىيەتچىلەر پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب-ژۇرناللارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزدى. بۇ ئەسەرلەر ... كىشىلەر ئىچىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب ئەنە مۇنداق كىتابلار ئارىسىدا قويۇلدى، ... ۋە جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان سىياسىي تەسىر پەيدا قىلغان.

شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدە تۇرۇپ، شىنجاڭ تارىخىنى ۋە مىللەت تارىخىنى توغرا چۈشەندۈرۈشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. شىنجاڭنىڭ رايون تارىخىنى ۋە مىللەت تارىخىنى بۇرمىلايدىغان ئويدۇرمىلار ۋە سەپسەتىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل پاش قىلىپ، بۇ سەپسەتىلەرنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىشىمىز لازىم. بۇ — جىددىي ئىلمىي ۋەزىپە ھەم جىددىي سىياسىي ۋەزىپە، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇنداق قىلىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بۇ ئەمەلىي ۋە-

زېمىنى غەلىبىلىك ئورۇنداش ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. شىنجاڭدا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئېھتىياجى.

# مىللىي بۆلگۈنچىلىككە تارىخىي ئاساس يارىتىپ بەرگەن ئۈچ كىتاب

## — تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ئۈچ كىتابىغا باھا

چېن خۇا

### 1 ئاتالمىش «مىللىي قەھرىمان» مەسىلىسى

دۆلىتىمىز 56 مىللەتلىك چوڭ دۆلەت، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۇزۇن تارىخى بار. ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، تەدرىجىي ئۇيۇشۇپ ئۇلۇغ، ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە — جۇڭخۇا مىللىتى بولغان. بۇ، دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەت ئىچىدىكى بىردىن - بىر مۆجىزە. ئارىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئەھۋال. ھەر بىرىمىزنىڭ ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلىشىمىز ۋە ئاسرىشىمىزغا تېگىشلىك.

بىزنىڭ تارىخقا ئەھمىيەت بېرىشى، تارىخ بىلىشتىكى مەقسىتىمىز باشقا ئەمەس، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى — ماركسىزمنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلىش، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئۇل پىرىنسىپى. بۇ پىرىنسىپ ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇشى كېرەك. بۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ھەر مىللەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئىدىيە بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىق ئەمەس، بۇنداق بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى تەكشۈرگەن، تەھلىل قىلغان ۋە ئۆگەنگەن چاغدا باھا بەرگەندە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بو-

ئۇنى ئۈچۈن، مۇشۇ پرىنسىپنى ئۆلچەم قىلىپ، مىللىي خوراپاتچىلىقنى تۈزىتىپ، تارىخنى توغرا شەرھىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

تارىختا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئالاقە قىلىش جەريانىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ئورتاق راۋاجلانغان، بۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مىللەتلەر ئارا ئۇرۇشمۇ بولغان بولسىمۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىشى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. سى- نىپىي جەمئىيەتتە مىللىي زۇلۇم بولسىمۇ، ماھىيەتتە سىنىپىي زۇلۇم. مىللىي زۇلۇم دېگى- نىمىز ھەر مىللەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ باشقا ھەر مىللەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە بولغان زۇلۇمى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەت ئىچىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىچى سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتكە قارىتىلغان زۇلۇمى، شۇنداقلا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلققە قارىتىلغان زۇلۇمىدىن ئىبارەت. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ ھەممىسى زۇلۇم تارتقان، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولغان قېرىنداشلاردۇر.

تۇرغۇن ئالماس ئۆزىنىڭ تارىخ ئەسىرىدە، تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلغان؟ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە مىسالغا قاراپ باقايلى:

بىرىنچى مىسال: كورشادنىڭ تاڭ پادىشاھى لى شىمىنگە قەست قىلىش توغرىسىدىكى ۋەقە.

ئالدى بىلەن ۋەقە يۈز بېرىش ئالدىدىكى ھەممە تەپسىلاتلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈۋالايلى.

مىلادىنىڭ 583-يىلى، تۈركلەر شەرقىي، غەربىي ئىككىگە بۆلۈنگەن. تاڭ سۇلا- لىسىنىڭ دەسلەپكىدە، شەرقىي تۈركلەر قاغانى سۇي دېگەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۈك- تەملىك قىلىپ، دائىم جەنۇبقا بېرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان، قاراخان ۋاقتىغا كەلگەندە جەنۇبقا ھەر يىلى بېسىپ كىرگەن. مىلادى 626-يىلى (تاڭ گاۋ- زۇ يىلنامىسى ۋۇدېنىڭ 9-يىلى) شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاراخان، ئۈرسىدان ئىككى قاغانى 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلىپ، ۋېيشۈي دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ شىمالىغىچە بېسىپ كېلىپ، يېقىندىن قورشىغان. تاڭ خاندانلىقىنى يېڭى تەسىس قىلغان چاغدا، لى شىمىن خاندانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا بەل باغلىغان. قاراخاننىڭ ھاكىمىيىتى قالايمىقان- لىشىپ، دائىملىق ئاپەت يۈز بەرگەن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىمالدا سىر تاردۇش- لار بىلەن بىرلىشىپ، مىلادىنىڭ 629-يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 3-يىلى) ئالتە يولغا بۆلۈنۈپ زور قوشۇن ئەۋەتىپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلغان، شەرقىي تۈركلەرنى يىقىتقان، 100 مىڭغا يېقىن ئادەم تاڭ خاندانلىقىغا ئەل بولغان. تاڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ خەن خاندانلىقىنىڭ جەنۇبىي ھۇنلارنى ئورۇنلاش- تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى مىسالنى ئۈلگە قىلىپ، تەرەققىي تۈركلەردىن ئەل بولغان 100 مىڭ ئادەمنى تارقىتىۋەتمەي، ئەسلى قەبىلە بويىچە خېتاۋنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلا-

لاشتۇرغان، يۈجۇدىن ئىچكىرىگىچە (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىدىن دېڭىزبويىنىڭ لىياۋ-ناھىيىسى ئەتراپىغىچە) شۈنجۇ، يۈجۇ، خۇاجۇ، جاڭجۇ قاتارلىق تۆت ئايماققا تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان (شۈنجۇ - ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شۈنيى ناھىيىسى، يۈجۇ - ھازىرقى ... ئاتلىرىدە، خۇاجۇ ۋە جاڭجۇ - ھازىرقى گەنسۇنىڭ چىڭياڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا)؛ يەنە قاراخاننىڭ زېمىنىنى ئالتە ئايماققا ئايرىپ، دىڭشياڭ ۋە يۈنجۇڭ تۇتۇق مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىپ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ... ئەتراپى)، ئاشىنا تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنى تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، تۇرمۇش ئادىتى ئۆزگەرمىگەندەك بولغان. تۇرغان ئاۋۋال تەسلىم بولغان، قاراخان تىرىك تۇتۇلغان، پادىشاھ ئالاھىدە ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلغان ھەم كۆك قانات مۇھاپىزەتچى چوڭ سانغۇنلۇق مەنسىپى بېرىپ، پايتەختتە يەر - زېمىن ئىنئام قىلغان، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئالى خانىدانلىققا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىگە سانغۇن، نەۋكەر، بەش قاتارلىق يۇقىرى مەنسەپلەرنى بەرگەن، ئورۇندا بەشىنچى دەرىجىدىن يۇقىرىلار يۈزدىن ئاشقان، ئەدەتتىكى ئوردا خادىملىرىنىڭ يېرىمىنى ئۇلار تەشكىل قىلغان. شۇڭا نەچچە مىڭ ئائىلە چاڭئەنگە كەلگەن». («يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»)، مىلادى 629- يىلى شەرقىي تۈركلەر تىنجىلاندۇرۇلغاندىن كېيىن مىلادى 639- يىل (جېنگۇەننىڭ 13- يىلى) غىچە بولغان ئون يىلدا تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەن، تۈپۈش كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر بىلەن ئالى خانىدانلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئىناق بولغان. كۆتۈرۈلۈشتە بۇ جايدا كۈرشاد ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئەھۋال ئۆزگەرگەن.

تۆۋەندە، كۆرسەتكىنىمىز ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا يازغان مۇشۇ ۋەقە توغرىسىدىكى تەسۋىرى:

«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، مۇستەقىل تۈرك خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جۇڭگوغا ئەسىر بولۇپ قالغان تۈركلەرنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا ھەرىكەت باشلانغان. بۇنداق مەقسەتنى ئورتاقلىشىپ، ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى ... ۋار قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى كۈرشاد ئىدى. كۈرشاد مىلادىنىڭ 639- يىلى چاڭئەنگە ئەجەبۇرى كەلتۈرۈلگەن تۈرك بەگچەكلەردىن 40 يىگىتنى ئەتراپىغا توپلاپ بىر مەخپىي تەشكىلات قۇردى. تەشكىلاتنىڭ مەخپىي كېڭىشىدە ئۇلۇغ مەقسەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، كۈرشاد قاغان بولىدۇ دەپ ماقۇللاشتى. لېكىن كۈرشاد بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي، قاغان ئاشىنالىقتا ئۆز جەمەتىدىن بىرنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ تەكلىپى قارارىدىن ئۆتتى».

«شەرقىي تۈركلەرنىڭ كۈرشاد باشچىلىقىدىكى ئازادلىق ھەرىكىتى مىلادىنىڭ 639- يىلى 4- ئايدا باشلانماقچى ئىدى. بۇ چاغدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى شىمىن ئىدى. ياشنا ئېتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 630- يىلى تاڭ قوشۇنلىرىغا ئەسىر چۈشكەن 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈرك شىمالىي جۇڭگودا مەھكۇملۇقتا ياشايتتى. «كۈرشاد» باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلار ئەتراپلىق پۇختا كېڭەشكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى ئالاھىدە ئىككى باسقۇچتا بېسىپ ئەمەلگە

ئاشۇرماقچى بولدى. بىرىنچى باسقۇچتا، پادىشاھ لى شىمىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تۈركلەر يۇرتىغا ئەكېتىپ كۆرۈك، تۇتۇۋېلىش. ئاندىن كېيىن، لى شىمىنى قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە تاڭ سۇلالىسى پايتەختىدە ئەزەر بەند بولۇپ تۇرغان تۈرك بەگچە كلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، ئىككىنچى باسقۇچتا بولسا، تۈركلەرنى سەپەر-ۋەر قىلىپ، غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلان-لاندى. كورشاد لى شىمىنىڭ بىر قىراچە ياساپ كېچىسى چاقىشەن كۆچىلىرىغا چىقىپ بىر قىرالار ئارىسىدىكى ئەمزالى تالاڭ تىكلاپ يەرىغان ئادىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولدى. لى شىمىنى تۇتۇش پىلانلانغان ئاخشىمى ھاۋا بۇزۇلۇپ بوران چىقتى. لى شىمىن ئوردىسىدىن چىقمىدى. بۇندىن گۇمانلانغان كورشاد سىر مەلۇم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، جان ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ لى شىمىنى ئۆز يەردىن تۇتۇپ چىقماقچى بولدى. شۇ كېچىسى كورشاد باشچىلىقىدىكى ٤٠ يىگىت تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېسىپ كىردى. ئوردىدا قاتتىق جەڭ يۈز بەردى. ئىسيانچىلارنىڭ ئاتقان ئوقى ۋە جابدۇق قىلىچىدىن يىقىلغان ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ئۆلدى. كورشاد ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ قارا قىيامەت كۆتۈرۈپ بۇيرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ لى شىمىنى تۇتۇۋېلىشقا كۆزى يەتمەي، يولداشلىرىغا ئوردىدىن چېكىنىش بۇيرۇقىنى بەردى. كورشاد باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلار تاڭ ئوردىسىنىڭ ئاتخانىسىدىكى ئاتلارنى تولغا چۈشۈرۈپ، ئاتلىنىپ ۋېيخې دەرياسىنىڭ بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر پۈتۈن ئارمىيە قوغلاپ كەلدى. دەريانىڭ بويىدا بولغان جەڭدە ئىسيانچىلار-نىڭ بىرمۇ يىگىرمە كىشىلىك قىسمى، ھەممىسى مەردانىلارچە جەڭ قىلىپ، قىزىل قانغا بويىلىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.»

«كورشاد ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىنىڭ جەسىتى ۋېيخې دەرياسىنىڭ سېرىق توپى-لىق قىرغىقىدا قالدى. بىز كورشاد ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتنى جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدىن ئالدۇق»

«تۈركلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى كورشادنىڭ ئىسيانى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي تۈركلەر ئىچىدە ئازادلىق، مۇستەقىللىق كەيپىياتى پەسەيمىدى. غەر-بىي تۈركلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ئولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسى تاڭ قىياغا ئۆزىنى تۇر-غان دەمدە تىنىڭ دولقۇندەك داۋالغۇشقا باشلىدى. ئالجاناپ خىسلەتلىك شىر يۈ-رەك قەھرىمان كورشادنىڭ خەلق ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا كۆرەشكەن ۋە كۆرۈشىۋاتقانلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى ۋە ئالغۇسى. (بۇ قىرىقلارنى «تۈبەرلار»نىڭ ٢٠٣-٢١١- بەتلىرىدىن كۆرۈڭ)

كورشاد ۋەقەسى توغرىسىدا تېلىمىزنىڭ قەدىمكى مۇھىم ئەسەرلىرىدە ئىككى جايدا خا-تىرىلەر بار. بىرسى، «تەڭرى ئىدارە قىلىشىنىڭ ئۆرنەكلىرى» دە. يەنە بىرسى، «بېي-جى تاڭشۇ» دە. مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشايدۇ. پەقەت ئالدىنقىسى تەپسىلىراق، كېيىنكىسى قىسقىراق. «تۈبەرلار» دىكى بۇ بىر ئابزاسنى ئاپتور ئۆزىنىڭ «تەڭرى ئىدارە قىلىشىنىڭ ئۆرنەكلىرى» دىن ئالغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمدى «تەڭرى ئىدارە

قىلىنىشنىڭ ئۈزۈرەنگەنلىرى، دېگەن مۇناسىۋەتنىڭ خاتىرىسىنى ئىزۋەتتە كۆرسىتىمىز.

ۋەئەلى، ئىدارە قىلىنىشنىڭ ئۈزۈرەنگەنلىرى، دە ٦٣٩ - يىلدىن تەيزۇڭنىڭ يىمانا- سىنى جېنگۇەننىڭ ١٣ - يىلى ئۇنداق پايان قىلىنغان:

باز يەسلى، ٤ - ئاي، ۋۇبىن كۈنى، پادىشاھ جۇچىڭگۇڭغا كەلگەن، دەسلەپتە، تۈرك لەرنىڭ قاغانى ئۇرىخانىنىڭ ئىنىسى كۇرشاد تۈرسىخانغا ئەگىشىپ ئوردىغا كىرىپ نەۋكەر بېشى بولغان. ئۇ قائىلىدە ئۇكچەكلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاكىسى تۈرب خان ئۇنى ئەيىبلىگەن، ئۇ كۆڭلىدە غەزەپ ساقلاپ، ئاكىسىغا ئاسىيلىق قىلىشقا قەست قىلىۋاتىدۇ. دېگەن تۆھمەتنى چاپلىغان، شۇڭا پادىشاھنى تولىمۇ ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قېلىپ، ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ ئەمىلىنى ئۆستۈرمىگەن. كۇرشاد يوشۇرۇنچە ئۆز قەبىلىسىدىن ٤٠ نەچچە ئادەمنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جىن ۋاڭ كېچىسى سىرتقا چىقىشقا تەشكىللىنىپ، ئىچىپ مۇھاپىزەتچىلەرنى چاقىرغاندا، ئوردا ئىشىكىدىن بۆسۈپ كىرىپ، چوڭ ئىش قىلىشنى پىلانلىغان. جياشىن كۈنى (تۆپىلاڭ قىلماقچى بولغان كۈ- نى - ت) ئۆزىنىڭ ئارقىلىق خېلىگۈنىنى ئوردىنىڭ سىرتىغا ئۆتكۈزۈپ قويغان، بۇ چاغدا قاتتىق بوران چىقىپ، جىن ۋاڭ سىرتقا چىقمىغان، كۇرشاد ئەھۋالنى بىلىپ، قالغان نۆۋەتچىلەر دەپ ئەنسىرەپ، ئوردىغا بېسىپ كىرگەن، قاتتىق ئات يوساتقىن ئۆتۈپ، ئوق ياغدۇرغان، مۇھاپىزەتچىلەردىن نەچچە ئونلىغان ئادەم ئۆل- گەن. مۇھاپىزەتچىلەردىن سۇن ۋۇجى ئىدارىلەر كۆپچىلىككە باشچىلىق قىلىپ قات- تىق زەربە بەرگەن. ئۇ بىر ئاز تۇرۇپ چېكىنگەن، ئوردىنىڭ ئاتخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، ٢٠ نەچچە ئاتنى بۇلاپ، شىمالغا قاراپ قېچىپ، ۋېيخې دەرياسىدىن ئۆتۈ- ۋۇپ ئۆز قەبىلىسىگە كەتمەكچى بولغان. ئارقىدىن قوغلاپ بارغانلار تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرگەن، خېلىگۈز ئىشەنچىگە تەۋسىيە قىلىنغان.

ۋەئەلى ئىدارە قىلىنىشنىڭ ئۈزۈرەنگەنلىرى، دېگەن يېقىندا پايان قىلىنغان خاتىرىنىڭ ئەسلى مەتىنى مۇنداق: جېنگۇەننىڭ ١٣ - يىلى مىلادى ٦٣٩ - يىلىنىڭ باز يەسلى ٤ - ئېيىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى شىمىن جيۇچىڭگۇڭ (ھازىر- قى شەنشىنىڭ لىنيۇدا) غا بارغان، سەپەرگە چىققاندا. كۇرشادنىڭ قەستەن قىلىشى ۋەقەسى يۈز بەرگەن.

«كۇرشاد تۈركلەرنىڭ قاغانى ئۇرىخانىنىڭ ئىنىسى. جېنگۇەننىڭ ٤ - يىلى (مىلادى ٦٣٠ - يىلى) شەرقىي تۈركلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۈرسىخان تاڭ خانىدانلىقىغا تەسلىم بولغان، كۇرشاد ئۆزىنىڭ ئاكىسى بىلەن بىللە چاڭئەنگە كەل- گەن. تاڭ خانىدانلىقى ئۇنى نەۋكەر بېشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ قائىلىدە لۇكچەكلىك قىلغان، بۇ ئاچىدا، ئاكىسىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان. ئۇ كۆڭلىدە ئا- داۋەت ساقلاپ، پادىشاھ ئالدىدا ئاكام ئاسىيلىق قىلىشقا قەست قىلىۋاتىدۇ دەپ چېقىپ، ئاكىسىنى يەنىكلەشنىڭ قىلماقچى بولغان. پادىشاھ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىل- گەندىن كېيىن، ئۇنى تولىمۇ ياقتۇرمىغان، ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئۇزۇنغىچە ئۆستۈرمىگەن. كۇرشاد ئۆز قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانغا نارازى بولۇپ، يوشۇرۇن ھالدا ئىل-

گىرى ئۈزى بىلەن بىر قەبىلىدە بولغان. 40دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ، سۇيىقەست پىلانلاپ، جىنشۇاڭ لى جىڭنىڭ كېچىدە ئوردىسىدىن چىقىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۇلارغا يە-زەنچىنى چاقىرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، تۈپ - تۈز پادى-شاھ تۇرىدىغان جايغا ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، بىر چوڭ ئىش قىلماقچى بولغان. بىپا-تىغا ئۈگىنىۋېلىپ قويغان، دەل شۇ كۈنى تاسادىپىي بوران چىقىپ، جىنشۇاڭ لى جىڭنىڭ مېھمانلار ئوردىسىنىڭ تۈگىلى خىيالىڭىزنى ئوردا سىر-چىقمىغان. كورشاد ئاتلىق ئاتالار ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن، جىنشۇاڭ لى جىڭ بىلەن پادىشاھ تۇرىدىغان قەسرگە (شەھەر سىرتىدا پادىشاھ تۇرىدىغان ئوردا) ھۇجۇم قىلىپ، ئۈت قۇۋۋەت توساقنى بۇزۇپ، ئوق ياغدۇرغان، ئۇلارغا يېزە-تچىلەردىن نەچچە ئون ئادەم ئۆلگەن. نەتىجىدە جىرىكلەرنىڭ ئۆكتۈرۈپ ئېتىشى بىلەن كەيۈر قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرى ئادەمنى يالاپ قاتتىق زەربە بېرىشى بىلەن، كورشاد قاتارلىق توپىلاڭچىلار بىر پاس ئېتىشىپ، ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاتقا مىنىپ چېپىپ بېرىپ 23 نەچچە كۈندە يولغا ئاتلانغاندا، ئاق تۇغلۇقنى ئەترىپىدىن قوغلاپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. خىلوكىر بولسا، كەچۈرۈم قىلىنىپ، لىكەن ئەترابىغا سۈرگۈن قىلىنغان.

ئەسلى تېكىستنى ئاپتورنىڭ يازغىنىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاپتورنىڭ ئەسلى تې-كىستنىڭ مەنىسىنى بىر قىسىم يەردە ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، كورشاد ئەسلىدە ئۆز تېرىلگەن بولۇپ، ئاتايىن ئىشلارنى قىلماقچى ئاكىسىنىڭ تەسىرىدىن ئۈچرىغان، شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ، ئاكىسىغا ئاسىيلىق قىلىشقا قەست قىلۋاتقان – دېگەن ئۆھمەت بىلەن زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئاكىسىچە، پادىشاھنىڭ سو-ئۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن. ئاپتور مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ماختاپ ۋەتەنپەرۋەر خىسلەتلىك، شىر يۈرەك قەھرىمان، قىلىپ كۆتۈرگەن.

ئىككىنچى، ئاپتور جانلىق سۈرەتلەپ تەسۋىرلىگەن ئاتالمىش «شەرقىي تۈرك ئەلىنىڭ كورشاد باشچىلىقىدىكى ئازادلىق ھەرىكىتى» ۋە «ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئويدۇرۇلغان پىلانى» پۈتۈنلەي ئاپتورنىڭ ئاساسسىز ئويدۇرمىسى.

ئۈچىنچى، ئەسلى تېكىستتىكى «جىنشۇاڭ جىڭ لى شىمىنىڭ ئوغلى لى جىڭ بەنى كېيىنكى ۋاقىتتىكى تاڭ گاۋزۇڭ. «يېڭى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆزگەرتكۈرى» نىڭ 193-جىلد «تاڭ سۇلالىسى ھەققىدىكى خاتىرە »1« دا: لى جىڭنىڭ جىڭ گۇەننىڭ 5-يىلى (مىلادى 631-يىلى) جىنشۇاڭلىققا تەيىنلەنگەنلىكى خاتىرىلەنـ-گەن. ئاپتور لى جىڭنى لى شىمىن دەپ، خاتا ھالدا ئوغلىنى ئاتىسى قىلىپ قويۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۆزگەرتىپ، ئەينى ۋاقىتتا چاڭئەندە، يوق لىشىمىنىڭ «ۋۇق-

راۋچە بايسىپ كېچىسى چاڭئەن كوچىلىرىغا چىقىپ يۈرسىلەر، تارىخنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ - ئىنقىلابىدىن ئادىتى يارە قىلىپ تۇتۇپ، ئەمەلگە سىفەتدارلىق قىلىپ - كى- تابخانلارنىڭ گۇمانىنى يوقاتماقچى بولغان. بۇنىڭ بەرى تارىخ يېزىش بولسۇن؟ بۇ سىياسىي ھېكايىچىلىق بولۇپ، ئاپتور توقۇپ چىقىپ، ئانداق يازماقچى بولسا، شۇنداق يازغان.

ئاپتور ئۆزى يازغان بۇ تارىخىي ۋەقەلىكنى تارىخقا توقۇلغان ئەمەس، بەل- كى ۋاسىتىلىق گەپ، ئىككىلىكنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى ئە- قىلنى گويا راستلىق ئالاھىدە «ئۇيغۇرلار» نىڭ 211 - بەتتىكى ھەمزىچە يېزىق بو- يىچە كىرگۈزۈپ، بۇ خىل ئۇسلۇب بىلەن ھەمزىچە يېزىقنى ئۆتمۈشتىن ئۆزى- مۇ كىتابخانلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئويدۇرۇپ چىقارغان بىر تارىخىي «مىللىي قەھ- رىمان» نى خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا كۈرەشكەن ۋە كۈرەشچانلارنىڭ تەلىپىدىن مەڭگۈ تۇرۇپ ئالدۇرماقچى بولغان. مانا بۇ - ئاپتورنىڭ ھەقىقىي ۋە مەقسىتى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك شۇكى، ئاپتور بولۇپمۇ ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇ «مىللىي قەھرىمان» نى «كۈرەشچانلارنىڭ قىساسىدىن مەڭگۈ تۇرۇپ ئالغۇزۇش» تارىخلىق بىۋاسىتە ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغى ئەكسىچە سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن داۋراڭ سالغان. بۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز؟

ئىككىنچى مىسال، قوچۇشار تەڭرىقۇت «مىللىي خائىن» مۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە ھۇن ئەللەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشىدە رول ئوي- نىغان بەزى تارىخىي شەخسلەرنى «مىللىي خائىن» دەپ تىللىغان. بۇ يەردە ئۇ- نىڭ قوچۇشار تەڭرىقۇتقا بەرگەن باھاسى ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

قوچۇشار تەڭرىقۇتنىڭ يەنە بىر نامى خۇخەيېي، ئىرمۇرد تەڭرىقۇتنىڭ 7 - ئەۋلاد ئەۋرىسى، شىرلوبي تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. مىلادىيىدىن 33 يىل بۇرۇن، ھۇن قوۋملىرى گۇرۇھى تەڭرىقۇتلۇق تەختىنى تالىشىپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ، قىر- غىنچىلىق قىلغان. بۇ تارىختا «بەش تەڭرىقۇتنىڭ تەخت تالىشىشى» دېيىلىدۇ. قوچۇ- شار تەڭرىقۇت بۇ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى زەئىپ- لىشىشكە دۇچ كېلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قوچۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاكىسى سول ياندىكى قوڭۇزىش شەرق تەرەپتە ئۆ- زىنى قوڭۇز تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىغان ھەم قوچۇشارغا ھۇجۇم قىلغان. قوچۇ- شار ئامالسىز قېلىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان، خەن سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن ھونلار خەنلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قۇتۇلۇپ، خانلىرىچە ئەللىككە ئېرىشكەن.

قوچۇشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، خەن سۇلا- لىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. گەنلۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 51 - يىلى) قوچۇشار چاڭئەنگە بارغان. پادىشاھ خەن شۈەندى ۋۇزىنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەر قايسى تۈرە - ۋاڭلاردىن يۇقىرى تۇرۇپ بەرگەن. ئۆزى بىۋاسىتە ۋېيچى دەرۋازىسىنىڭ كۆزۈ-

رۇڭگە بېرىپ كۆرۈشۈپ تۇرغان. دېمەك، خەن سۇلالىسى دەۋر تەڭرىتاغدا ئەڭ ئوردىدا مۇئامىلە قىلغان. قوغۇشار چاغلىرىدە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرغان. قوغۇشار ئاتى تېنچ-ئاۋاتلىقىدا خەن سۇلالىسى چاكلىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى. ئوتتۇز يېگى، گاۋچ چاڭ-تۈۋرۈكىسى دۆلەت چېگرىسىنى مارۇ - ئاتلىقلار ئوتتۇز بېگى خەن چاغنى قى سىلىق چەۋەنداز بىلەن، يەنى ۋىلايەت (ئايماق) ئەمەلدارلىرىدىن مىڭدىن ئار- تۇق ئادەمنى تۇرغان. قوزغىلىپ بىرىپ تەڭرىتاغنى ئۆزلۈكىدىن قېرىشقا ئۆتە- كەن. پادىشاھ خەن. شۇنىڭدەك يىلنامىسى خوجا قىلىۋىشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مى- لادىيىدىن ئىلگىرىكى ٤٧- يىلى) قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى- چى قېتىم كىرگەندە، كۆرۈشۈپلىش ۋە تىنچلىق، ئالدىنقى ئۆۋەتىسىنىڭ ئورنىشانى بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ٤٤- يىلى ئۈزتۈش تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىپ چىقىپ تۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەن. يەنى ئۆزى سىغا ۋە يەغارىگە ھۇجۇم قىلغان. ئاخىرى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى مۇ- ھاپىزەت قىلغۇچى چەۋەندازلار، ئوتتۇز بېگى گەن يەنشۇ ۋە ئۇنىڭ چېرىكچى- چېن تاڭ تەربىيىدىن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قوشۇنىنى قىتتا سېلىش بىلەن يوقىتىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ٣٣- يىلى، پادىشاھ يۈەندىنىڭ يىلنامىسى جىڭنىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى، قوغۇشار يەنە خەن سۇلالىسىگە كەلگەن، خەن پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان سوۋغاتلىرى ئالدىنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ھەم ئۇنىڭ تە- لىپىگە بىنائەن ۋاڭ جاۋجۈننى ئۇنىڭ نىكاھىغا بەرگەن. قوغۇشار خۇشال بولۇپ، مەكتۇپ يېزىپ، خەن سۇلالىسى ئۈچۈن دۇنخۇاڭنى ئاتقۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىن دۇڭخۇاڭغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ۋەقەلەرنى «خەننامە، ھۇنلار تەزكىرىسى»دىن كۆرۈڭ).

قوغۇشار خەن سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىنكى 60 يىلى جەريانىدا، ھۇنلار- نىڭ قوزغىلىرى كېچ ئىشلىمىگەن بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت، مېچقاندىكى ياراگەندە- چىلىك بولمىغانى، ھەسرۇ ۋە ھۇن خەلقى بۇ چاغدا كۆپ ھەسپەيدە قالغان.

قوغۇشارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېقىنىش ئىككى تەرەپنىڭ ھەممىسى رازىلىقى بىلەن بولغاچقا، مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىنغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغىچە داۋاملاشقان دۈشمەنلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت ئىناق، دوستانە، ئىتتىپاق ھەمكارلىق مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ، تۇرناتنىڭ شىمالى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىكى ئالغا سۈرۈلگەن. مۇشۇنداق زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ۋەقە توغرىسىدا، ئاۋۇ كىتابنىڭ ئاپ- تورى قوغۇشار تەڭرىقۇتنى ئىسلاپ «ھالى خانىم» دېگەن (« ئۇيغۇرلار »، 133- بەت) ئۈزتۈش تەڭرىقۇتنى «باتۇر تەڭرىقۇت»دىنلا قالسا، ئالاھىدىلىكى ھەرىپ ستىل- لارنىڭ تىنچى، قەيسەر، ھەقىقىي، ۋەتەنپەرۋەر تەڭرىقۇت» دەپ مەدھىيىلىگەن (دەۋىپ ۋە ئەتراپ ۋاقتى، 131- بەت).

ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى بىر ئازكەمكى تارىخىي ماتېرىيالنى ئۆزگەرتىش ۋە توقۇپ چىقىش ئەپرىنكى بىلەن «مىللىي قەھرىمان» قىلىپ، مىللەتنى ئىتتىپاقسىزلىق ئۈچۈن «تۆھپە» ياراتقان، كىشىلەر ھۆرمەت قىلىدىغان بىر تارىخىي شەخسنى ھاقارەت بىلەن تىل تېگىپ «مىللىي خائىن» دېگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ بۈگۈنكى كۈندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلمۇزاتقان گەپ - سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

ئاپتورنىڭ تارىختىكى «قوشۇلۇش» مەسىلىسىگە بولغان كۆز قارىشىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىكى تار - تۈتۈق روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. قوشۇلۇش - تارىختا سىياسىي ئىتتىپاقلىقنىڭ بىر خىل مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان رولىنى بىراقلا ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ، ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سۈي سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ، تۈركلەر بىلەن شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوشۇلۇش بولۇپ، ھەممىسى ھەقىقەتەن مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈش - كېلىشىشىدە رول ئوينىغان. ئاپتور بۇنى يۇقىرىدىكى بىرقانچە مىسال بىلەن يەنە يۇقىرىدىكى پەيلاسىپ «جۇڭگولۇقلار باشقا دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرىگە ياتلىق بولغان قىزلىرى ئارقىلىق شۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولالايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بارغان تەرجىمانلار سىياسەتچىلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ» دېگەن («ئۇيغۇرلار»، 264- بەت). بۇ يەردە سۆزلەنمەي قالمايدىغىنى شۇكى، ئۇ تۈرك قاغانى مۇقان قاغاننىڭ پۇل - مالنىڭ كويىدا بىر قىزنى ئىككى قېتىم ياتلىق قىلىپ، يەنى ئاۋۋال شىمالىي جۇ سۇلالىسىگە، كېيىن شىمالىي چى سۇلالىسىگە ياتلىق قىلىپ، ئوتتۇرىدا پايدا - مەنپەئەت قازانماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا (بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى «جۇزنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دىن كۆرۈڭ)، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايلا قالماستىن، يەنە مۇقان قاغاننى ماختاپ «كەڭ كۆڭۈل، ئەقىل - پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، دۇشمەنلەر ۋە ھەربىي دىپلوماتىيە جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى» دېگەن («ئۇيغۇرلار» 225- بەت). تارىخقا مۇشۇنداق بويسۇنۇشتا مۇئامىلە قىلىپ، ئىپتىخارلىقنى ئېلىپ، قالايمىقانچىلىق بىلەن كارى بولمىسا، قانداقمۇ تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسىنى يېزىپ چىققىلى بولسۇن؟

ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى مۇھىم مەزمۇن ئىدى. ئاپتور بۇ جەھەتتە سىياسىي قالتۇرۇپ ئايغاق، ئىسلامىي ئۆزگىرىشنى بولسا، بۇ ئۈچ كىتابتا تولۇقۇۋەتكەن، يەنە كېلىپ ئالماشتۇرۇشنىڭ ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتنى ئىزلىگەن ئاساستا تەھلىل قىلماي، ھەممىدە «جۇڭگو»نىڭ توغرىسىغا چىقىرىۋەتكەن. مەن بۇ يەردە ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى ۋېن دۇچېڭىن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى»

دېگەن «كىتابىدا قىلغان مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى كۆچۈرۈپ بايان قىلىمەن: «مىل-
لىي ئۆزۈش مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى بىر مۇھىم مەزمۇن، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ
ھەممىسى ئەمەس. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى مۇھىم مەزمۇن ئىقتىساد، مەدەنىيەت
جەھەتتىكى ئالاقە. شۇڭلاشقا بۇ ئالاقە تىنچ مەزگىلدە بولۇش بىلەنلا قالماي، مىل-
لىي ئۆزۈش مەزگىللىرىدىمۇ دائىم بولۇپ تۇرغان. شۇڭا، تارىختىكى مىللىي ئۆزۈش-
نى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش - كىچىكلىتىۋەتمەسلىك، شۇنداقلا چوڭايتىۋەتمەسلىك كې-
رەك. مىللىي ئۆزۈشنى تەنقىد قىلغاندا پەقەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا
قىرغىنچىلىق ۋە زىيان - زەخمەتنىلا ئوتتۇرىغا قويماي، مۇھىمى، تارىخىي ماتېرىيا-
لىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق مەنبەسىنى ۋە ھەقىقىي ماھى-
يىتىنى ئاشكارىلاش كېرەك. مىللىي ئۆزۈشنىڭ مۇقەررەرلىكى، ئۇرۇق مەنبەسى ۋە
ھەقىقىي ماھىيىتىنى توغرا شەرھلەپ بەرگەندىلا، ھەر مىللەت خەلقى تارىختىكى مىل-
لىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي ئۆزۈشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، ئۆزلىرىدە ئۆ-
زۈتتىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن خاتا چۈشەنچىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، بۈگۈنكى
كۈندىكى مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى
قەدىرلەيدۇ» (بۇ كىتابنىڭ 15- بەتكە قارالسۇن.)

— غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالساق، ئۆز ئارا
تىنچلىقتا ئۆتكەن ۋاقىت ئۆزۈش ۋاقتىدىن كۆپ ئارتۇق. پادىشاھ ۋۇدى تەختتە بول-
غان 54 يىل جەريانىدا، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا، ئۆزۈش بولغان
يىل، ستاتىستىكىلىق سانىدىن قارىغاندا، ئاران 22 يىلغا يېتىدۇ. شەرقىي ۋە غەربىي
خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئىقتىساد مەدەنىيەت جەھەتتىكى
ئالاقىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئارا كۆرسەتكەن تەسىرى پەقەتلا ئاز ئەمەس ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ھۇنلار «ئەزەلدىن ئۆتكەل با-
زارلىرىغا ئامراق ئىدى، خەن خانلىقىنىڭ مال - بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرەتتى»
دېيىلگەن. پادىشاھ ۋۇدىنىڭ يېنىدا كىممىدى ئاتلىق بىر ۋەزىر بولۇپ، ھۇنلار
خانى شۇتۇزىنىڭ ئوغلى ئىدى ئۇ، قىزىشا رەھان بىلەن بىللە كېلىپ خەن سۇلالىسىگە
ئەل بولغان لەشكەر بېشى، مەھرەم بەگ، ئاتلارنى ئەمەلدار بولۇپ، پادىشاھ ۋۇ-
دىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكتىن دۆلەت ئۆزىسى دېگەن فامىلە بېرىلگەن. ۋۇدى
ئۆلۈش ئالدىدا، كىممىدى خوگۇاڭ، ساڭ خوڭياڭلار بىلەن بىرلىكتە ۋەسىيەت
پەرمانىنى ئېلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ياردەمچى بولۇپ ئىنى بېغىشلىغان. «ئۇرا -
تۆمۈر ھەققىدە، تېرىقچىلىق تەسىدە دا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جاۋ-
دىنىڭ ۋاقتىدا ھۇنلارنىڭ چارۋىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كىرگۈزۈلگەن
ئەھۋال خاتىرىلىنىپ، «تېمۇر، ئىنەك، تۆگىلەر، تورغان ئىچكە تۈزلەڭلىكى كىرىـ
تۈراننى، چىۋار، ئاتلار ئۆز چارۋىسىز بولۇپ قالاتتى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن جانلى-
نىپ كەتكەن ئەھۋالنى بىلگىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ھۇنلار تەرەپكە
يېرىلىدىغان قول سانائەت بۇيۇملىرى، خەنزۇ رايونلىرىدا ئىشلىتىلگەن تۆمۈر، مىس،
ساپال قاچا - قۇچىلار ۋە يىپەك توقۇلما قاتارلىقلار ھۇنلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم

بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم نەرسىلەر ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شايى ـ ئات سودىسى، تارىختىكى مەشھۇر چوڭ ئىش. بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇلار بىلەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ چاي ـ ئات سودىسى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان. مىللەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي، مەدەنىي ئالاقىنى كەلگەن، بىز تارىختا دەپ ئۆگەنگەنمىز.

ھەرخىل، كۆپ ئاتلام، كۆپ يوللۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلانغان، قويۇقلاشقانلىقى نەتىجىسىدىلا كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىز بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشقان. ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كىچىك ـ كىچىك ئېقىنلار قوشۇلۇپ ئاخىرى زور دەريا ھاسىل قىلىپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتى شەكىللەندى، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئېلىمىز مىللىي مۇناسىۋەت تارىخىدا، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى مىللىي مەسىلىلەر بولغان. بۇنى ئېنىق بىلىشىمىز لازىم. چىن، خەن سۇلالىلىرى ئېلىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ ١٨٤٠-يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىغىچە بولغان بۇ ئۇزۇن تارىخىي باسقۇچتا، ئېلىمىز فېئوداللىق جەمئىيەت دەۋرىدە بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئۇرۇشلار بولغان بولسىمۇ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەر مىللەتنىڭ ھۆكۈمران، ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلىرى پەيدا قىلغان، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئىدى. ١٨٤٠-يىلى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن تارتىپ ١٩٤٩-يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغىچە بولغان بۇ يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، ئېلىمىز يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىپ، ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلە ئالدى بىلەن، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزم ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچ چوڭ تاغ بولۇپ، بۇ ئۈچ چوڭ تاغ مىللىي زۇلۇمنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ سىنىپىي ئاساسى ئىدى، بۇ ئۈچ چوڭ تاغنى ئۆرۈپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇستەقىللىككە ئېرىشەلەيتتى، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشاتتى. ١٩٤٩-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكى، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، دوستانە ئورتاق گۈللىنىشتىن ئىبارەت يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئۈچ باسقۇچنى ئېنىق ئايرىپ، بۇ ئۈچ باسقۇچنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى كۆزىتىش

ھەم ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى مىللىي مەسىلىنى ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ ئې-
يارەت ئورنىدا مەسىلىگە كىرگۈزۈپ ھەل قىلىشلا توغرا، ئىلمىي
بولىدۇ.

## 2. ئاتالمىش ئون بىر «مۇستەقىل ئىمپېرىيە ۋە خانلىق» توغرىسىدىكى مەسىلە

دۆلىتىمىز جىن، خەن سۇلالىلىرىدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەت-
لىك دۆلەت بولۇپ كەلگەن. ئۇلۇغ زېمىنىمىزنى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر، جۇڭ-
لىدىن ھازىرقى ۋە تارىختا مەۋجۇت بولغان بارلىق مىللەتلەر ئورتاق ئاچقان؛ ئې-
لىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان،
ۋەتىنىمىزنى ئېچىش، ساقلاش ۋە قوغداش كۈرەشلىرىدە، ھەر قايسى مىللەت ئۆز
تۆھپىسىنى قوشقان. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئېلىمىز خەنزۇ مىللىتىنى ئاسا-
سىي گەۋدە قىلىپ كۆپ مىللەتلەر ئۆز ئارا بىرلەشكەن ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ شە-
كىللەنگەن. بۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە زىچ
باغلانغان ئايرىلماس ئەمەلىي گەۋدە، بۇ سوتسىيالىستىك كۈچلۈك تارىخىي شە-
كىللەنگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئاخىرقى ھېساپتا تۇرغۇزۇلغان
ۋە مۇستەھكەملەنگەن، مانا بۇ جۇڭگو ۋە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى. تارىختا
ھۆرمەت قىلىش - ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ھۆرمەت قىلغانلىق، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان
قېرىنداش مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

بىراق ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق ئەمەس، ئۇ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو-
دا خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە ئۇ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە خەنزۇلار
يىلدىغان تېررىتورىيىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. ئۇ چاغلاردا خەنزۇ-
لار غەربتە تېبەت ئېگىزلىكىدىن ئارتىپ، شەرقتە سېرىق دېڭىز بويلىرىغىچە، شىمالدا
تۈزلەڭلىككە قوشنا بولغان مۇڭغۇلىيە (ئاشۇ مۇڭغۇلىيە) دىكى چۆللەر، قۇملۇقلار،
دالىلار، ياپلاقلار، جەنۇبتا چاكچىياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ياپپېتىل، بۈك -
باراقسان ئورمانلىقلارنى بېسىۋالغان. ئۇ چاغلاردا خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى «دۇنيا-
نىڭ مەركىزى» دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىنى «جۇڭگو» (ئوتتۇرا يەر) دەپ ئات قويغان
بولسا كېرەك» («ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 58- بەت)

بۇ بىر ئابزاس سۆزنى ئاپتور گەرچە ئۇتتۇراق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن
قانداقلا بولسۇن دەلىدا كۆزىمىزگە ئىككى جۈملە سۆزنى، يەنى: بىرىنچى، جۇڭگو
خەنزۇلارنىڭ جۇڭگوسى؛ ئىككىنچى، جۇڭگونىڭ چېگرىسى تارىختا شىمالدا سەددىچىن
سېپىلىدىن، غەربتە خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتمەيتتى دېگەن سۆزنى ئاشكارىلىغان
بۇنى ئاپتورنىڭ ئۈچ كىتابتىكى بۇ ئۇيان-بۇيانلىرىدا بىرلەشتۈرگەندە، تېخىمۇ
روشەنلىشىدۇ.

ئالدى بىلەن، «جۇڭگو» دېگەن بۇ چۈشەنچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ تارىخى

تەرەققىيات جەريانىدىكى تەرەققىي قىلىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىۋېلىشىمىز لازىم. جۇڭگو – ئەڭ بۈيۈك بىر جۇغراپىيىۋى چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ، ئالاق دەۋرلەردە ۋاقىتقىچە قارىمىسىلىقان، مەنىسى «ئوتتۇرا يەر» دېگەن بولىدۇ. جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ چۈشەنچىنى شىيا مىللىتى ياكى خۇاشيا مىللىتىگە قارىتا قوللىنى- لىدىغان كېيىن داۋاملىشىپ چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنە خەنزۇ مىللىتىگە قارىتا قوللىنىلىدىغان. تارىختىكى تەرەققىي قىلىشقا ئەگىشىپ، جۇڭگو دېگەن بۇ چۈشەنچە، تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەل مەنىگە ئىگە بولغان. چىڭ سۇلا- لىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بولۇپمۇ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، جۇڭگو دېگەندە، ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل زېمىنى ۋە بۇ زېمىندىكى بارلىق مىللەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى؛ جۇڭخۇا مىللىتى دېگەندە، ئوتتۇرا جۇڭگو زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقان ۋە ياشاۋاتقان مىللەتلەر، جۈملىدىن ھازىرقى ۋە تارىختا مەۋجۇت بولغانلارنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ئېنىقلا روشەنلەشكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو دېگەن بۇ مۇقەددەس سۆزنى، پۈتۈن مەملىكىتىمىز- دىكى ھەر مىللەت خەلقى، مەيلى قەيەردە بولسۇن، مەيلى مەملىكىتىمىز ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆيمىلىك ئانىسى دەپ بىلىدۇ. يېقىنقى يۈز يىللاردىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى قوغداش يولىدا، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن جاھانگىر قاراقچىلارغا، مەيلى ئۇ شەرقتىن كەلسۇن، ياكى غەربتىن كەلسۇن، ھەممىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بۇ مۇقەددەس – پاك زېمىننى بويىغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلاردىن ئاز بولمىغان قەھرىمان ئىنقىلابىي قۇربانلار چىققان. بۈ- گۈنكى كۈندە، بۇ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتى؛ ئۇزۇن ۋاقىت جەبىر-زۇلۇمدە تىرا- ئاھانەت، سوغۇق مۇئامىلە ۋە كەمسىتىشلەرگە ئۇچرىغان مۇھاجىر قېرىنداشلار مۆ- رۇلۇق – خۇشاللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ماڭىدىغان كۈنگە ئېرىشتى؛ بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى تېپىشالىق بىلەن دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا كىرگەن- دۇق.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئاپتور ئۆزىنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ۋەتەننىڭ كەڭ زېمىنىدا، مېھرى – شەپقەتكە مىننەتدارلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەي، ئەك- سىچە، دۈشمەنلىككە تولغان پوزىتسىيە بىلەن، بارلىق زەھەرلىك توپنى تىزدىپ، ئې- يىپ، ۋەتەننىڭ يۈرىكىگە ئاتقان، ۋەتەننىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان.

ئاپتور «ئەجدادلىرىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز» دېگەن تۇتۇق – مۇجمەل چۈشەن- چىلەر بىلەن ئۇيغۇرلار «تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن باشلاپ، مىلادىنىڭ XV ئەس- رىگىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋردە»، تۆۋەندىكى ئون بىر «مۇس- تەقىل ئىمپېرىيە ياكى خانلىقنى قۇرغان؛ «ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيىسى – ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 220- يىلدىن مىلادى 216- يىلغىچە ھۆكۈم

سۈرگەن)، ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى (مىلادى 373- يىلدىن 468- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئاق ھۇن (ئېفتالىت ئىمپېرىيىسى مىلادى 420- يىلدىن 553- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقى (مىلادى 551- يىلدىن 745- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادى 646- يىلدىن 843- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادى 850- يىلدىن 1335- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (مىلادى 850- يىلدىن 1211- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادى 960- يىلدىن 1187- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ سالجۇقلار سۇلتانلىقى (مىلادى 1040- يىلدىن 1157- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، خارەزىم شاھلار دۆلىتى (مىلادى 1172- يىلدىن 1231- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، سەئىدىيە خانلىقى (1514- يىلدىن 1678- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، «ئۇيغۇرلار» (بىر يەردە) دېگەن كىتابتا ئەسەردە بىر سالجۇقلار سۇلتانلىقى توغرىسىدا بىر جۈملىلا سۆز قىلىنغان. ئاتالمىش «ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى»، «خارەزىم شاھلار» توغرىسىدىمۇ شۇنداق قىلىنغان، مەخسۇس باب بۆلۈپ بايان قىلىنمىغان.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى تولىمۇ غەلىتە، قارىغاندا ئاپتور بۇنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىگەن: بۇ ئۈچ كىتاب ئالتە بۆلۈمگە بۆلۈنگەن، بىرىنچى بۆلۈمى «ئۇيغۇر - ئورخۇن خانلىقى»، ئىككىنچى بۆلۈمى «قاراخانىلار دۆلىتى»، ئۈچىنچى بۆلۈمى «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى»، تۆتىنچى بۆلۈمى «ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى» قىلىنغان. ئاندىن كېيىن ئاپتور باشقا ئىمپېرىيە ياكى خانلىقلارنى جەمئى ئۈچ بۆلۈمگە ئايرىۋەتكەن، ئاساسىي تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھمىيىتى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇناسىۋەتسىز ئىدى.

ئاپتور كىتابىدا ئايرىم - ئايرىم تىلغا ئالغان بۇ تۆت بىر ئىمپېرىيە ياكى خانلىقنى قارىغاندا، كىشىلەرگە گويا ئۇيغۇرلار تارىختا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ئەسىردىن باشلاپ جۇڭگونىڭ سىرتىدا مۇستەقىل ئىمپېرىيە ياكى خانلىقلارنى قۇرغان، شۇنداقلا تا مىلادى 17 ئەسىرگىچە داۋاملاشقاندەك - بىر خىل تەسىراتنى بەرمەكچى بولغان. لېكىن تولۇق ئاساسلار بۇنداق دېيىشكە يېتەرلىك ئەمەس، چۈنكى تارىخىي پاكىت ئۇنداق ئەمەس ئىدى. تارىخىي پاكىت شۇنداقكى: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ئەسىردە، ھۇنلار تىيانشاننىڭ شىمالىدا تۇرغانلار ھەربىي ھاكىمىيىتىنى قۇرغاندا، دىڭلىڭلار ھۇن قولدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. مىلادى 6 ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، تۈرك خاقانلىقى دۆلىتىنى قۇرغاندا، ئۇيغۇرلار تېلېلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تۈرك خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. ئالتە سۇلالىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئۇيغۇرلار يەيدەنچېي خانلىق دۆلىتى بىرلىشىپ، شىركاتلىك (؟) تەۋەلىكىنى قوبۇل قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ھەممىدى تۈركلەر قۇرغان غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى، «ئۇلۇغ سالجۇقلار سۇلتانلىقى» ئاساسەن تېمىغا كېلىدۇ. بۇلار جۇڭگونىڭ دائىرىسىدە ئەمەس، جۇڭگو تارىخىنىڭ دائىرىسىگە

كىرەلەيتتى، ئۇلار راست جۇڭگونىڭ سىرتىدا مۇستەقىل ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ئۇيـ
غۇرلار بىلەن قانچىلىك مۇناسىۋىتى بولسۇن؟

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئاپتور بىر «ئەپچىل ئۇسۇل»نى ئويلاپ تاپقان، ئۇ بولسىمۇ: «ھۇنلارنى، تېخىمۇ بۇرۇنقىلاردىن بىرى ئۇلۇغ ياۋچىلارنى، ساكلارنى، ئۇيغۇرلار ۋە كېيىنكى تۈركلەرنى ئاپتور ئۆزىنىڭ «ئەجدادى»، پاكى «قېرىندىشى» قىلىۋالغان، ھەتتا سىياپىلار، موڭغۇللارنىمۇ ئاپتور تۈركلەشكەن ئۇيغۇرلار دەۋالغان. بۇ خىل ئۇقۇملارغا ياسىشى، ئەجدادىنى تونۇيدىغان چارىنى تارىختا قىلالىشى ئاپتورنىڭ ئىجادىي ـ كەشپىياتى بولسا كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق «مۇستەقىللىق تارىخى»نى ئۇزۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەسىدى. مەسىلىنىڭ ئۆزگىنى مانا مۇشۇنىڭدا، بۇ پەردە تارىخ توقۇغۇچىنىڭ ئاجىز، تۇرۇقتۇمچاق روھى ھالىتىنى ئاشكارىلىنىپ قالغان. ئەگەر تارىخ ھەققىدە ئاپتور توقۇغاندەك بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزى ئېيتقان ئون بىر ئىمپېرىيە پاكى خانلىق بويىچە بىر ـ بىرلەپ يازسا بولۇۋېرەتتى، «ئەجدادلىرىمىز» «قېرىنداشلىرىمىز» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مۇجمەل بىر ئىپادىلەرنى دەپ، تارىخ ساۋادى كەمچىل كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ بولمايتتى. كىتابخانلار سەل دىققەت قىلسىلا، ئاپتورنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماۋزۇلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ماۋزۇلارنى بىپەپ بوشۇرۇشتەك ھەقىقىي ماھىيىتىنى بايقاپ ئالالايدۇ. ئاپتور «ئۇيغۇرلار»نىڭ ـ بايىدىكى ھۇنلار ۋە ئۇيغۇرلار دېگەن ماۋزۇدا، قايسى ھون بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىسى پاكى ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى بارغان؟ ئازراقمۇ يوق. يازغانلىرى ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنىڭدەك ئۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىنلا ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا «سىياپىلار ۋە ئۇيغۇرلار»، «ئاۋارلار» دېگەن ماۋزۇدىكىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. «سىر» مانا مۇشۇ پەردە.

ئاپتورنىڭ يەنە بىر كۆز قارىشى شۇكى، «ئەددىيچىن سېپىلى جۇڭگونىڭ قەدىمكى «چېگرىسى» قىلىپ يازغان. ئاپتور خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ ئۇرۇشىنى پاكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئۇرۇشىنى يازغاندا، كۆپ جايدا: جۇڭگو قوشۇنى ئەددىيچىن سېپىلىدىن ئۆتكەندە، «ھونلار (پاكى تۈركلەر) نىڭ تېررىتورىيىسى پاكى رايونىغا بېسىپ كىرگەن» دېگەندەك پايان قىلىشنى قوللانغان. بۇ پەردە بىرلا مىسال كۆرسىتىمەن: «تۈركلەر بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىمۇ بىر نەتىجە چىقىرىش سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرى ھەرخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ قارىسىغا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. گاھىدا تۈركلەر ئەددىيچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، گاھىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى ئەددىيچىن سېپىلىدىن چىقىپ، تۈركلەر تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، لېكىن ئۇلارغا ھەربىي زەربە بېرىشنىلا كۆزلىمەي، ئەكسىچە يىراقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان (ئۇيغۇرلار، 233- بەت) بۇ، ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىش ئارقىلىق، دۇنياغا جۇڭگونىڭ چېگرىسى شىمالدا ئەددىيچىن ـ دەپ ئۇ-

چۆل جاكارلىغانلىق. ئەسلىدە، بۇنى ئاپتورنىڭ بىلىپ كەتمەيتى ئەمەس، مەملىكىتى-مىز سىرتىدىكى جاھانگىرلار ۋە زومىگەرلەردىن ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئاچاۋۇز قىل-غانلىقىنى ئاقلىماقچى بولغاندا، مۇشۇنىڭدىن دېگىنى بىرلا، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بىر جۇڭگولۇق چەت ئەللىك ئاچاۋۇزچىنى دورىغان.

يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېلىمىز تارىخىدا 20 دىن ئارتۇق مەملىكەت قۇرغان خانلىق ۋە بەگلىكلەر سەددىچىن سېپىلى ياسىغان: ئەمەلىيە دەۋرىدە، چۇ خانلىقى جەنۇبقا سوزۇلغان سېپىلنى ياسىغان. ئۇرۇشقاق دەۋرىدە چىن، جاۋ، ۋېي، يەن بەگلىكلىرى سەددىچىن سېپىلى ياسىغان. چىن خەن دەۋرلىرىدە، سەددىچىنلىقنى ياسىغان: كېيىنكى جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي ۋېيى، شىمالىي چى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى سۇي، لياۋ ۋە جىن خانلىقلىرىمۇ سەددىچىن سېپىلى ياسىغان: مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنە سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئېچكى، تاشقى، ئىككىنچى، ئەرەپتىكى ئۈچ سېپىلى ياسالغان. نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ سۇلالە-خانلىقلار ئورنىتىلغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچىنى ئىسراپ قىلىپ سەددىچىن سې-پىلى ياسىغان؟ بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، شىمال ئەرەپتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئوتتۇرا رايوننىڭ جەنۇبقا كېڭەيمەكچى بولۇپ - ئالاقە قىلىشىدىن مۇداپىئەلىنىش. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 227-يىلى (خەن پادىشاھى ۋەندىنىڭ 3-يىلى) دىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 48-يىلى (پادىشاھ جاۋدى ۋاقتىدىكى جۈەنپىڭنىڭ 3-يىلى) غىچە بولغان 100 يىل جەريانىدا، خۇنلار-نىڭ قوشۇنلىرى ئاق سۆڭەكلىرى خەن سۇلالىسى تەرەپتىن ئۇتتۇپ ئەكەتكەن ئەسىرلەرنىڭ سانى كەم دېگەندە 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، ئەمدى باشقا مىللەتلەر، مەسى-لەن: شەرقىي خۇ، تۈركان، سىيانبى، شىرۇ، دىڭلىڭ قاتارلىق مىللەتلەر ئۇتتۇپ كەت-كەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىگەن» («جۇڭگونىڭ قەدىمكى شىمال مىللەتلىرى-نىڭ قىسقىچە تارىخى» 10-بەت) تارىختا، رامادۋى قاتناش قۇرالى ۋەجىدىن كې-يىنكى ئۇلار قۇرالغا ئايلانغان، ئات ھەممىدىن تېز قاتناش قۇرالى بولغان. شۇڭا ئاتلىق ئۇرۇش ئوسۇللىرى مۇشۇنىڭدا بولغان، دېھقانچىلىق رايونى بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇداپىئە لىنىيىسى ياساشقا مەجبۇر بولغان.

سەددىچىن سېپىلى، تارىختا ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ياسالغان بولسىمۇ، ئۇ ئېلىمىز جۇڭگو ئەھمىيەتكە ئىگە.

سەددىچىن سېپىلى، ئومۇمەن ئالغاندا ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ چېگرا سىزىقى، ئىككىسىنىڭ ھەم ئۆز ئارا قارىشى، ھەم بىر - بىرىگە بېقىندىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، مەن بۇ قۇرلىدا ئېلىمىز-دىكى جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە توغرىسىدىكى بىر ئابزاس مۇنا-سەل تەھلىلنى ئالاھىدە نەقىل كەلتۈرگەن، يەن بىرىگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئېلى-مىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۆلىكى بىلەن غەربىي شىمالىي بۆلىكىدا، تەبىئىي شارا-

ئىنىڭكى ئالەمدە ئۆزگىرىش ئاز بەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان ئىگىلىك رايونى مەۋجۇدقا كەلگەن. ئېلىمىزدىكى سەددىچىن سېپىلى ئومۇمەن ئالغاندا ئوخشاش بولمىغان مۇشۇ ئىككى ئىگىلىك رايونىنى بۆلۈپ ياتقان. سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبى دېھقانچىلىق رايونى، ئۇنىڭ شىمالى چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى كەڭ يايلاقلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ دۇنياسى بولغان بولسا، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي يېرىمى ھاۋا - كىلىماتى نىسبەتەن ياخشىراق، مول - يېغىن كۆپرەك بولۇپ، دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق ئىدى. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىكى ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولسىمۇ، يەنە ئايرىلالمايتتى. زىددىيەت بار ئىكەن، ئۆزئارا بىر - بىرىدىن خالى بولۇش تەس؛ ئىككى تەرەپ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا يەنە بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايتتى. ئىناق ئۆتۈشى، ھايات ياشاشتا شان - شەرەپ بىللە بولۇشى زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئۇزۇن سېپىل (سەددىچىن سېپىلى) ۋۇجۇدقا كەلگەن، بىرەر ۋەقە كۆرۈلسە ئۇنىڭ بىلەن مۇداپىئەلەنگەن، ۋەقە بولمىسا راۋان - توسالغۇسىز ئۆتۈشۈرگەن. ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونىدا قاچان سەددىچىن سېپىلى چېگرا قىلىنغانىكەن؟ بۇنداق ئەھۋال زادىلا بولمىغان. ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى - جېدەل كۆپ بولغان ۋاقىتلىرىمۇ، «ھون تەڭرىقۇتىدىن ئۆزۈۋىكىلەر ھەممىسى خەنزۇلار بىلەن يېقىن تۇرۇپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىپ - كېيىن تۇرغان» («تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار تەزكىرىسى») شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ھونلار قورغان ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ، ئەتىش، ئەمەش، كەينىدە ئولتۇراقلاشقان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەر قايسى جايلىرىدا دېگۈدەك بار ئىدى. سەددىچىن سېپىلى قاچان توسۇۋېتىپتىكەن؟ يادىقا ئېرىشىدىغان مىللەتلەردىن سابىي، تۈرك، قىتان، يەنە كېيىنكى ۋاقىتتىكى موڭغۇل، مانجۇلار يا چاكچاك دەرياسىنىڭ شىمالىدا بۆلۈنمە ھالەتتە بولغان، يا مەملىكىتىمىز بويىچە بىرلىككە ئۆتكەن، سەددىچىن سېپىلى قاچان توسۇۋېتەلەيتتىكەن؟

ئەھمىيەتلىكى شۇكى، ئېلىمىزدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئىككى چوڭ ۋەقە بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك يۈز بېرىپ، ئېلىمىز تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

بىرىنچى، چوڭ ۋەقە — چىن سۇلالىسى غەربىي جۇڭگونى ئىستىقلالدىن بۇيان 500 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، مۇستەبىتلىك، مەركىزى ھاكىمىيەت مەركەزگە بىرىكتۈرۈلگەن بىرىنچى، فېئوداللىق دۆلەتنى قۇرۇپ، «يەر - زېمىنلىرى يادىقا - ياشقا. ئۇنىڭدىن باشقا قاتنىغان - يول، كىيىم - كېچەك، تىل - يېزىقلىرى ئوخشىمايدىغان» ئالاھىدە، مۇرەككەپ تۇرۇۋاتقان بەگلىكلەرنى «يېزىقى ئوخشاش، يولى ئوخشاش، قائىدىلىرى ئوخشاش» بولغان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرغان. بۇ ئېلىمىز تارىخىدىكى تەسىرى چوڭقۇر بولغان بىر چوڭ ۋەقە. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، غەربىي خاندانلىق قۇرۇلۇش بىلەن بۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت مۇستەھكەملەنگەن ھەم

زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئىلغار ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە،
ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى مىللەتلەر بىر - بىرىگە ئۈزلۈكسىز بول-
دىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركەز، مەدەنىيەت مەركىزىگە
ئايلانغان.

ئىككىنچى چوڭ ۋەقە - ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ھون قولدارلىرىنىڭ بىر قۇدرەتلىك
ھەربىي ھاكىمىيىتى ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا تارىختىكى يۇيان بىر-
بىرىگە ئەۋە بولماي كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك
تارقاق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئېلىمىز شىمالىي رايونلىرىنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە
ئاشۇرۇلغان. بۇنداق تارقاقلىقتىن بىرلىككە كېلىشمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئېلىمىز شىمالىي
رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ۋە نەتىجىسى
بولۇپ، ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئېلىمىز شىمالىي رايونلىرىنىڭ چارۋىچى-
لىق ئىگىلىكى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىر-
بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىگە تايىنىپ بولۇش مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاش-
تۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى. بۇ پۈتكۈل قورغان شىمالىدىكى رايونلارنىڭ مەملىكەت
بويىچە بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ياراتتى.

بۇ ئىككى چوڭ ۋەقە - بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك يۈز بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى -
ۋەتىنىمىزنىڭ يۇقىرىلاپ بىرلىككە كېلىشى بولدى. بۇ خىل بىرلىك خەن سۇلالىسى،
يۈەن، چىڭ سۇلالىلىرى ئارقىلىق ئەسىرلەر ھېسابىدا مۇستەھكەملەندى. ئېلىمىزدىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنى ھەرگىز جۇڭگونىڭ سىرتىدا دەپ قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ
قەلبىدە جۇڭگو ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى. ۋەتىنىمىزنىڭ يىراق غەربىي شىمال چېگرا
رايونىدا داڭ چىقارغان قاراخانىلار خانلىقىمۇ ئۆزىنى تاۋغاچ خان (جۇڭگونىڭ
خانى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. ئاپتور ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەجدادىنىڭ مۇشۇ
ئەھۋالىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن؟ بۇ دۆلەت ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ قولىدا
بولۇپ، كۆپىرى تاماملانغان ۋە مۇستەھكەملەنگەن. بۇ ئىقتىباس زور تارىخىي ئەھ-
مىيەتكە ئىگە. قانداق باھا بېرىلسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭ-
خۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى دۇنيا بويىچە مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەتتىكى
مۆجىزە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىپتىخارى.

ئاپتور سەددىچىن سېپىلىنى جۇڭگونىڭ دۆلەت چېگرىسى دېگەن، گەپنىڭ ماھ-
سەنئەتلىك ھالدا «كەڭتۈۋە» دەپ يازغان، ھوقۇقلارنى «مۇستەقىل بولۇش»نىڭ بىردىنبىر
خوجايىنى دېگەن. تارىختىكى قەدىمىي مىللەتلەر ۋە بۈگۈنكى جۇڭگودىكى 56 مىل-
لەتنىڭ ھەممىسى خوجايىن ئەمەسمىكەن؟ مىللىي ئۆلكىنچىلىككە تارىخىي ئاساس
يارىتىپ بەرگەنلىك بولماي - نېمە؟

مەن بۇ ئۈچ كىتابنى ئۆزۈمنىڭ ئىچ پۇشۇقۇمنى بولۇشىچە بېسىۋېلىپ ئوقۇ-
دۇم. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئازراقچە ئىلھام ئالدىم. بىز ھېرىشكە تېگىشلىك
بولمىغان ئەمما يۈز بەرگەن مۇشۇنىڭداق بىر ئەھۋالدىن بىزدە قانداق ئويلى-
نىشلار بولۇشى كېرەكتۇ؟

بىرىنچى، ھېنىچچە ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەتنى روشەن تونۇش كېرەك. دۇنيا مىقياسىدا، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت ئىككى سىنىپنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقى، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى تۈزۈمنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقى، ماركسىزم بىلەن ماركسىزمغا قارشى ئىككى خىل ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ كۈرىشى يەنىلا مەۋجۇت. بۇ خىل كۈرەش ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئۇ ئەگرى ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. كۆپ يىللاردىن بېرى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خەلقئارا كۈرەش بەكمۇ كەسكىن بولۇپ كەلدى. جاھانگىرلار سوتسىيالىزمنى قورال كۈچى بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمايتتى، بۇنى تارىخ ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار سوتسىيالىزمنى ئاغدۇرۇش ئۇسۇلىنى تىنچ ئۆزگىرىشكە ئالماشتۇرغانىدى، بۇنىسى ئازراقچە ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇلارنىڭ تىنچ ئۆزگىرىشتە قوللانغان ۋاستىلىرىدىن بىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش ئىدى. ئۆزاقى يىلى 5 - ئايدا بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئەمەلىي قوماندانلىق قىلغۇچى «ئامېرىكا ئاۋازى» بولدى. بىزنىڭ شىنجاڭدا بولتۇر 4 - ئايدا يۈز بەرگەن بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭمۇ مۇشۇنداق بىر خىل خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشتە يۈز بەرگەن. جاھانگىرلار ھازىر ئۇ يەردە داۋاملىق قالايمىقانچىلىقلارنى ۋە سىرتقا قېچىپ يۈرگەن ئاتالمىش مال - ماتلىق «مەركەزلىرى» گە مەدەت بېرىشنى توختاتمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ھوشيارلىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، دۆلىتىمىز ئىچىدە، سىياسىي ئىدىيە ساھەسىدىكى سىنىپىي كۈرەش ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ بارىدۇ، بەلكى بەزىدە بەك كەسكىن بولىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى، بۇ خىل ئەكس تەسىر ئاساسلىقى مىللىي بۆلگۈنچىلىك. بۇ رايون خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىك. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى پانتۈركىزم. بۇ خىل پانتۈركىزملىق ئىدىيە ئېقىمى خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. بۇ خىل ئەكسىيەتچىل ئىدىيە ئېقىمى بىرىنچى، دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پايدىلىنىدىغان قورالغا ئايلانغان.

ئۈچىنچى، پانتۈركىزم - ماركسىزمغا قارشى بىر خىل ئەكسىيەتچىل ئىدىيە ئېقىمى بولۇپ، تارىخ، مىللەت، مەدەنىيەت قاتارلىقلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر جەھەتتە، بىر يۈرۈش ئادەم ئالدايدىغان نەرسىلەرنى بازارغا سالىدۇ. بولۇپمۇ تارىخ مەسىلىسىدە تارىخنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىشتەك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، مىللىي ئايرىمىچىلىق، خاتا چۈشەنچە ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ زەھەرلىك يېرى. بۇ يەردە قايسىلىرى ئىلمىي مەسىلە، قايسىلىرى سىياسىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئىلمىي مەسىلە بولسا، پارتىيىنىڭ «رەڭمۇرەڭ گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە

سايراش، فاكتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا چېك قويۇپ، تولۇق ئەركىن ھالدا مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدۇ. سىياسىي مەسىلە بولسا، جىددىي بىر ياقلىق قىلىش، تەربىيىنى ئازلاش لازىم.

ئۈچىنچى، بىزنىڭ شىنجاڭدا مىللىي سىياسەت تەربىيىسىدە، يەرلىك تارىخ دەرسلىكى جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تارىخىي ماتېرىيالىزم تەربىيىسى – ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى تارىختا سىڭدۈرۈپ ھەم چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيە كۆز قارىشىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تۈزىتىش ھەم مەللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيە كۆز قارىشىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم. تارىخ تەربىيىسىنى باشقا سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىگە ماسلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، تارىخىي ماتېرىيالىزم تەربىيىسى بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

بىرلىك – ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم. چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋاقتى تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى، بۆلۈنگەن ۋاقتى تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىتتىپاق بولغان چاغلاردا، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىگەن، ئومۇمەن ئۇرۇش ئالاپىتىدىن كۆپ بولغان چاغلاردا، جەمئىيەت ئارقىغا چېكىنگەن. بۇ تارىخ تەرىپىدىن تەكرار ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ھازىر سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ يەنە كىچىك بىر پارچە زېمىنى تەيۋەن ئۆلكىسى سىرتتا بىگانە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ۋەتەننىڭ قوينىغا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. بۇ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەرنىڭ ئۈمىد – ئارزۇسى. بۇنى ھېچكىممۇ توسۇيالمايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى 56 قېرىنداش مىللەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى چوقۇم ئىسسىقىمىز كۆزلىگەندەك، ئېسىل ئاۋات قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ!

## ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىيات تارىخىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك

ئۇيغۇر سايرانى

ئىنسانلار جەمئىيىتى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى بىر پۈتۈن ماددىي دۇنيانىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇڭلاشقا، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ راۋاجلىنىش – تەرەققىيات

توغرىسىدىكى قانۇنلىرى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە نىسبەتەنمۇ كۈچكە ئىگە. ئىنسانلار جەمئىيىتى ماددىي دۇنيانىڭ تەبىئىتىدىن بىرەيەت جەھەتتىن كۆپ پەرقلىق بولغان ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە ساھەنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسانلار ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئىنسانلار نوبى (猿人) سۈپىتىدە ياشاپ، ئىپتىدائىي جامائە تەشكىل قىلغىچە (ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىگىچە) 150 مىڭ يىل ۋاقىت ئۆتكەن. بۇ پالېئولىت دەۋر (كونا تاش قوراللار دەۋرى) دەپ ئاتالغان ئارخېئولوگىيىلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىپتىدائىي جامائە بۈگۈندىن 50 مىڭ يىل بالدۇر تەشكىل قىلىنغانىكەن. ئەمما بۇنىڭ دەسلەپكى ئىنسانلار شەكىللەنگەندە ئۇلارنىڭ سانىمۇ بەك ئاز بولغانىكەن. ئالىملارنىڭ پەرەزىچە تۇنجى دەسلەپكى ئادەملەرنىڭ سانى 5-6 مىڭ بولغانىكەن. مىلادىدىن 7000 يىللار بۇرۇن ئادەملەرنىڭ سانى پۈتكۈل يەر شارىدا ئارانلا 10 مىليونچە بولغانىكەن. مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە، پۈتكۈل يەر شارىدا 200 مىليون ئادەم ياشىغانىكەن.

ئىرق (جىنس) ئادەملەر شەكىللىنىشكە باشلىغاندىن تارتىپلا باشلانغان. ئادەملەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بەك تۆۋەنلىكىدىن ئىسسىقراق رايونلاردىلا، تۇرمۇشقا ئەپلىكرەك بولغان دەريا بويلىرىدىلا ياشىغان. ئىقلىم، ئاب-ھاۋا ئىنسانلارنىڭ بىر-رۇش تۈزۈلۈشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ھەلبە يېڭىلىقلىرىدا، كۆپ چىقىرىشنى بىلمىگەن چاغلاردا سوغۇقراق رايونلارغىمۇ بارالمايدۇ. ماس مۇھىتتىكى تەبىئىي شارائىت - شارائىتقا لايىقلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە، بىرەر قىتئەدە ياشىغان ئادەملەر بىلەن باشقا بىرەر قىتئەدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ چىراي شەكلىدە، تېرە رەڭگىدە ئوخشىماسلىق پەيدا بولغان. ئادەملەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مانا مۇشۇ پەرقلىرى ئادەملەرنىڭ ئىرقىي (جىنسىي) جەھەتتىكى پەرقلىرى دەپ ئاتالغان بولۇپ قالغان. ئىرقىي جەھەتتىكى پەرقلەر ئادەملەر شەكىللىنىشكە باشلىغان چاغلاردىن تارتىپلا باشلىنىپ، كېيىن تۇرغان جايلىرى ئاساسىدا مۇقىملاشقان. ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى ھازىر يەر شارىدا ئاساسىي جەھەتتىن چوڭ ئۈچ ئىرق بار دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى موڭغۇل ئىرقى (موڭغۇلسىمانلار 蒙古人种)، يەنە بىرسى، ياۋروپا ئىرقى (ياۋروپىسىمانلار، 欧罗巴人种)؛ ئۈچىنچىسى، نېگىر ئىرقى (نېگىرسىمانلار 尼格罗人种) دۇر. مۇشۇ ئىرقلاردىكى خەلقلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، ئۆزئارا سەۋەبىيەت بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە 150 كە يېقىن ئىرق ۋۇجۇدقا كەلگەن. كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ئادەملەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە (جۇغراپىيىلىك مۇھىت - ئىقلىم، ئاب-ھاۋا) بېقىنىشىنى مەلۇم دەرىجىدە ئازاد بولۇشى ئارقىسىدا، ئادەملەرنىڭ بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا، بىر قىتئەدىن ئىككىنچى بىر قىتئەگە يۆتكىلىشلىرىگە ئاسانچىلىق تۇغۇلغان. نەتىجىدە، تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئادەملەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە كۆچۈپ يۈرۈشلىرى كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەتتىكى ھادىسىلەردىن بولۇپ قالغان. بىر ئىرققا مەنسۇپ ئادەملەرنىڭ تۇشۇلۇپ بىللە تۇرۇشى، نىكاھ ئىشلىرى نەتىجىسىدە ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىش، بەزى چاغلاردا زورۋانلىق بىلەن ئاسسىمىلياتى-

سىيە قىلىش يۈز بەرگەن. بۈگۈنكى كۈندە ساپ ياۋايىلىق بىرەر ئىرق مەۋجۇت ئەمەس، ھەممىلا ئىرقلار ئارىلىشىپ كەتتى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش كېرەككى، ئىرقلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ئاجرىتىپ تۇرىدىغان پەرقلىرى، ئادەمنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىدىكى پەرقلىرى ت... دەرىجىگە يەتمەيدىغان پەرقلەر بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئاساسىي جىسمانىي قۇرۇلۇشى بىر - بىرلىرىگە ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىرقىي پەرقلىرى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇنى ئالىملار ئېنىقلاپ تەكشۈرۈپ چىققان. شۇڭلاشقا ئىرقلار باراۋەر، ئىرقىي كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

ئىرقىي پەرقلەر، ئىرقىي بەلگىلەر ئادەملەردە بىر قەدەر مۇقىملىشىپ قالغان بەلگىلەردۇر. ئەمما، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ، ئادەملەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردىكى ئالاقىلىرىنىڭ قويۇقلىشىشى نەتىجىسىدە ئىرقىي پەرقلەر بارغانسېرى ئازىيىپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆرسەتكەندەك، «ئادەملەردىكى تەبىئىي ھالدا كېلىپ چىققان تۇغما پەرقلەر، مەسىلەن، ئىرقىي پەرقلەر، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئۆچەيدىغان بولىدۇ ۋە يوقىلىشقا تېگىشلىكتۇر.» («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 411 - بەت). ئىپتىدائىي جامائە دەسلەپكى ئىنسانلار توپى ئاساسىدا تەشكىل بولغان. ئۇرۇق دەل مۇشۇ ئىپتىدائىي جامائەنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇرۇق، ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتى دېگەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر بىلەن بىرلەشكەن قان - قېرىنداش تۇغقانلارنىڭ بىرلىكىگە ئېيتىلىدۇ. ئۇرۇق — ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ياچېيكىسىدۇر.

ئۇرۇقنىڭ كېلىپ چىقىشى ناھايىتى ئۇزاق، تارىخنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرلىرىگە بېرىپ بارىدۇ. ئۇرۇقنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، يەنى ياشايدىغان مەخسۇس تېررىتورىيىسى بولىدۇ، ئۇلار يەر شارائىتىغا قاراپ ماكانلىشىدۇ. قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم قەبرىستانلىقى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا سۆزلىشىدىغان تىلى بولىدۇ. ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى، ئۇرۇق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئۇرۇق كېڭىشى، ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي مەجلىسى قاتارلىق تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۇرۇقلار ئاساسىدا قەبىلىلەر تەشكىل بولغاندا، ئۇرۇق تىلى قەبىلە تىلىنىڭ دىئالېكتى بولۇپ قالىدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا بىر ئۇرۇق ئەزالىرى ئانچە كۆپ بولمىغان، ئۇنىڭ سانى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلگەن، بىر ئۇرۇقتا ئادەتتە 30-50 كىچە ئادەم بولغان، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق جامائەسى ئۈستىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بارغان مورگاننىڭ ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشىچە، بىر ئۇرۇق ئىچىدە 100-1000 كىچە ئادەم بولغانىكەن. بۇ ئۇرۇقچىلىق جامائەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشىغۇچى (چوڭ

دېڭگان تاغلىرى ۋادىلىرىدىكى) ئۇرانجۇن (ئوراچۇن) خەلقىدە بىر ئۇرۇقنىڭ ئىچىدە 200 ئادەم بولغان، (1938-يىللاردىكى سان). بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئىچىدە نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنغان ئۇرۇقچىلىق جامائەسى ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى پۈتكۈل ئۇرۇققا مەنسۇپ بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە (ئوۋچىلىق، باۋا يىغىش-چۆپلەرنى يىغىپ يېيىش) ئارقىلا كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلارنى ئومۇمىي بىرلىكتە پايدىلىنىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە قامداشقا يېتىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، شۇ چاغدىكى ئادەملەرنىڭ ھاياتى 21-22 ياش ئىدى، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ يەنە ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ سەۋىيىسىگە ماس كېلىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى بولغان.

فراترىيە — بۇ يانچە سۆز بولۇپ، قېرىنداش، قېرىنداشلار دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ، (خەنزۇچە 同姓族 دەپ ئېلىنىدۇ). قەدىمكى ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە ئۇرۇق بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي بوغۇن ئەسلىدە بىر ئۇرۇقنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭدىن پارچىلىنىپ چىققان بىر قانچە ئۇرۇقنىڭ بىرلىشىشىگە ئېيتىلىدۇ. بىر قانچىلىغان فراترىيە بىر قەبىلىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىر فراترىيە ئىچىدە ئۆز ئارا نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ. بىر قەبىلىگە قاراشلىق ئىككى فراترىيە بولسا، شۇ ئىككى فراترىيىگە مەنسۇپ شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا نىكاھلىنىشقا بولىدۇ.

ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە، فراترىيە ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ۋەزىپىلەرنى باشقۇرۇپ كەلگەن. فراترىيە ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تەشەككۈللەنگەن. ئاساسەن، ئاتىلىق ئۇرۇقچىلىق جامائەسى مەزگىلىدە ئۆچ ئالغان، ئاتىلىق ئۇرۇقچىلىق جامائەسىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى بىلەن قەدەممۇ-قەدەم فراترىيە تەشكىلى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قەبىلە ئىگىلەيدۇ. ئەمما ئۇ قالدۇق ھالەتتە تاكى سىنىپلار پەيدا بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

قەبىلە (氏族) — راۋاج تاپقان ئۇرۇقچىلىق جامائەسى دەۋرىدە پەيدا بولغان، قەبىلە ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق جامائە تۈزۈمىگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتىنىڭ شەكلىدۇر. راۋاج تاپقان قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس تىلى ياكى شېۋىسى بولىدۇ. قەبىلىنىڭ جايلاشقان مۇقىم تېررىتورىيەسى بولىدۇ. قەبىلە كېڭەش تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. كېڭەشكە قەبىلە تەركىبىدىكى ئۇرۇقلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشىدۇ. بۇ كېڭەشكە قاتناشقانلارنىڭ چوڭراقى (باشقا چوڭراقى) قەبىلە باشلىقلىقىغا سايلىنىدۇ. ئۇرۇش ۋە تىنچلىققا ئوخشاش چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى — قۇرۇلتاي چاقىرىلىدۇ. ئەگەر سوقۇش يۈز بېرىپ قالسا، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بىر قوماندان سايلىنىدۇ، سوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئەگەر بۇ قوماندان بىرەر ئۇرۇقنىڭ باشلىقى بولمىغان بولسا يەنە ئادەتتىكىدەك ئۇرۇق ئەزاسى ياكى قەبىلە ئەزاسى بولۇۋېرىدۇ.* قەبىلىنىڭ ئىچىدە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئۇرۇق بولىدۇ، چوڭراق قەبىلىلەردە 8-9 ئۇرۇقمۇ بولغان. قەبىلە تەركىبىگە كىرگەن ئۇرۇقلار ئى-

چىدە بىر ئۇرۇقتىن بولغان ئەزا بىلەن ئىككىنچى ئۇرۇقتىن بولغان ئەزانىڭ نىكاھ-
لىنىشىغا يول قويۇلىدۇ. قەبىلىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقچىلىق جامائەسىنىڭ ئۆز ئالدىغا
ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئومۇمىي ئىگىدارچىلىقى بولىدۇ. قەبىلىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا
ئومۇمەن، قەبىلىگە مەنسۇپ مۈلۈكلىرى بولىدۇ. قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بولىدۇ،
مەلۇم دەرىجىدە مادىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتى-
قادلىرى بولىدۇ.

قەبىلە قاندا‌ش ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئۇرۇق ياكى فراترىيىدىن تەش-
كىل تاپىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، يەنى پالېئولىت دەۋ-
رىدە (كونا تاش قوراللىرى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە) مەي-
دانغا كەلگەن. ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھەر خىل ئۇرۇق-
لارنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، قاندا‌شلىق مۇناسىۋەت ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ
ۋە قاندا‌شلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىنى تېررىتورىيىلىك مۇناسىۋەتلەر ئىگىلەيدۇ.
نەتىجىدە بەزى قەبىلىلەر پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بىر قىسىم قەبىلىلەر بولسا يەنە ئۆز-
ئارا بىرلىشىپ قوشۇلۇپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئىپتىدا-
ئىي جامائەنىڭ ئەمەلدىن قېلىشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

تائىپە (نارود — ناروديوست) ئۇقۇمى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردىن كېيىن، جەم-
ئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، ھازىرقى زامان
مىللەتلىرى تەشكىللىنىشتىن ئاۋۋال، قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت مەزگىللىرىدە
قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قەبىلىلەر ئومۇمىيلىقىغا ئېيتىلىدۇ. بۇنى
خەنزۇچىدا 部族 دەپ ئاتايدۇ.

تائىپە (ناروديوست) دېگەن ئۇقۇم ئۇرۇق ۋە قەبىلە دېگەن ئۇقۇملاردىن تامامەن
باشقىچە بىر ئۇقۇمدۇر. بۇلار ئارىسىدىكى ئوپ-پەرق شۇ يەردىكى، ئومۇمىي تائىپە
ئىچىدە قاندا‌شلىق مۇناسىۋەت بولمايدۇ. تائىپە تېررىتورىيە بىرلىكى ئارقىلىق باغلىنىپ
تۇرىدۇ. بۇ جەمئىيەت شەخسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان. تائىپە ئىچىدە سىنىپىي
ئانتاگونىزم، ئادەمنىڭ ئادەم ئېكىسپلاتاتسىيە قىلىش ھادىسىلىرى پەيدا بولغان بولىدۇ.

تائىپە ئىگىلىكىدە مۇقىم بىر تېررىتورىيە بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ تېررىتورىيىدە
ياشايدۇ، تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. تائىپە ئەزا-
لار ئومۇمىيلىقىنىڭ مۇھىم بىر بىرلىكىدۇر. تائىپىنىڭ ئورتاق نامى ۋە ئورتاق
تىلى بولىدۇ. مادىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى قەبىلىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن
خېلى راۋاجلانغان. ئېتنىك ئالا مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. بۇلاردا مىللىي تۇيغۇ-
لىرى (ئېتنىك تۇيغۇسى) ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە قائىدە-
يوسۇنلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. تائىپە (ناروديوست) كونكرېت ئىجتىمائىي-
ئىقتىسادىي مۇھىتتا شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. كاپىتالىستىك دۇرىيانىيىدىن ئاۋ-
ۋالقى شەرت-شارائىتتا قۇلدارلىق ياكى فېئوداللىق تۈزۈم دەۋرىدە) تېررىتورى-
يىگە مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي باغلىنىشلار نىسبەتەن راۋاجلانغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي
ۋە تەبىقە تەڭسىزلىكلىرى يۈز بەرگەن بولىدۇ. خىللا كۆپلىگەن تائىپىلەردە، بولۇپمۇ

كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن خەلقلەر ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئېتنىك تۈپەۋزىسى (مىللىي ئېڭى) ئىككى خىل بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىسى، مەن پالانى ئائىلىگە مەنسۇپ شەخس دېگەن ئاڭ تەسىر قىلىدۇ، ئىككىنچىسى، ئائىلە تەركىبىگە كىرگەن بىر يەرلىك گۇرۇپپا - ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئېڭى شۇ ئائىلىگە كىرىپ سىڭىپ كەتكەچكە بولغان مەزگىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئائىلىلەر شەكىللەنگەن دەۋرلەردە پۇل ۋە يەرلىك بازارلار ئاللىقاچان پەيدا بولغان بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكى چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەر شۇ يەرلىك بازارلار ئارقىلىق ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ تېخى تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئومۇمەن ئالغاندا، ناتۇرال ئىگىلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى ھەر خىل چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئومۇمىي ئىگىلىك - ئىقتىسادىي ھايات مەلۇم دائىرە بىلەن چەكلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ كەڭ تەرەققىي قىلىپ كېتەلمىگەن.

ئائىلە تېخىمۇ تۈرلۈك قەبىلىلەر ئاساسىدا راۋاجلانغان. ئائىلىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا بىرەر جۇغراپىك قەبىلە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مانا شۇ قەبىلىنىڭ تىلى ئاساسىدا ئومۇمىي ئائىلە تىلى راۋاجلىنىدۇ. ئائىلە تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەر تىلى بولسا، ئومۇمىي ئائىلە تىلىنىڭ دىيالېكتى بولۇپ قالىدۇ.

قەبىلىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى نەتىجىسىدە يېزىقمۇ ئىجاد قىلىنىدۇ. قەبىلىلەشكەن تىل ۋە يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى قەبىلىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسىدۇر. قۇللۇق جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر شەكىللەنگەن. بۇلار دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىغا زور كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

بىرەر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئەدىتى بولىدۇ. ئائىلىنىڭ مەدەنىيىتى شۇ ئائىلىنىڭ سەنئىتى، ئەدەبىياتى، دىنى، ئۆرپ - ئادىتى، ئادەت - يوسۇنلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئائىلىنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئەدىتى ئائىلىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئۇچۇق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنداق دېمەك ئېيتىشقا بولىدۇكى، قاندداشلىق مۇناسىۋەت ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىلدۇر. ئائىلىنىڭ پسىخولوگىيىلىك ۋە ئېتنىك تۈپەۋزىسى بولسا، ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى رىشتىدۇر.

ئۇرۇق، قەبىلە قاندداشلىق مۇناسىۋەت ئۈستىگە تەشكىللەنگەن بولسا، ئائىلە قاندداشلىق مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بىرلىك ئەمەس، بەلكى تېررىتورىيە بىرلىكى ئاساسىدا پەيدا بولغان. ئائىلە ئىچىدە بىر قالدۇق سۈپىتىدە ساقلانغان ئۇرۇق، قەبىلە ئېڭىمۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ئاخىرى يوقىلىدۇ. ئائىلە بىلەن ئۇرۇق قەبىلە ئارىسىدىكى يەنە بىر ئاساسىي پەرق شۇكى، ئائىلە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردە بولسا، سىنىپلار تېخى شەكىللەنمىگەن بولىدۇ. ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئۇرۇقنىڭ ۋە قەبىلىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا بىر پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۈرلۈك

ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ كېتىش، باشقا قائىپىلەرگە سىڭىپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ، ياكى بىر نەچچە قائىپىلەرنىڭ قوشۇلۇپ بىگىنە بىر قائىپە تۈزگەن ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇرۇق قەبىلە ۋە شارائىتلىرىدىمۇ كۆرۈشكىلى بولىدۇ.

مىللەت — تارىخىي كاتېگورىيىدۇر. فېئوداليزمنىڭ يىمىرىلىشى ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئۆرلىگەن چاغلىرىدا، فېئوداللىق بۆلۈنۈشلەر يوقىتىلىش جەريانىدا كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ھازىرقى زامان مىللەتلىرى تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

ستالىن تەرىپىدىن مىللەت ئۇقۇمىغا بېرىلگەن ماركسچە تەبىر مۇنداقچە:

«مىللەت — تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان پسىخىك تۈزۈلۈشنىڭ تارىخىي يوسۇندا تەشەككۈل بولغان مۇستەھكەم بىرلىكىدۇر» (ستالىن «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتىنىڭ 1948- يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 12- بەت). بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، بىر مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى ئورتاق مىللىي تىلىدۇر. تىل خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇئامىلە قىلىشىدىغان ئاساسلىق قورالىدۇر. ئادەملەر تونۇشۇشىدىكى ئۆزئارا سۆزلىشىش مۇئامىلە ۋە باغلىنىشلار، ئۇلارنىڭ بىرلىكتە ھايات كەچۈرۈشى، تۇرمۇشى، مائىشىتكە مەنسۇپ بىر پۈتۈن تېررىتورىيىنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، تېررىتورىيىمۇ مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرىسىدۇر. مائىشەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ پۈتۈنلىكىنى ئۆزئۈپ تۇرىدىغان ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى شەرت قىلىدۇ. بۇنداق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ يوقىتىلىشى، كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە مىللىي بازارلار ۋە ئىقتىسادىي مەركەزلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ ئورتاقلىقى، مائىشەتنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىسىدۇر. بىر تېررىتورىيىدە ئۇزۇن ۋاقىت ئورتاق ئىقتىسادىي ھايات ئاساسىدا، ئوخشاش بىر مۇھىت ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىدە ھەممىگە ئورتاق تۇرمۇش بەلگىلەر پەيدا بولىدۇ. مانا مۇشۇ پسىخولوگىيىلىك تۈزۈلۈشتىكى بەلگە ئۆز ئىپادىسىنى شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىدە كۆرسىتىدۇ. مىللەتنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

ماركسچە تارىخ پەننى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ۋە ھەممە خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئۇرۇلۇپ ئېتنىك سىڭىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بىر مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىپ، ئۆز ئارا تەركىبىگە كىرگەن ئېتنىك ئاھالىلار كىچىك-كىچىك قائىپە ۋە قەبىلىلەردىن بولۇشى مۇمكىن، چوڭراق قەبىلىلەر ياكى مىللەتلەردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىر مىللەتنىڭ

تەركىبىگە كىرگەن ئېتنىك ئاسل، ئىككىنچى بىر مىللەتكە سىڭىشىپ كەتكەنگە قەدەر يەنە مىللا ئۇزۇن دەۋر، يەنى دە ئەمچە يۈز يىل ياكى بىرەر مىڭ يىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ پاكىت - پاكىتلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئىشتۇر. بىر مىللەت تەركىبىگە سىڭىپ كىرىپ كەتكەن قەبىلىنىڭ ئۇ مىللەتكە كىرمەستىن ئاۋۋالقى ئۆزىنىڭ نامى بولىدۇ ۋە بېسىپ ئۆتكەن تارىخى بولىدۇ. بۇنى ھەر قانداق تەتقىقاتچى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. زۆرۈرىيەت بولغاندا، شۇ مىللەتنىڭ تەركىبىگە كىرگەچ بولغان ئېتنىك ئامىللارنىڭمۇ تارىخىنى يېزىش كېرەك. ئۇ باشقا مىللەت تەركىبىگە سىڭىپ كېتىپ، يېڭى بىر مىللەتنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى يېڭى نامى (يېڭى ئوتنونىمى) بىلەن ئاتاش كېرەك. ئەكسىچە، ئۇ باشقىلار تەركىبىگە سىڭىپ كىرىپ بولغاندىن كېيىن - يېڭى ئوتنونىم قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن يېڭى مىللەت نامى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن) ئۇنىڭ كونا نامىنى يېڭى قوبۇل قىلغان نامىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىمەسلىك كېرەك. ئەگەردە شۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، چوڭ خاتالىق يۈز بېرىدۇ، شۇنداقلا ئەمەلىي ئەھۋالغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تۇرغۇن ئالماس دەل مۇشۇ مەسىلىدە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ت. ئالماس ئۆزىنىڭ «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا «ھۇنلار، ھۇن سۇلالىسىنىڭ (م. ب 1020–1300 يىللار) ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى»، دېيىدۇ ۋە ھۇن سۇلالىسىنىڭ خانى بىلەن ئۇزۇن يىل سوقۇش قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھۇن سۇلالىسى بىلەن سوقۇش قىلغان قەبىلە تۇرغۇن ئەپەندى ئېيتقاندەك ھۇنلار ئەمەس، بەلكى گۇيفاڭلار ئىدى. («ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»غا بەتكە قارالسۇن) تۇرغۇن ئەپەندى يەنە ھۇنلار مىلادىدىن 10 ئەسىر بۇرۇن جۇ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلدى دەپ يازىدۇ. جۇ سۇلالىسى بىلەن سوقۇش قىلغان قەبىلە تۇرغۇن ئالماس كىتابىدا كۆرسەتكىنىدەك ھۇنلار بولماستىن، بەلكى شەنيۈن قەبىلىسى ئىدى. تۇرغۇن ئالماس جۇ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۇرۇشتىن بۇيغان جۇ سۇلالىسى خەتتەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا كەلتۈرىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تۇرغۇن بۇ ئوشاقنى پۈتۈنلەي بولسا ھەممىلا پەردە ئىشلەتكۈزمى كېلىدۇ. بۇ ئوشاقتا، شەنيۈن دېگەن قەبىلە نامىدا ئېچىپ بارىدۇ. تۇرغۇن ئالماس شەنيۈن قەبىلىسىنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا ھۇنلار دەپ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

تۇرغۇن ئالماس نېمە ئۈچۈن شەنيۈن، گۇيفاڭ دېگەن قەبىلىلەرنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇلارنى ھۇن دەپ تەرجىمە قىلىدۇ ۋە ھۇن دەپ قوللىنىدۇ؟ بۇ يەردىكى ئۇيپ مەسىلە، تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئاتېە - مىللەت دېگەن ئۇقۇملارنى ۋە مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى ماركسچە ئۆگەنمىسەدىن بىلەن چۈشەنمىگەنلىكى ۋە ياكى شۇنداق چۈشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىدا. ئۇنىڭ شەنيۈن، گۇيفاڭ قەبىلىلىرىنى ھۇن قەبىلىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىكى يەنە بىر سەۋەبى ھۇنلارنىڭ تارىخىنى يەنە بىرەر مىڭ يىل كەينىگە سوزۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، 獯鬻، 荤粥، 猃狁 قاتارلىق 30

نەچچە قەبىلە ئۇزۇن يىللار بىر ئىبرىشۇرىيىدە قوشنا ياشاپ، ئۆز ئارا نەرسە ئالماشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بەزىدە ئۆز ئارا توقۇنۇشۇپ، ئۆز ئارا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشتەك ئۇزاق جەرياندا، ئۇلار يېڭى بىر ئائىلە بولۇپ شەكىللەندى؛ بۇ ئائىلە تارىختا هون نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ مىلادىدىن 3-4-ئەسىرلەر ئاۋالقىدىكى گەپ. بەزى ئالىملار هونلارنى بىر قانچە ئون قەبىلىنىڭ سىڭىشىپ يۇغۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان دەپ قارىسا، يەنە بەزى ئالىملار 100 نەچچە قەبىلىنىڭ ئۆز سىڭىشىپ كېتىشى نەتىجىسىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. هونلار تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن قەبىلىلەرنىڭ هون نامى بىلەن تەشكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ناملىرىنىڭ ئورنىدا «هون» نامىنى دەسلەپتە ھەققىمىز يوق.

تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىدا، هونلارنى، «پادىشاھ خۇاڭدى (黄帝) ۋاقتىدىلا مەۋجۇت ئىدى، خۇاڭدى ئەپسانىۋى پادىشاھ بولۇپ، ئۇ بۈگۈندىن 5000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، هونلار ئەڭ قەدىمكى جاڭ لاردىن ئاربىلا خەنزۇلار بىلەن قوشنا ياشاپ، ئۇلارغا خەۋپ سېلىپ كەلگەنلىكى مەلۇمدۇر» دەيدۇ. ئەسلى ماتېرىياللاردا خۇاڭدى مىلادىدىن 6000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئەپسانىۋى شەخس. ئەگەر بۇنىڭ ئەپسانىسىنى، تۇرغۇن ئالماس ئېيتقاندەك رېئال مەۋجۇت ئىش دەپ قارايدىغان بولساقمۇ، مەزكۇر خۇاڭدى بىلەن ئېلىشقان قەبىلە هون ئەمەس خۇيۈي قەبىلىسىدۇر. بۇ قەبىلە هونلارنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن بىر قەبىلىدۇر.

ئۇيغۇرلارمۇ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا ئېيتقاندەك ئۇزۇن جاھانگە تۈزۈمى، قەبىلە، قەبىلە ئىتتىپاقى، ئائىلە (部落) قاتارلىق باسقۇچلارنى ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرىقى ھالەتكە يەتكەن. مۇشۇ ئۇزاق سوزۇلغان جەرياندا، كۆزى يەتكەن قەبىلىلەر ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بەزى قەبىلىلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش، بەزى قەبىلىلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جەريانلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇنىڭ تارىخىي جەريان ئومۇمىيلاشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا قەدىمكى زامانلاردا غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىگىلا مەلۇم مىقداردا ھەسسە بارە دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ ئېيتساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە مىلادىدىن ئاۋۋالقى II-I ئەسىرلەردە جەنۇبىي سىبىرىيىدە — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ياشىغان دىڭلىڭلار، موڭغۇل ئوتلاقلىرىدىكى تېلىلار (铁勒)، گاۋچېلار (高车) قاتارلىقلار، ئۇيغۇرلار نامىدىكى قەبىلىلەر قەدىمدە 袁纥 ، 韦纥 ، 回纥 ، 回鹘 ، 畏兀儿 دېگەندەك خەنزۇ ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىنگەن. مۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى، ئىچكى توققۇز ئۇرۇق ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە دېگەن بىرلىكلەر بويىچە ئاتىغانلىقىنىمۇ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەر كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا، ھىندى - ياۋروپا ۋە ھىندى - ئىران تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ياشىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇلارمۇ كونكرېت تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلار تارقالغان رايونلارنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەرنىڭمۇ كۆپلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مانا شۇ قەبىلىلەر ئۆز ئارا سىڭىشىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈر-گەن. تۇرغۇن ئالماسنىڭ مۇشۇ جەرياندا بولغان چۈشەنچىسى ماركسچە مىللىي كۆز قارىشى ئەمەس. ئۇ بۇلارنى ماكسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى بويىچە چۈشەندۈر-مەيدۇ. تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىنىڭ ١٧- بېتىدە «مىلادىدىن III ئەسىر بۇرۇن بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدا شەرقىي ئۇيغۇر خانلىقى ... بار ئىدى» دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنى ئۇزۇپ ئېيتىش كېرەككى، مۇشۇ كۆرسىتىلگەن جايدا، مۇشۇ كۆرسىتىلگەن دەۋردە «شەرقىي ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن نام ئاستىدىكى خان-لىق بولمىغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، تۇرغۇن ئالماس ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟ دەل شۇ جايدا دەل شۇ دەۋردە ھۇنلار نامىدىكى قەبىلە-لەر ياشىغانىدى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇشۇ ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن-كى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن دېگەن مەلۇماتلار بار. كې-يىنكى يىللاردا ئېلان قىلىنغان بەزى ئانتروپولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاشۇ ھۇنلار-نىڭ بىر قىسمىنىڭ شۇ رايوندا ياشايدىغان خاكاسلار (يېنىسەي قىرغىزلىرى ياكى سىبىرىيە تاتارلىرى) نىڭ تەركىبىگە سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەردە تۇرغۇن ئالماس ھون بۇ يەردە ئۇيغۇرلار تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن ھۇنلارنى نەزەردە تۇتتۇم دەيدىغان بولسا، بۇ قاراش يەنە تىرىپ تۇرالمايدۇ، چۈنكى بىر مىللەت باشقا بىرەر مىللەتنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كىرىپ يەنە بىر مىللەتنىڭ تەر-كىبىي قىسمى بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىنى يېڭى نام بىلەن ئاتاش كېرەك. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىرەر مىللەت تەركىبىگە يېڭى كىرىپ بولمىغان، سىڭىشىپ بولمىغان، بىرەر قەبىلىنىڭ نامىنى ئەسلىدىكى ئۆز نامى بىلەن ئاتاش كې-رەك. دېمەك، بۇ يەردە يېڭى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە سىڭىشىپ بولمىغان ھۇنلارنى «ھۇنلار» دەپ ئاتاشقىلا بولىدۇكى، ھەرگىز «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. تۇرغۇن ئالماس مۇشۇ مەسىلىدىمۇ مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىش توغرىسىدىكى ماركسچە مىللەت كۆز قارىشىنى بۇرمىلايدۇ.

ئەندى بىز تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىنىڭ ٤٥- بېتىگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

«قان-سىستېمىسى ۋە تىل، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ھۇن-لار، تۇرالار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار، ساكلار، تۈركلەرنىڭ شەرقتە موڭغۇل نەسلىدىكى خەلقلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا مەلۇم دەۋر-دىكى ئارىيان نەسلىدىكى خەلقلەر بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ كېتىشىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان، قان-قېرىنداشلىق جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن بولغان تۇرغۇن-لىغان تۈركىي خەلقلەر كېلىپ چىقتى.»

ماركسچە مىللەت قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى قەبىلە-لەر، ئائىلىلەرنىڭ (氏族) ئۆز ئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، ئەسىرلەر

داۋامدا ئۆز ئارا سىڭىشى داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ. مىللەتنىڭ ئىچىدە بىر ئۇرۇق-
چىلىق قەبىلىسى — ئىپتىدائىي جامائەنىڭ ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىدا قان سىڭىشىش-
ىدۇ. قەبىلە باسقۇچىدىمۇ قان سىڭىشتۇرۇلدى. تېخىلار تەرەققىي قىلىپ قەبىلىلەر
ئىتتىپاقلىققا قەدەم قويغاندىن كېيىنلا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ئۆز ئارا باغلاپ تۇرىد-
ىغان مۇناسىۋەت قانداشلىق بولماي قالىدۇ، بەلكى قانداشلىق مۇناسىۋەتلەر ئورنىغا
تېررىتورىيەلىك مۇناسىۋەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئاپىيە ياكى ھازىرقى زامان مىللىتىنى
تۈزۈپ تۇرغان رىشتىمۇ قانداشلىق مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى تېررىتورىيە بىر-
لىكى بولىدۇ. بۇ ماركسىزمچە مىللەت نەزەرىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى.
ۋقان سىستېمىسى ۋە تىل، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغان مۇ-
لار تۇرالار، ئۇلۇغ باۋچىلار ... » دېپ باشلانغان جۈملىنىڭ ئۆزى ماركسچە مىللەت
نەزەرىيەسى ئۇقۇمى بىلەن قارىغاندا، ئامەن بىمەنە سۆز بولۇپ چىقىدۇ؛ ئۇر-
غۇن ئالىمىس سۆزلەۋاتقان مۇنلار ئاللىقاچان ئۇرۇقداشلىق قەبىلە دەۋرلىرىنى بېسىپ
ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ ئۇلار ئىچىدە قانداشلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.
ئوخشاشلا، ئۇ ئاتىغا ئالغان باشقا ئاتىمىزمۇ ئۇرۇقداشلىق، قەبىلە دەۋرلىرىنى بې-
سىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىمۇ قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

ئىپتىمۇ ئېغىر ئەمۇال شۇكى، تۇرغۇن ئالماس ئانتروپولوگىيە جەھەتتە ئىككى
خىل تىپتىكى — ھىندى - ياۋروپا تىپىدىكى ۋە موڭغۇل تىرقى تىپىدىكى خەلقلەرنى
قان سىستېمىسى ئوخشاش بولغان خەلقلەر دەپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۆز
ئىچىدە قانداشلىق بولماي تۇرغان ھالدا قانداق قىلىپ ئىككى تىرقى ئوتتۇرىسىدا
قانداشلىق مەۋجۇت بولسۇن؟ بۇلار تۇرغۇن ئالماسنىڭ ماركسچە مىللەت نەزەرىيە-
سىنى ھەقىقەتەن بامەيزانغا سالغىدىن بولۇۋاتقان ئىشمۇ ياكى بىلىپ تۇرۇپ بۇرمىلا-
ۋاتقانلىقىمۇ؟

• تۇرغۇن ئالماس مۇشۇ خاتالىقنى ۋىژىيەلىرىگە ۋە ھۆكۈملىرىنىڭ قىسقىچە تار-
خىي ئاملىق كىتابلىرىدا كۆپ قېتىم تەكرارلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تىپتىكى
خاتالىق بولغاچقا، ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىپ ئولتۇرمىدۇق.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، قانداشلىق مۇناسىۋەت
مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىدە ۋە قەبىلە باسقۇچىدا بولىدۇ.
قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، ئاتىيە (部落) باسقۇچلىرىدا قانداشلىق باغلىنىشلارنىڭ ئور-
نىغا تېررىتورىيەلىك باغلىنىش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما، بىر مۇنچە ئادەملەردە شۇنداق
بىر خىل خاتا تونۇش باركى، ئۇ بولسىمۇ، مىللەت ئىچىدىمۇ قانداشلىق ئالاسى قىل-
دىدۇ، دېگەن تونۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىدىكى قان-
داشلىق مۇناسىۋەتنىڭ مىللەت ئۇقۇمىغا ئېلىپ كىرىلىشىدۇر. ھەلقىلاردا بىرلىكچىلىق
نەزەرىيەسىنى، قانداشلىق نەزەرىيەسىنى ئالغا سۈرۈپ، مىللەتلەر ئارىسىدا
ئۆتكۈنچىلىك، ئايرىمچىلىقنى زەھەرخەندىلىك بىلەن تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئارا
ئىنگىلىر دەل مۇشۇ خاتا تونۇشتىن پايدىلىنىپ ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىكنى تەشۋىق
قىلىدۇ. شۇنداق ئاچچىق ساۋاقلار شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى

دېمەك كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق مەركەزلىك تەشۋىقات ۋە سىياسەتنىڭ ھەرىـكەتلىرى ئارقىلىق ۋەتەننى پارچىلاشنى ئىبارەت جىنايى مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولغانىدى. بۇ خىل ئەھۋاللار خەلقئارادىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، مىللەتلەر-نىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىش، پەقەت بىر ئىلمىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن خەلقئارادىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بۆلگۈنـچىلىك تەشۋىقاتلىرىنىڭ تەسىرىنى تېگى - تەكتىدىن ئاشكارىلىماق، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشكە دە ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىمىزغا پايدىلىق ئاقىۋەتلەر ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئۇيغۇر مىللىتى - جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى

### تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۇيغۇرلارنى جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان خاتا كۆز قاراشلىرىغا رەددىيە

ئاۋۇت توختى

ئۇيغۇر مىللىتى — مەملىكىتىمىزدە ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر مىللەت. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئۇيغۇر مىللىتى — جۇڭگودىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇيغۇر مىللىتى ياشاپ كەلگەن شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، شىنجاڭ قەدىمكى زاماندا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان. بۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى (زېمىنى) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان شىنجاڭ تارىختىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ مىللەتلىك رايون ئىدى. تارىختىن ئازراق ساۋادى بار كىشىلەرگە ئېنىقكى، شىنجاڭدا يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ يالغۇز بىرلا مىللەت ياشىغان بولماستىن، بەلكى ھىندى، ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا ۋە ئال-

ناي ئىلى ئىستېپىسىغا تەۋە تاغلاردا سوزۇلۇشىدىغان بىرمۇنچە مەملىكەتلەر ياشىغان. ئۇلاردىن سوغدىلار، ساكلار، ياۋچىلار، ئاقھۇنلار، ھۇنلار، ئۇيسۇنلار، ئېگىز ھارۋىلىقلار، تېلېلار، غەربىي تۈركلەر، ئوغۇزلار ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلار قەدىمكى زامانلاردا غەربىي يۇرتنى بىرلىكتە ئاچقان، بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدا بىر ئاساسىي مىللەت يەنى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللەنگەن. بۇ ئاساسىي مىللەتمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا تەدرىجىي قوشۇلۇپ كېڭىيىشتىن ئىبارەت ئۇزاق جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسمى. شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەر بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يىل بۇرۇن ئىلگىرىلا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان. ئېلىمىز تارىخىدىكى ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىمۇ شىنجاڭدا مەمۇرىي ـ ھەربىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. تارىخىي پاكىتلارغا قاراپ باقايلى:

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلى (خەن سۇلالىسى ۋۇدىخاننىڭ تەيچۇ 4 ـ يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا يەرلىك ئەمەلدار ـ چېرىكچى باشلىقى قويغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى (خەن سۇلالىسى شۈەندى خاننىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چېدىر (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى ئەتراپىدا) دا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ رەسمىي ھالدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى بولغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇھىم بىر سىياسىي تەدبىر ئىدى. ئۇ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جەمئىي غەربتە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن پامىرغىچە بولغان رايونلاردىكى 36 بەگلىكنى باشقۇرغان. ۋەھالەنكى، غەربىي يۇرت خانلىرىسى 2د يىلىغىچە، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا باشقۇرۇۋاتقان مەملىكەتلەردىن 55 نەپەر باشلىققا ئۆزلىرى (تامغا) تارقىتىپ بەرگەن. ئۇلار غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى رەسمىي ۋەزىپە تەيىنلىگەن ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن بۇ رايونلارنى ئىدارە قىلغان.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ھەم جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، گەرچە ئىچكى رايونلاردىكى خاندانلىقلار ئۆزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرت ئىزچىل يوسۇندا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھاكىمىيەتلەر بىلەن قاراملىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، شۇ چاغلاردا چالىش (قاراشەھەر)، كۆسەن (كۇچار)، سۇلې (قەشقەر)، كۆزۈبانت (تاشقورغان)، قارشىلىق (قاغىلىق)، ئۇدۇن (خوتەن)، پىشامشان (چەرچەن)، چاقى-

لىق)، قوچۇ (تۇرپان) قاتارلىق بەگلىكلەر بارلىققا كەلگەن. لېكىن، ئۇلارمۇ شىمالىي ۋېي، غەربىي ۋېي، شىمالىي جۇ، غەربىي لياڭ قاتارلىق بەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن قاراملىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان.

سۈي سۇلالىسى جۇڭگو مەملىكەتنى يېڭى باشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي رايوندا ئىۋۇسىرغول (ئاراتۇرۇڭ)، پىشامشان (چاقىلىق)، جام (ئاقسۇ)، ۋىلايەتلىرىنى قۇرغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا «غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگى» تۇرغۇزدى. ئۇ سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن غەربىي رايوندىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى جۇڭگو مەملىكەتنى زور دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرگەن، بىر ئۇتتىن باشقۇرۇش دائىرىسى ئىنتايىن كېڭەيگەن تارىخىي دەۋر بولدى. ئۇ غەربىي يۇرتتا ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، بىرى، ئەنشى (كۈن پېتىش جايلارنى ئەمىن قىلغۇچى) قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بولۇپ، قارارگاھى دەسلەپتە ئاستانە (ھازىرقى تۇرپان) دا بولغان، كېيىن كۈسەن (ھازىرقى كۇچا) غا يۆتكەلگەن. تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى باشقۇرغان؛ يەنە بىرى بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بولۇپ، قارارگاھى بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دا بولغان. تىيانشاننىڭ شىمالىنى باشقۇرغان. ئەنشى ۋە بېشبالىق ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا سىياسىي ۋە ھەربىي ھوقۇقنى ئىزچىل يۈرگۈزۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە چېگرا رايونلارنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى ھەمدە بۇ قورغانلار باشقۇرغان رايونلارنىڭ تارىختا جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

تاڭ سۇلالىسى ئەربات بولغاندىن كېيىن بەش دەۋر، 10 پادىشاھلىق دەۋرىنى ئالىماق، بۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىمۇ بىر نەچچە ھاكىمىيەت پەيدا بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. بۇ ھاكىمىيەتلەرنى ئاساسەن قاراخانىيلار خانىدانلىقى، قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى قاتارلىق خانلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. لېكىن ئۇلار مۇستەقىل دۆلەت بولمىغان، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلىغان بەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئىدى. قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرىنى جۇڭگولۇق يەنى (تابغاچ خان) دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارنى ئۆزلىكى جۇڭگو يەنى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەپ ئاتىغان. ئۇلار ئۆز تەڭگىسىگە دائىم «تابغاچ» دېگەن نامنى قوشۇپ، تابغاچ ئىبراھىمخان، تابغاچ ھۆسەينخان، تابغاچ ناسىرخان، «تابغاچ» دېگەن سۆز «جۇڭگو خاقانى» دېگەن خاقاننى بىلدۈرىدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگوغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى « » ۋە «جۇڭگوخانى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىغان. شۇڭا 11 ئەسىردىكى مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقىرى، قاراخانىيلار زېمىنى — جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، دېگەنىدى. بۇلار-

دېمەك، بىز شىنجاڭنىڭ چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن ئارتۇقلا جۇڭگونىڭ ئايرىلـ
ماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭگودىكى قەدىمكى
مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي
يۇرت گەرچە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشاشلا قەدىمكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ
پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن
بولغان ئالاقىسى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىغان. مەسىلەن: يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە
غەربىي يۇرت بېشبالىق، ئالۇ دەرياسى قاتارلىق جايلار مۇنشى مەھكىمىسىـ
نىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. مىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى
تەسىس قىلغان، چىڭ سۇلالىسى دەسلەپتە غەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا
قويۇپ، ئىلىدا جياڭجۈن (گېنېرال گۇبېرناتور) قويۇپ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى
نى ۋە جەنۇبىدىن پامىرغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئىش
لىرىنى باشقۇرغان، كېيىنكى ۋاقىتتا 1884-يىلى 9-ئايغا كەلگەندە، شىن
جاڭدا رەسمىي ئۆلكە تەسىس قىلىپ، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش مەمۇرىي
باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى «غەربىي يۇرت»
دەپ ئاتالغان شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخى
مۇ قويۇقلاشقان.

1921-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن،
ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 28 يىل داۋاملاشقان
يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئارقىلىق ئۈچ چوڭ دۈشمەننى ئاغدۇرۇپ
تاشلاپ، 1949-يىلى 10-ئايدا، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپـ
دى، مۇشۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتى، ئېلىمىزدىكى باشقا قېرىنـ
داش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئازادلىققا ئېرىشىپ، جەمئىيەتنىڭ خوجايىنـ
لىرىغا ئايلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە كۆرسەتكەن سوتـ
سىيالىزم داغدام يولىغا ئېگىشىپ، بۈگۈنكى بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇشقا
ئىگە بولالىدى.

«ئۇيغۇرلار» ئاتالغۇسى ئۈچ كىتابتا، شىنجاڭنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن
بولغان قويۇق باردى - كەلدى مۇناسىۋىتى ئۈزگەرتىۋېتىلگەن، مەركىزىي سۇ
لالىلەر ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە شىمالدا تەسىس قىلغان مەمۇرىي ئور
گانلىرى ئىنكار قىلىنغان، سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار قەدىمـ
كى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتى دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور، گەرچە «ئۇيغۇرلار» نىڭ
تارىخىنى بۇرمىلاشنى تېخىمۇ قالغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ياشىغان غەربىي يۇرتـ
نىڭ جۇڭگوغا تەۋە (جۇڭگونىڭ زېمىنى) ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۈپ ھەقىقەتـ
لىگە كۆز يۇمغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60-يىلىدىن باشلاپ، غەربىي خەن
ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، ھەربىي مەمۇرىي
ئىشلارنى باشقۇرۇشنى يولغا قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان، كېيىنكى مەر-

كىتابلىرىدە سىنۇي، تاڭ، سۇڭ، مىڭ، چىڭ قاتارلىق سۇلالىلەرنىڭ «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى قويۇق مۇناسىۋەتلىرى ۋە مەركىزىي خاندانلىق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان باشقۇرۇش ئورگانلىرى تىلغا ئېلىنمىغان، ھەتتا تامامەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇلغان. ئاپتور «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا: «تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي تۈركلەر ئۈس-تىدىن قازانغان بىر قاتار غەلىبىلىرى ئاساسىدا ... ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى ئېتائەت قىلدۇرماقچى بولدى، ئەمما، ئۇ ئەمەلىيەتتە غەربىي تۈرك قاغان-لىقى تېررىتورىيىسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزەلمىدى» دېگەن. بۇ، تا-رىخىي پاكىتلارنى بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ. چۈنكى تارىختا تاڭ سۇلالىسى ئە-شى (تۇرپان) ۋە بېشبالىق (جىمسار) دا ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش-نى يولغا قويغان.

بەزى ئاپتور مۇشۇ كىتابىدا، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنى، شىنجاڭ بى-لەن جۇڭگونى ئارىسۇ - قارشى قويۇشقا ئۇرۇنغان. ئۇ ۋەتىنىدىكى مىساللارغا قاراپ باقايلى: «ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگو» (33- بەت)، «جۇڭگودا ئۆتكەن خاقانلار-نىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى ھەر يىلى دېگۈدەك ئونلار، ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئەلچىلىرىگە ئېھتىياجى بولغان ...» (70-71- بەت) «ئۇيغۇر قاغانلى-قىدا بولسا، جۇڭگو ئىمپېراتورىيىسىدىن بىرەر جايىنى بېسىۋېلىش نىيىتى يوق ئىدى.» (232- بەت)، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى، سودىگەرلىرى چاڭئەندىن شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ زېمىنىغا كىرەتتى.» (277- بەت)، «ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرى-دا ... ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ...» (303- بەت)، «ئۇيغۇرلار چەت دۆلەتلەرگە (ئاساسەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە)» (393- بەت)، «ئۇيغۇرلار ئىرانتىن ئە-رەبكە بارىدىغان خەلقئارا سودا يوللىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈ-رۈۋالغاندىن كېيىن، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن (ئاساسەن جۇڭگو بىلەن) ...» (300- بەت) ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر كەڭسۇ خاقانلىقىنىڭ جۇڭگو-دىكى بەگلىكلەر بىلەن ئىچقارىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، ھەتتا جۇڭگو سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىرلىككە كەلگەن چاغدىمۇ، ئۇيغۇر كەڭ-سۇ خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان ئەمەس.» بۇن-داق مىساللار خېلى كۆپ، ھەممىسىنى بۇ يەردە كۆرسىتىشنىڭ ھاجىتى ئەمەس.

- بىز تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارمىز، تارىختىكى تارىخىي پاكىتلارغا ھۆر-مەت قىلىمىز. مەملىكىتىمىز چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن تارتىپلا، بىرلىك-كە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ گۈللىنىشىگە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشقان. شىن

جاڭ قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسمى، ئۇزاق تارىختىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىچكى رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، جۈملىدىن خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى قويۇق ئالاقە ۋە باردى - كەلدى مۇناسىۋەت ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن، غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشقان. مانا بۇ، تارىخىي پاكىت.

دەرۋەقە، شۇنىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنسا بولمايدۇكى، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىز دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە، سىنىپ پەيدا بولغاندىن كېيىن، مىللەتمۇ سىنىپقا بۆلۈنگەن، سىنىپىي جەمئىيەت تارىخىدا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، يا ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئارىسىدا ئۆز ئارا جەڭگى - جېدەل قىلىشقان، يا بولمىسا ئۆز مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن بۇ مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئارىسىدا جەڭگى - جېدەل قىلىشقان. نەتىجىدە بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە كەينى - كەينىدىن بۆلۈنمە ھالەت يۈز بېرىپ تۇرغان. ئەمما، پۈتكۈل تارىختىن قارىغاندا، بىرلىك ھامان باشتىن - ئاخىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىمنى تەشكىل قىلغان. بۆلۈنمە ھالەت پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسىلا بولۇپ، تارماق ئېقىمنى تەشكىل قىلغان. بۇنداق بۆلۈنمە ھالەت كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى، تارىخ ئېقىمىغا زىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلگەن. ئۇلار تارىختا كۆپ قېتىم بۆلۈنۈشلەر ئالماشقان، بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ھامان مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىلىپ كەتمىگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىچكى رايونلاردىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ باردى - كەلدى مۇناسىۋىتى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخى (جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى) ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنى جۇڭگو مىللەتلىرىدىن، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ تاشلاش ياكى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش — ئېنىقكى، ئۇچىغا چىققان بۆلگۈنچىلىك خاتالىقى بولىدۇ. بۇنداقتا ھەر مىللەت خەلقى مۇتلەق يول قويمايدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى، ئۇيغۇر مىللىتى ياشاپ كەلگەن شىنجاڭ — قەدىمدىن تارتىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. [illegible]

دۆلىتىمىز دائىرىسىدە ھازىر 56 مىللەت بىرلىكتە ياشايدۇ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بار، ئۇلارنىڭ بىلەن، 56 مىللەتنىڭ يەنە جۇڭخۇا مىللىتى دېگەن ئورتاق نامى بار.

گەرچە جۇڭخۇا مىللىتى دېگەن بۇ نامنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن مەنسۇپىيەت بىلەن قوبۇل قىلىنىشى، يېقىنقى زاماندىكى بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ باغلانغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن، جۇڭگو چىن، خەن سۇلالىلىرى زامانىدىن بۇيان، ئوتتۇرا مەركىزىي خاندانلىقلارغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن، بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ... چىلىقتا مىللەتتىن تەركىب تاپقان. تارىختىكى ئۇزاق، «جۇڭگو خەلقى» دېگەن بۇ نام ھەممىدىن بۇرۇن سىماچيەن تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى «ۋاڭيۇەنىڭ كېلىپ چىقىشى تەزكىرىسى»دە ئۇچرايدۇ. دېمەك، جۇڭگو خەلقى دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ھازىر ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشتى. «ۋاڭيۇەنىڭ كېلىپ چىقىش تەزكىرىسى»دە ئېيتىلغان «جۇڭگو خەلقى» ئەمەلىيەتتە خەن خاندانلىقى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مېنىڭچە، كېيىنكى جۇڭخۇا مىللىتى دېگەن بۇ ئاتالغۇ سىماچيەن ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو خەلقى دېگەن ئاتالغۇنىڭ داۋاملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىدۇر، دەپ كۆرسىتىدۇ. («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1986-يىل 2-سان، 33-بەت). ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە ياشىغان خەنزۇ ۋە ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرىگە خاس روشەن مىللىي خۇسۇسىيەتلەر ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇزۇن مىللەتلەرگە ئورتاق ئومۇمىيلىق، بىرلىك يەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا ئىگە بولغان.

پىروفېسسور فېي شياۋتۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى (بۇ يەردە ئىپتىدائىي ئادەمدىن ھازىرقىلارغىچە تەرەققىياتى)، دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا، ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنى بېسىپ ئۆتتى. ئىپتىدائىي كومموا يىمىرىلىپ، جەمئىيەت تۈزۈمى سىنىپىي تۈزۈمگە كىرگەن دەۋردىن تارتىپ ئۇلاۋۇق جەمئىيەتنى ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنى بېسىپ ئۆتتى». جۇڭخۇا مىللىتى تەركىبىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەت مىللەتلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇنىڭدىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، كۆرەش ۋاسىتىسى بىلەن قۇتۇلۇپ كەلگەن. ئۇلار بىر-بىرىنى ئېزىشنى ياقلىمايدۇ، بەلكى باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىشنى ياقلايدۇ،

(«جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2- توم، 542- ۋە 543- بەت). جۇڭخۇا مىللىتى دۇنيادا ئىشچانلىق، باتۇرلۇق پەزىلىتى بىلەن مەشھۇر مىللەت. تا-رىختا كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى پەقەتلا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۈچى بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىققان. بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىز چەكسىز سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، دۇنيانىڭ شەرقىدە تىك تۇرۇپ كەلگەن.

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا، «جۇڭگو — نۇرغۇن مىللەتتىن تەركىب تاپقان» لىقى، «پەقەت ئەركىنلىكنى بەكمۇ سۆيىدىغان، ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە باي مىللەت» ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قەلب دىيالوگى - بىرلىشىشى، ئۇيۇشۇشى، ئۆز-ئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل تارىخىي ئەنئەنىسى قايتىدىن تەكىتلەپ ئېلىنغان. ئىككىنچى، جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئۆز ئارا تەڭباراۋەرلىك، يارىشىش، ئۆز ئارا ئۇيۇشۇش، بىر-بىرىنى چەتكە قاقماسلىق، بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش، دەپ تەسۋىرلەنگەن. جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىيلىقى ئىنكار قىلىنغان. شۇڭا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب، جۇڭگودا ياشىغۇچى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىغا ۋە كەلگۈسىگە قىلالمايدۇ ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۇزۇن تارىخنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىككى ئامىل بار: بىرىنچىسى، جۇڭگو تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتى ئۇزۇن تەرەققىي تاپقان قەدىمىي دۆلەت. جۇڭگو تارىخىنى جۇڭگودىكى ھەممە مىللەت بىرلىكتە ياراتقان. چىن، خەن سۇلالىلىرى زامانلىرىدىن بۇيانقى ئىككى مىڭ يىل داۋامىدا، جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ كەلدى. جۇڭگو دائىرىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ھامان قويۇق باغلىنىش ۋە ئالاقىلەر بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىن بىر-بىرىگە تايىنىش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىرلىكتە راۋاجلىنىش مۇناسىۋەتلىرى ئۇيغۇنلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتلەردە نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە. ئىككىنچىسى، ھەلقىنىڭ كۆچۈشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشلىرى ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا تولۇقلاش رولىنى ئوينىغان.

تارىختا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كېتىش تەبىئىي يوسۇندا ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇ ھەر قانداق كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە قىلىنغان بولماي، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى بىلەن باغلانغان. مىللەت — ئەزەلدىنلا بار بولغان نەرسە ئەمەس، شۇنىداقلا مەڭگۈ

گە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەرسىمۇ ئەمەس، ئۇ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قى-
لىش، يوقىلىش قانۇنىيىتىگە ئىگە. مىللەتنىڭ ئۆزى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ
تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك مىللەتلەرنىڭ تارىخىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارىدۇ.
شۇڭا، مىللەتنىڭ يەككە - يېگانە، مۇجەسسەم ھالدا ئەمەس، بەلكى تەرەققىيات،
ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن تۇرۇپ قاراش لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا جۇڭخۇا
مىللىتى دېگەن ئورتاق نامنىڭ پارلاق كېلىشى ئاساسسىز بولمىسىمۇ، بەلكى
چوڭقۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مەنبەسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاسان چۈشىنى-
ۋالغىلى بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن 1990-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى قىلغان سۆزىدە
مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخىي جەريان-
دا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ يې-
قىنقى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى زوراۋانلار-
نىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە تەڭ ئۇچرىدى، چەتئەلنىڭ
زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىش داۋامىدا، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە
مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى»
دېگەن بۇ پارلاق كەلگۈسىنى تەڭ كۆرىدىغان، بىر ياقىدىن باش چى-
قىرىدىغان، ئورتاق نام بارلىققا كەلدى.» («ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش،
مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا ئائىت ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن ئال-
لانما، ئۇيغۇرچە نەشرى 1-بەت). دېمەك، جۇڭخۇا مىللىتى — كۆپ مىل-
لەتلىك دۆلىتىمىزدە ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن
ئورتاق نام. ئۇ، جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى ئىتتىپاق-
لىقى بىر - بىرىگە ئايرىلماس يوسۇندا باغلانغان. شۇنداقلا، جۇڭگودىكى
ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى ۋە تەرەققىياتىنى ۋەتەننىڭ ئەلدىرى
ۋە تەرەققىياتىغا باغلانغان. شۇڭا، جۇڭخۇا مىللىتى — ئايرىلماس بىر پۈ-
تۈن گەۋدە. ئۇ، جۇڭگودا ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەتنى ئەركىن قاپىغان. شى-
ڭاڭ قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ ئاي-
رىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ،
موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرمۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ
مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىشتا توختىماي ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.
شۇڭا ئۇلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزاسى بولۇشقا ۋە تارىختىكى خوجايىنلىق
ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق. بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىدا، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇي-
غۇن. بۆلگۈنچىلىك ھەر قايسى مىللەتلەرگە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى گۈللى-
نىشى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىسىز. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ تارىختىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشتىن چىقارغان ئورتاق يەكۈنى. بۇ،
تارىختا ۋە بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. لېكىن يېقىنقى بىر ئەس-

چە يىلىدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر
ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۆز ئارا ماسلىشىپ قانداقتۇر «شىنجاڭ ئەزەلدىن
مۇستەقىل تۈركىستان دۆلىتى ئىدى، ئۇ يېقىنقى زامانلاردىلا جۇڭگوغا قوشۇ-
ۋېتىلگەن» دېگەندەك توخشاش يىغىن – شۇئارلارنى توقۇپ شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمى-
لاپ ۋە خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، «مۇستەقىللىق» دەۋاسىنى قىلىپ، بىر قې-
سىم كىشىلەرنى بولۇپمۇ ياش – ئۆسمۈرلەرنى ئازدۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق پە-
لەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق
سېلىۋاتىدۇ. بۇنداق مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلار ئىنتايىن ئاز ساندا
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولۇۋاتىدۇ.
بۇنىڭغا ھەر مىللەت كوممۇنىستلىرى، كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى يۈك-
سەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، مىل-
لىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان مەسىلە شۇكى، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭ-
گو قۇرۇلۇپ، 40 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈنلەردە، كەسپىي شائىر دېگەن نامغا
ئىگە بولغان تۇرغۇن ئالماس، 1986-يىلى 10-ئايدىن 1989-يىلى 10-ئاي-
غىچە بولغان قىسقىغىنە 3 يىل ئىچىدە، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ
كىتابىنى يېزىپ ۋە نەشر قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ئاستىن – ئۈستۈن
قىلىۋەتكەن، تارىخىي پاكىتلارنى ئۆزگەرتكەن ۋە بۇرمىلىغان. ئۇيغۇر مىللىتى-
نى جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان خاتا كۆز قاراشلارنى كۆچەپ
تەرغىپ قىلغان، بۆلگۈنچىلىكنى ۋە «مۇستەقىللىق»نى ئالاھىدە داغدۇغىلىغان.
بۇنىڭ بىلەن مەملىكەت ئىچى – سىرتىدىكى بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر
ۋە ئەكسىيەتچىلەرنى، ئاتالمىش «تارىخىي» ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىپ،
ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇن-
چىلىق سېلىش جەھەتتىكى ھەرىكەتلىرىگە [illegible] قىلغان. تۇرغۇن ئال-
ماسنىڭ كىتابىنى نەشر قىلغۇچىلار تۇرغۇن ئالماسنى ماركسىزمچى، دەپ
تونۇشتۇرغان بولسىمۇ. لېكىن ئاپتور ماركسىزمنىڭ مەيدانى، تەھلىل ئۇسۇ-
لىنى ئىشلەتمىگەن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماركسىزم – لېنىنىزملىق مىللەت
قارىشى بىلەن تەھلىل قىلمىغان، پارتىيىنىڭ ۋەدىسىنى بۈگۈنكى ئوبيېكتىپ خەۋ-
مەت قاراشلىرى ئاكچىيەندا چەتكە قېقىپ، شۇڭا، جۇڭگودىن ئىبارەت كۆپ
مىللەتلىك دۆلەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ۋە جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت تېپ ما-
ھىيىتىنى كۆرمىگەن. بۇ ھال ھەم شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن
كەلمەيدۇ ھەم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇي-
خۇن كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ ۋەتەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىي قى-
لىشىغا ئېغىر پايدىسىز. شۇڭا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە پايرىقىمىز روشەن،
تەپرىقىمىز مۇستەھكەم ھالدا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەكسى تەسىراتى

كېيىنكىگە يول قويماسلىقىمىز، ئەسەرنى ئۈزۈل - كېسىل ئازلىتىشىمىز زۆرۈر.

يولداش لى پېڭ 1990-يىلى 2-ئاينىڭ 13-كۈنى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دېدى: «كۆپ مىللەتلىك جۇڭگودا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چوڭقۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇ ھەر قانداق بوران-چاپقۇننىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاقلاشقان خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىرلىكتە ياراتتى. [illegible] دۆلەتنى [illegible] قەدەمدە گۈللەندۈرگەن، روناق تاپقان بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ چىقتى.» («ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا ئائىت ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 40-بەت).

شىنجاڭ قەدىمدىن بۇيان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئۇيغۇرلار — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇلار ئەڭ كەچۈرىمچان خەلق، پاراسەتلىك خەلق. ئۇلار ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارچۇقىدەك ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىكى ئورتاقلىق ۋە ئىزچىل ناھايىتى ئەۋزەل ئەنئەنىدۇر. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى ئەبەدىي ئۇيۇشتۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئىزچىل جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەرەپلىك تارىخىي بۇرچىدۇر.

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىر مەيدان جىددىي كۈرەش

شىنجاڭ داشۆسى ۋاڭ خۇدېيۇ، ئىبراھىم خالىق

## (١) ئۈچ كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشى

يېقىنقى زاماندىن بېرى، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ كۈرەش توختاپ قالغىنى يوق. گەرچە ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلاردا بۇ خىل كۈرەشنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققان. كۈرەشنىڭ ئۆزگەرمەي باشتىن ئاخىر ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ياكى ئۇنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىگە مەركەزلەشكەن. بۇلتۇر بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قاتلىق پاكىتلار ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق خەۋپ ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تارىخنىڭ ئېقىمىغا قارشى ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ئۇلارنىڭ سىياسىي مەقسىتى يېقىن ئىستىقبالدا مىللەتلەر پارچىلىنىشنى ئۇقتۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتىن ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ۋەتىنىمىزگە قارىتىلغان ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى تېزلىتىشى ۋە دۆلەت ئىچىدە بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشىگە ئەگىشىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» دېگەن بىر ئېقىمنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى ئېنىق ئاشكارىلانماقتا. دەل مۇشۇنداق خەلقئارا مۇھىت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى كىچىك مۇھىتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تۇرغۇن ئالماس يازغان «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتاب نەشر قىلىندى. تۇرغۇن ئالماسنىڭ بۇ ئۈچ كىتابى ئىلمىي تەتقىقات دېگەن نامدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-

قىسنى بۇزىدىغان يۈز قارىشىنى تەرغىب قىلدى ۋە تارقاتتى. ئۇ تارىخنىڭ پا-
كىتىغا قارىماي تارىختىن ئۆز مەيلىچە توقۇدى، بۇرمىلىدى ۋە توقۇدۇرۇپ چىقار-
دى. ئۇ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مۇستەقىللىق،
بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىشىنى «ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئاساس» بىلەن تەمىنلىدى.
ئۈچ كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچى-
لىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ئىپادى-
سى بولۇپ، ئۈچ كىتابنى پاش قىلىش ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىر مەي-
دان جەڭدىسى كۈرەشتۇر.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەزەل-
دىنلا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ
كەلدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «ئومۇمەن بىرەر ھا-
كىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى توپ-
لاشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابىي سىنىپلار شۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىلئىنقىلا-
بىي سىنىپلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.» ماۋجۇشى يەنە ئىدىيە سېپىدىكى غەلىبە بول-
مىسا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولماي-
دۇ. ئىدىيە سېپىدىكى غەلىبە بولمىسا، ئىقتىسادىي سېپىدىكى غەلىبىگە كاپا-
لەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىدېئولوگىيە ساھەسى-
دىكى كۈرەش مىلتىق، قىلىچ ئارقىلىق قىلىنغان كۈرەشتىن كەسكىن بولىدۇ.
مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بىر خىل ئەكسىيە-
تچىل ئىجتىمائىي ئېقىم بولۇپ، ماركسىزملىق مىللەت نۇقتىئىنەزىرىنىڭ
ئەكسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇزۇنغىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بۇ
خىل ئەكسىيەتچىل ئېقىمنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا يۈز بەرگەن.
شۇڭا، بىز سىياسىي جەھەتتە مىللىي بۆلگۈنچى گۇرۇھلارغا زەربە بېرىش بى-
لەن بىر ۋاقىتتا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئېقىمىنى
پاش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كې-
رەك. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدىيىۋى سېپى، ماركسىزم سېپى، بولۇپ-
مۇ ئالىي ماركسىزم سېپىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە، بۇنى بىرلىك تونۇشىمىز،
ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقىمىز، بوشاشماسلىقىمىز لازىم.

(3) ئۈچ كىتابنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا

تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق 3 كىتابىنى يېزىشى، ئىلمىي
تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى بولماستىن، بەلكى بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب
قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. 3 كىتابنىڭ ماھىيىتى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەر-
غىب قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە ئىپ-
پادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق 3 كىتابتا تۇرغۇن ئالماس ئۇيغۇر مىل-

لىنىشى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى، شۇنىڭدەك بىلەن ۋەتىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە
ھەرتوختالغاندا مەلۇم يۈزلىنىشنىڭ ئىدىيەسىنى ھەدەپ تەرغىپ قىلغان. ئۇ
بۇ تارىخىي مەسىلىنى ئەتراپلىق فاكتلاردا مۇئەييەن تارىخىي قاراشتىن
ئايرىۋېتىلگەن ھالدا قاراشقا بولمايدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكى جۇڭگو تارىخىنىڭ مۇئەييە-
نلىرىگە تەلەپ قويۇلمايدىغان ھالدا شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇزاق تارىخىي جەرە-
يانىدا شەكىللەنگەن ھەر قايسى مىللەتلەر بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك
دۆلەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى جۇملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ھەمدە خەنزۇ خەلقى
بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىنى ياراتتى، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى بەرپا قىلدى.

تۇرغۇن ئالماس بۇ مۇئەييەن تارىخىي قاراشتىن چەتنەپ، تارىخنى
پاكىتلارغا خىلاپ ھالدا، ئۇيغۇر مىللىتىنى جۇڭگو ۋە جۇڭخۇا مىللىتىدىن سىرت
مۇستەقىل ياشىغان بىر مىللەت، تارىختا ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدا ۋە غەربىدە
ياشىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر
قىسمى ئەمەس، ئۇلار مۇستەقىل مىللەتلەر بولۇپ مۇستەقىل دۆلەت ياشىغان دەپ
قارىغا مۇكەممەل قىلدۇ. ئاتالمىش جۇڭگونىڭ زېمىنى پەقەت سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى
بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ھازىرقى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي دىيار يەرلىك ھا-
كىمىيەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دىپلوماتىيە
خاراكتېرىدىكى «خەلقئارا دۆلەت مۇناسىۋىتى»گە مەنسۇپ دەيدۇ.

تۇرغۇن ئالماس يۇقىرىقى خاتا كۆز قارىشىنى چىقىش قىلىپ، «كىتابتا
تۈركىيلەرنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان،
جۇڭگونى خەنزۇلارنىڭ جۇڭگوسى، سەددىچىن سېپىلى بولسا جۇڭگونىڭ
شىمالىي چېگراسى دەپ جۆيلۈپ قالغان، ئۇ مەركىزىي موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي
رايون ۋە شىمالىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي رايون دېمەكچى ئەمەس، ئەسلى دېمەك
مەھكىمىسى، بېيتىڭ دېگەن مەھكىمىسى، ئەنبېيچۇڭ دېگەن مەھكىمىسى قاتار-
لىق مەمۇرىي ئورگانلىرىنى ئىنكار قىلىپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىي رايو-
نىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ۋە ئېرىشىدىغان دەپ قارىغان ئۇلار، تۈركلەر-
نىڭ ۋەتىنى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قەھرى-
مانلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇزۇندىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوۋۋەتلىگەن قوللىغان
ۋە قوغدىغان ھەمدە رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەرنى بىردەك «خائىن»
دەپ ئەيىبلىگەن، ئۇ موڭغۇللارنىڭ خانى ماۋتۇننىڭ خەنىشىنىڭ پائالىيىتىنى
يوقاتقانلىقى خاتىرىلىق ھەرىكەتتۇر. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ھەمكارلاشقان تەرقى
نىزاك ئاسىمۇۋەنى «خائىن» دەيدۇ، تاڭ سۇلالىسىدا بوي سۇنۇپ، تاڭ ۋۇ-
زۇڭ بەخش ئەتكەن لى فەمىلىسىنى قوبۇل قىلىپ ئويناپ تىكەن، سار ئۇچۇرلارنى
«ۋەتەن ۋە خەلقتىن يۈز ئۆرۈگەن خائىنلار» دەپ ئەيىبلىگەن، «ئەزەلدىن مۇ-
ستەقىل ياشاپ كەلگەن تۈركلەر جۇڭگوغا بويسۇنغان بۇ قورچاق ھۆكۈمران-

ئاشىنانىڭ قاغان بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمىغان» دەيدۇ. ئەگەرچە مەركەزنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىغا قارشى، ۋەتەن بىرلىكىنى بۇزغان تارىخىي شەخسلەرنى ھەدەپ
كۆككە كۆتۈرگەن. تۈز تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا پاشقان «تۈرك جىڭلۇنلۇق» ئاكىسى بول
لى قاغاننىڭ سۆزلىشى بىلەن، ئادەم توپلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ
بولغاندىن كېيىن تۇلىنبۇراگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك قىسىمنى جىددىي
ۋەھشىيلىك قىلغان شەرقىي تۈرك ئازادلىق ھەرىكىتى «جىھادلىرى» «مىللىي
قەھرىمان» دەپ ماختاپ، ئاتالمىش «قەدىمىي دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە
ئازادە بولۇشىنى ھەدەپ تەرغىب قىلغان.

ئىككىنچى، ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇرمىلاپ، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز خاتا ئۇقۇمنى ئىدىيەلەرنى تارقاتقان.

دۆلىتىمىزنىڭ پۈتۈنلىكى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ بارا-
ۋەرلىك ئاساسىدىكى بىرلىشىش، مانا بۇلار تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر
يۈزلىنىشى ھەمدە ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئۇزاق مۇد-
دەتلىك تارىخىي دەۋر جەريانىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى دېھقان-
چىلىقنى ئاساس قىلغان خەنزۇ مىللىتى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي رايو-
نىدىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇ-
رىسىدا، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى ئېزىدىغان ئەھۋاللار ھەمدە مىللىي
توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن. بۇ خىل مىللىي ئۇرۇشلارغا نىسبەتەن
كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز، ئۇلاردىكى ئادالەتلىك - ئادالەتسىزلىك،
بۇلاڭچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىققا قارشى ئۇرۇش، زۇلۇم سېلىش ۋە زۇلۇمغا قارشى
ئۇرۇشنىڭ پەرقىنى كۆرۈشىمىز لازىم. بەزى جۇڭگو تارىخىدا مىللىي زىددى-
يەتنى پەيدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەك-
سىيەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز كېرەك.
مەيلى خەنزۇ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەك-
چى خەلقىگە زۇلۇم سالغان، ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى خەنزۇ ئەم-
گەكچى خەلقىنى پاراكەندە قىلغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك قارشى تۇرۇش-
قا تېگىشلىك ئەھۋال. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق زۇلۇم تارىختا ئې-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، جەم-
ئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇلۇق رول ئوينىغان. بۇنداق زۇلۇمغا
قارشى ئۇرۇش داۋامىدا شەكىللەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بولسا، جۇڭخۇا مىللەتلى-
رىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

تۇرغۇن ئالماس تارىخىي ئىدېئالىزملىق قارىشىنى چىقىش قىلىپ، مەم-
لىكىتىمىز تارىخىدىكى مەركىزىي سۇلالىلەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى
خەنزۇلار ھاكىمىيەتلىرى بىلەن تامامەن بىردەك ئورۇنغا قويۇپ، خەنزۇلار قۇر-
غان فېئودال ھاكىمىيەتنى خەنزۇ خەلقى بىلەن تامامەن بىر نەرسە دەپ، ھې-
سابلاپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي دەۋر جەريانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-

تىكى خەنزۇ ھاكىمىيەتلىرى ۋە خەنزۇ خەلقى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت-
لەر بىلەن ياندىشىپ ئاخىر قاتتىق دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە ياشاپ كەلدى. بۇنىڭ-
ئۇزا ئۇزۇندىكىلىكتىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتى ياكى مەركىزىي سۇلالىلارنىڭ ئاز
سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان تارىختىن بۇيانقى ھەربىي ئاسارەتلىك مەقسىتى
بۇلاڭچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىقتىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە تارىختىكى
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ياكى بىرلىكنى بۇزۇش بولسا ئېلىپ بېرىل-
غان ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىز ئۇرۇشلارنىڭ پەرقىنى بىر تەرەپكە قايرىپ
قويۇپ، مەركىزىي سۇلالىلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي رايونىدىكى
يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە قىلغان يۈرۈشلىرىنى، بۇ يەرلىك خەنزۇلار «دۆلىتى»
نىڭ يات مىللەتلەرگە قارىتا «ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىشنى ئۆز-
لارغا تاجاۋۇز قىلىشنى مەقسەت قىلغان» ھالدا ئېلىپ بارغان «تاجاۋۇزچىلىق
ھەرىكىتى» دەپ ھېسابلىغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىدىكى ۋە شىمالدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، ئۇرغۇن ئالىمى ئۇلارنىڭ ھەر قايسىنىڭ شەك-
كىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ھەر
قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەتنىڭ پەرقى بارلىقى ۋە بۇ مىللەتلەر-
نىڭ مەۋجۇتلىقىغا كۆز يۇمغان ھالدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەجدادى» ۋە «قېرىنداشلىرى» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
قارىسىغىلا ئۇنداق بىر خىيالىي مەركىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: قەدىمكى زا-
ماندىكى دەۋرلەر، تورالار، بۈيۈك ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، سوغدىلار، ساكلار،
ئۇرۇقلىرى» قاتارلىق ئوخشىمايدىغان تىل قوللىنىدىغان، ئوخشىمايدىغان دى-
ۋرلەردە ياشىغان مىللەت ئۇيغۇرى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلۇق». تىل ۋە ئۆرپ ئادەت جە-
ھەتتە ئاساسەن ئوخشاشلىقتا ئىدى»، ئۇلار ھەممىسى «بىر ئىرق-
قا مەنسۇپ»، «تورالار، دىنلار، تۈركلەر ياراتقان مەدەنىيەت تىپ ئىگىز-
دىن ئالغاندا بىر خىل ماھىيەت مەدەنىيەت»، يەنى بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممى-
سى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ھېسابلىنىدۇ، ۋاھاكازالار دېگەن.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا مىل-
لەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ئۇلار گەۋدىلىك مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەت-
كى، ئاپتور جۇڭگونىڭ مىللىتى ئاتالغۇسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭ-
گودىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد مېھنەت قىلىپ، بىرلىكتە ياشاپ،
ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، پەيدىن-پەي ئۆز ئارا سىڭىشىپ تۇغقان-
داش بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكتىن ئىبارەت
تەرەققىياتىنىڭ بۇ ئاساسىي ئېقىمىنى تولۇق ئىنكار قىلىپ، تارىخنى ئىدېئا-
لىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن، ھەتتا ئەدەبىي يالغان گەپلەرنى توقۇپ، مەجبۇرىيلا
تارىخنىڭ ئاساسىي قىياپىتى بولمىغان تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ، مىللىي مۇناسىۋەت
تارىخىنىڭ ئېنىگىزلىك ئەمەس مەسىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىش، قىرغ-

غىنچىلىق، ئۆز ئارا بۆلۈنۈپ كېتىشى ئىبارەت دەيدۇ. «ئۆزبېكلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئەرەب جۇڭگونىڭ ھەر قايسى مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق تارىخىمىزدىن ئىبارەت. ئاپتور ئۆزى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر گىراژدانى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆتمۈشتىكى تارىخىي ھادىسىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل قىلىپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە مەدھىيىلەش ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارماستىن، بەلكى تارىخىي ئىدىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق، ھەدەپ تارىخنىڭ غەيرىي ئاساسىي ئېقىمىنى تەكىتلەپ، مىللىي قارىمۇ قارشىلىقنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك قىلغان؛ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ «كۆپ مەنبەلىك بىر پۈتۈن گەۋدە» ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان، «پان تۈركىزم ئورتاق گەۋدىسى» دىن ئىبارەت خاتا كۆز قاراشنى تەرغىب قىلىپ، ساغلام بولمىغان مىللىي خاھىشلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە زورىيىشىغا سەۋەبچى بولغان. مانا بۇلارنى ئاپتورىمىز ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگىلى بولامدۇ؟ روشەنكى ئاپتورنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى ۋە سىياسىي مەيدانىنىڭ ئاچچىق ماھىيىتىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، تارىخىي ئەمەلىيەت ۋە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ساھەنىڭ ئورتاق پىكرىنى نەزەرگە ئالماستىن، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولى ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىنغان.

تۆتىنچى، ئالىمنىڭ «ئۆزبېكلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابىدا تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، مۇنداق دېگەن: ئۆزبېكلار بۇنىڭدىن 8000 يىل بۇرۇنلا بىر مىللەت سۈپىتىدە «ئوتتۇرا ئاسىيا» دا ياشايتتى. بۇنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇن ئۆزبېكلاردا يېزا ئىگىلىكى پەيدا بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن يېزا ئىگىلىكى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن؛ بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن ئۆزبېكلار تارىختا يېزىق ئىجات قىلغان، ئۆزبېكلار يازما تارىخ دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇ بايانلار ھەم ئارخېئولوگلارنىڭ پاكىتلىرىغا خىلاپ كېلىدۇ، ھەم ئۆزبېكلارنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن ئىپتىدائىلىق جەمئىيەت، قەبىلىدىن مىللەتكىچە بولغان تەرەققىياتى ھەمدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن زامانىمىزغىچە بولغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى يوققا چىقارغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتور يەنە ماركسىزمنىڭ مىللەت نوقتىسىدىكى تەبىرى ۋە دۆلىتىمىز تارىخىدىكى مەملىكەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەمەلىيىتىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ھونلار، ئابداچىلار، تۇرالار، ساكلار، تۈركلەر قاتارلىق قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزبېكلارنىڭ ئەجدادى، ئۆزبېكلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىغۇلارچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ مىللەت

لەرنىڭ تارىختىكى ئەمەلىيىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قاراپ شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيەت ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيەت سەھنىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئاپتور ماتېرىياللار بىلەن بۇلەتتى ئاساسەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق پاكىتسىزلا مەۋجۇت ئەمەس كۆپ سانلىق «دۆلەت»لەرنى قاتار تىزىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە قېرىنداشلىرى «ئۇزاق تارىخىي دەۋر جەريانىدا تۇخۇزلار ئىمپېرىيەسى، سەيبۈرك خۇن، تەخرىنارتى ئىمپېرىيەسى ...... ياۋروپا خۇن ئىمپېرىيەسى قاتارلىق ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان ئىدى» ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئىمپېرىيەسى «شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، شىمالدا لىنا دەرياسى، بايكۆل (بايقال كۆلى)، يەنىسەي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغىچە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىغىچە، غەربىي جەنۇبتا ھىندىستان (سىندۇ) نىڭ شىمالىغىچە؛ غەربتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان» «ئۇلار دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك دەپ ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەتلەر شەرقتە — روم ئىمپېرىيەسى، ئىران ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىدىنمۇ قۇدرەتلىك خاقانلىق ئىدى» «قاراخانىيلار پادىشاھلىقى دۆلىتىنىڭ ئىمپېرىيەسى فرانسىيە زېمىنىدىن ئون ھەسسە كەڭ ئىدى» ئاپتورنىڭ دېيىشىچە ئۇيغۇرلار، ئاپتور سۆيۈپ يازغاندەك ھالدا قاتار تىزىلغان يۇقىرىدىكى «قۇدرەتلىك دۆلەتلەردىن» باشقا، ئاخىر مۇستەقىل ھالدا «ئاسىيانىڭ تارىخى سەھنىسىدە خۇددى شىردەك نەرە تارتىپ» «شەرق ۋە غەربنى تىترىتىۋەتكەن ئىدى» روشەنكى ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولىنى ئادەمنى چۆچۈتىدىغان سۆزلەر بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن.

ئۈچىنچى، مۇھەممەت ئىمىن ئىسمىدىكىلەر 30-40-يىللاردىن بۇيان تارقاتقان پانتۈركىزم ئىدىيەسى كۈچەيتىپ تەرغىپ قىلىنغان.

30-40-يىللاردىكى پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق بىر تۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تەرغىپ قىلغان ئىدىيە ۋە سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ئۇلارنىڭ يېزىق نامى بىزگە كەلگەن ئۈچ ئېغىز شۇئارىدا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ مىللىتىمىز تۈرك! بىزنىڭ يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان! بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام دىنى! بۇ ئۈچ شۇئاردا مۇھەممەت ئىمىن ئىسمىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئاتالمىش «تۈرك خەلقى» ياكى «تۈرك مىللىتى» چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇش؛ شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ قوينىدىن ئايرىپ چىقىرىپ، بىر مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش نىيىتى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 40 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، تۇرغۇن ئالماس ئۈچ كىتابىدا تەرغىپ قىلغان ئىدىيە، قاراش ئۆينى زاماندا مۇھەممەت ئىمىن ئىسمىدىكىلەر تارقاتقان پانتۈركىزم ئىدىيەسى بىلەن تومۇرداش. ئاپتور «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا يازغان «نەشرىياتتىن»

دېگەن سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلار» دېگەن «بۇ مىللەت دەسلەپتە
تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ۋە قان-قېرىندىشى بولغان ھۇنلارنىڭ ئۇلۇق توقۇز-
ھۇن، تەگرىقۇتلىقى، ئۇلۇق كۆك تۈرك قاغانلىقى تەركىبىدە ياشىغان بولسا،
كېيىن ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى، قاراخانىلار، دۆلىتى ...... قاتارلىق قۇدرەت-
لىك دۆلەتلەرنى قۇرغان»، تۇرغۇن ئالماس ئۆز كىتابىدا ئۇيغۇرلار جۇڭ-
خوا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ بىر-
لىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت تەركىبىدىكى بىر مىللەت ھېسابلىنىدىغان-
لىقىنى بىرەر ئېغىزمۇ تىلغا ئېلىپ قويمىغان. ئاپتور گەرچە مۇقەددىمىدە ئىس-
«شەرقىي تۈركىستان تارىخى»دا يازغانلىرىدەك ئۇيغۇرلارنى بىۋاسىتە بوسۇغىدا
«تۈرك» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوچۇق ئاشكارە ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ
ھۇنلار، تۈركلەر بىلەن «قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار»، «كېلىپ چىقىشى جەھ-
ەتتە قان قېرىنداش»، «غەربىي جەھەتتە بىر مەدەنىيەتنى كېلىپ چىققان»،
«ئۇلارنىڭ ئىرقى ئاق تەنلىك ئىرانلار (ھون تۈرك) تىپىغا كىرىدۇ»، «ئۇلار
ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت تۈپ ئىگىزدىن ئالىملىرىدا بىر خىل مىللىي مەدە-
نىيەت»، «جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن، بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر زې-
مىندا ياشاپ كەلگەن»، «ئۇلار تىل جەھەتتە بىر ئۇقۇمدىكى ئالتاي تىل سىستې-
مىسىدىكى تۈرك تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ»، «دىن جەھەتتە، بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ
مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ»، ۋەھاكازالارنى ئويدۇ-
رۇپ چىققان، تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا بازارغا سال-
غان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر، ئەسلا ئاپتورنىڭ يەككە ئىجادىيىتى ئەمەس،
بەلكى مۇھەممەت ئىمىن يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن 30- يىل-
لاردىكى يېڭى كۆچۈرۈلمىسى

تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ۳ پارچە كىتابىدا، تارىخىي پاكىت-
قا ۋە قوللىنا كەلتۈرۈلگەن يەن تەتقىقات ئەندىزىسىگە قاچە پەسەيتىپ قىل-
ماستىن، ئۆز دىيالېكتىكا ھۆكۈم چىقىرىپ، تارىخىي پاكىتنى بۇرمىلاپ يالغان
تارىخ ئويدۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىدىكى غەرىزى ناھايىتى ئې-
نىق بولۇپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك
ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىشتەك سىياسىي مەقسەتكە يېتىشتىن ئىبارەت.

ئۈچ پارچە كىتابنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى. تۇرغۇن ئالماس يېزىپ چىق-
قان «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ پارچە كىتابنىڭ جەمئىيەتكە ئاللىقاچان كەل-
تۈرگەن ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كەلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان زىيىنىنى تۆ-
ۋەن مۆلچەرلىمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ ئۈچ پارچە كىتابتا ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان خاتا كۆز قاراشلار جەمئىيەتتە يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى، ئۇ-
نىڭ تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى.

ئۈچ پارچە كىتاب ۋارىسلىق قىلغىنى ھەم ئۇنىڭدا تەرغىپ قىلىنغان خا-
تا كۆز قاراشلار پانتۈركىزملىق ئىجتىمائىي ئىدىيە ئېقىمى ۋە دۆلەت ئىچى

هەم بىرتىندىكى ھالالىي يۈلگۈچى كۈچلەرنىڭ سىياسىي ئەشەببۇسلىرىدا
ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنى پەقەت يالغۇز ئاپتورنىڭ ھەم ئۇ يازغان ئۈچ پار-
چە كىتابىنىڭلا مەسىلىسى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. 3 پارچە كىتابنىڭ يېزىپ
چىقىلىشى — 40- يىللاردا ئەيەزدىن چىققان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»
دېگەن كىتابنىڭ روھىنىڭ تېخى ئارقىلىپ تەرەققىي قىلغانلىقى، بۇ كىتابنىڭ
قالدۇق زەھەرلىرىنىڭ تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر جەمئىيەتتە يەنىلا يامراپ
يۈرگەنلىكى، ھالالىي يۈلگۈچىلەر، ئۆچىرەن دەۋرى قورال بولۇپ كەلگۈچىلىكىنى
قىلىپ يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3 پارچە كىتاپ دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنىپ، كىتاپ تار-
قىتىش ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئوچۇق تارقىتىلغان بولۇپ، ئومۇمىي تىرازى
20000 نۇسخىدىن ئارتۇق. بۇ كىتابلار ناتوغرا سىنىپلاردا تارقىتىلغان. ئاز
ساندىكى كىتاب ھەتتا چەتئەللەرگىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن. بۇ 3 پارچە
كىتابنىڭ تارقىتىلىشى، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئادەملەرگە قارىتا،
قانۇنسىز ھالدا يېزىپ كىرگۈزۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن
كىتاب كەلتۈرگەن زىياندىن تېخىمۇ زور زىيان كەلتۈردى.

بۇ 3 پارچە كىتاب ئاممىنىڭ ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىشىنى يادىدا قىلىپ ئۇ-
لار، «تارىخ» دېگەن كىتابقا يېزىلغان دەھشەتلىك سۆزى، ۋە «ئاپتورنىڭ قىسمىچە
ئەرچىمالى» دا، ئاپتورغا يەنە ماركسىزمچە ئىدىيە ۋە «ئاپتورنىڭ ئۆز ئىدىيەسى»
كەڭرى يۆرىلگەن ھەم ياشلارنى «ئۆز مىللىتىنىڭ ھەققانىي تارىخى» نى بۇرمىلاش-
چاقىرىق قىلىشتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۈچ پارچە كىتاب شىنجاڭ تارىخىنى ھەم
ئوبزورلار، تارىخچىلار ۋە باشقا كىشىلەرگە نىسبەتەن، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇ-
چىلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى.

3 پارچە كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشى — يېقىنقى كونا مىللىي بۆلگۈنچى-
لەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن بۇيان ئىشلەتكەن ئەپرەتلىرىنىڭ نەتىجىسى. قاراشلىرى بىر-
لىرىگە ماسلاشقان. بۇ 3 پارچە كىتابنى يېزىپ چىقىشتا ئاپتور خەنزۇچە
تارىخ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشنى رەت قىلغان بولۇپ، ئادەتتە ئۇيغۇ-
رچە، خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللاردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن، ئۇلار كۆر-
سەتكەن، شۇڭا ئاپتور بىرنەچچە كىتابنى تەتقىق قىلغۇچى بولسا ئالدى
بىلەن خەنزۇچە تارىخ كىتابلارنىڭ سىياسىي قاراشلىرى ئاپتورلىرىنى
تەتقىق قىلىشنى دەپ چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇ-
چىلارنى قايمۇقتۇرغان، ئاپتور خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ،
ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەزى سۆز ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتكەن ھەتتا
بەزى مەزمۇنلارنى بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكەن، كىشىنى چۈچۈتىدىغىنى
شۇكى، ئاپتور خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللارنى خالىغانچە ئىزاھات بېرىپ
چۈشەندۈرگەن. مەسىلەن، جەمئىيەتلەرگە ئۇيغۇرلۇق ۋاقتىسى» نى ئاپتور ئاپ-

چىنى ئىمپېرىيالىستلار ئەمەلىي مەناسىنى ئۆزگەرتىپ، «شەرقىي تۈركىستان» ئازادە-
لىق ھەرىكىتى» دېگەننى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقارغان. نۇرغۇن ئا-
مالى «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق 9 پارچە كىتابىنى مۇنۇنداق رەزىل ئۇسۇللارنى
قوللىنىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان، بۇ جەھەتتىكى مىساللار بۇ كى-
تابلاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.
مەن بۇ يەردە بۇ 9 پارچە كىتاپ ۋەكىللىك قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك
ئىدىيە ئېقىمىنىڭ شىنجاڭ داشۆدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پەيدا
قىلغان يامان تەسىرىنى نۇقتىلىق ھالدا سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن ھەمدە مەك-
تەپلىرىمىزدە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەۋى ئېقىمىغا تاقابىل تۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ
مۇھىملىقىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.
شىنجاڭ داشۆ 40 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىش-
لىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇ
40 يىل، شىنجاڭ داشۆ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان، زورايغان ۋە داۋاملىق
ئالغا باسقان 40 يىل بولدى. مەكتىپىمىز بۇ 40 يىل جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپ-
پەقىيەتلىرى، قوشقان تۆھپىسى غايەت زور بولدى. بىراق شىنجاڭ داشۆنىڭ 40 يىلى
تىنچ بولمىدى، بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر تەرەپ 40 يىل جەريانىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۈچەيتىش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغۇنچىلىق
قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ساقلىنىپ كەلگەن.
بىراقتىن قىزىپ 80- يىللاردىن بۇيانقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندىمۇ بۇ-
داق كۈرەش بەلەن توختاپ قالمىغان بولۇپ، 82-81- يىللىرى تارىخ پاكىتلىرىنىڭ
بەزى ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەت ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دې-
گەن كىتابىنى كۆچۈرۈپ 60 نۇسخا، يېزىپ چىققان. (ھەر بىر نۇسخىسى كىتاپ
9 پارچىدىن، جەمئىي 700 بەتتىن؛) بۇ ئىككى مەسىلىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ھەر بىرى بىر نۇسخىسىنى ئالغان. بۇ ئىشنى كېيىن مەكتەپ بۇ ئوقۇغۇچىلار-
غا بۇ كىتابنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىگەن
بولسىمۇ پەقەت 10 نەچچە پارچە كىتاپ يىغىۋالغان، بۇ 50 نۇسخىسىنىڭكىنى
يوشۇرىۋالدى، قالغانلىرى ئېھتىماللىقى جەمئىيەت ۋە مەكتەپتە يوشۇرۇنلىقى تارقى-
لىپ كەتكەن. (ئەسلىدە شىنجاڭ داشۆدە يەنە بىرلىكى مۇمكىن). ئىككىلىنچى
قېتىم تارىخ ياكلىنىشىدىن ئۇرغۇش يۈز بەرگەن بىر قانچە ئوقۇغۇچىسى قىزىل-
سۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئۇ مۇھەممەت ئىمىننىڭ
«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن بۇ كىتابىنى دەرسخانىغا ئېلىپ كې-
رىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئوچۇق دەرس ئۆتكەن.
1933- يىلى يۈز بەرگەندىن باشلاپ، مەكتىپىمىزدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار
«دۇنيا نىشان پەرزەنتلىرى» دېگەن تەشكىلات تۈزۈلگەنلىكىنى قۇرۇپ، 9 ماددى-
لىق تەلەپنامە يېزىپ، مەكتەپتىكى ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى كۆچمە چىلىپ ئاپىرىش
قىلىش ھەم خەلق ھۆكۈمىتىگە بېرىپ «تەلەپنامە» سۇنۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتو-

نوم رايونىمىزنىڭ تىنچ ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيىتىگە ئېغىر ھالدا زىيان سالىدىغان «٢٤-دېكابىر» ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، ئىنتايىن يامان سىياسىي تەسىر پەيدا قىلغان.

١٩٨٨-يىلى، مەكتىپىمىزدىكى ستۇدېنتلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاز ساندىكى كاتتىۋاشلىرى قۇتراتقۇلۇق قىلىش ئارقىسىدا، «ئۇيغۇر توقۇلمىسى» دېگەندەك ئوخشاش مەزمۇنى بۇزۇق شىئارلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يامان غەرەزلەر يوشۇرۇنغان رەسىملەرنى كۆرگەزمىگە قويۇپ پاكىت بۇرمىلانغان سىن ئالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ، جامائەت پىكرىنى ھازىرلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كەيپىياتىنى قوزغاپ، ئاخىرى «١٩-ئىيۇن كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ جېدەل چىقىرىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان.

١٩٨٩-يىلى بەش-ئايلاردا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن مەزگىللەردە مەكتەپ قوراسى ئىچىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەرغىب قىلىنغان شوئار تەشۋىقات ۋاراقى، كىچىك خەتلىك چوڭ خەتلىك ئېلانلار كۆپ ئورۇنلارغا چاپلانغان، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار يەنە باشقا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، «ئالىي مەكتەپلەر ھەرىكەت قىلىش ھەيئىتى» دېگەن تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىققان، ئۇلار «مىللىي پارلامېنت قۇرۇش كېرەك»، «پىلانلىق تۇغۇتقا قارشى تۇرايلى»، «ياشىسۇن ئىسلام ئىنقىلابى» دېگەندەك ئوخشاش ٢٤ ماددىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تاكى بۇلتۇرغا قەدەر بۇنداق ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرغان تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ٢٢-يىللىق ئوقۇغۇچىسى سىنىپ ئىچىگە ئېسىپ قويۇلغان «جۇڭگو خەلق ۋەتىنى» دېگەن شىئارنىڭ «جۇڭگو» دېگەن يېرىنى چەمبەر ئىچىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ خەت يېزىپ، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلغان.

«دەرەخ جىم تۇرسىمۇ شامال تىنىماس» دېگىنىمىزدەك، شىنجاڭ داشۆ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى، ئەسلىدە ئوقۇپ بىلىم ئالىدىغان، پەن-تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ئىدى. بىراق مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ داشۆ ئۆتكەن يىللاردىن بۇيان تىنچ بولالمىدى. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمغا ھەم مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ باردۇق. كۈرەش جەريانىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قەتئىي چەك تارتىدىغان دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ھەر خىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە مۇنى ئۇقتۇردىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ. شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزۇن مۇددەتلىك بولىدۇ، مۇرەككەپ بولىدۇ، جاپالىق بولىدۇ.

شىنجاڭ داشۆدە ساقلانغان بۈگۈنچىلىك ئىدىيىۋى تېمىسى، نېمە ئۈچۈن ئۇن ئەججە يىلغىچە بازار تېپىپ، ھازىرغا قەدەر تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ؟ بۇنىڭدا قىسمەن پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلارنىڭ قالدۇق تەسىرى، چەتئەللەردىكى دۈشمەن، كۆچمەنلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشى قاتارلىقلار مۇھىم سەۋەبتۇر. تۇرغۇن ئالماسنىڭ بۈگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىمۇ بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئۇ يېزىپ چىققان ۋە كىتاپ مەكتەپلىرىمىزدە ئالىلا بۇرۇنلا تارقىلىپ يۈرگەن. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يېقىنقى، مەكتەپلىرىمىزدىكى بىر پاتون ئوقۇغۇچى، مۇكاپات ئېلىشقا سۇنۇلغان ماقالىسىنىڭ ئاساسىي كۆز قاراشلىرى مۇشۇ ۋە كىتابتىكى ئىچىدىكى كۆز قاراشلار بىلەن ئوخشاش بولغان، بۇ جايدا مەن يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەنكى، تۇرغۇن ئالماسنىڭ ۋە پارچە كىتابى گەرچە 86-، 89-يىللىرى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتابلاردىكى خاتا كۆز قاراشلار ۋە خاتا ئىدىيىلەر 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىلا ئۇنىڭ بىرنەچچە ژۇرناللاردا يېزغان ماقالىلىرى ئارقىلىق تارقىلىپ يۈرگەن. مەسىلەن: مەكتىپىمىزدە چىقىدىغان «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 84-يىللىق (ئۇيغۇرچە) 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇر ئەللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ماقالىسىدا بۇ ۋە پارچە كىتابنىڭ يەنە بىر ئاساسىي كۆز قاراشلىرى بار ئىدى. يېقىنقى يىلدا بايان قىلىنغان پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ۋە پارچە كىتابىنى تەنقىد قىلىش يېزىش، دۆلەت ئەچى، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى گۇرۇھلار بىلەن ياش ئەۋلادلارنى تالىشىشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، شۇڭلاشقا مەكتىپىمىزنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بىز دېموكراتىيىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، مەكتەپمىزدىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋە پارچە كىتابنى تەنقىد قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بۇ ۋە پارچە كىتابنىڭ ماھىيىتى ۋە زىيىنىنى ئېنىق تونۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى بىر مۇجمەل كۆز قاراش ۋە تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇ ۋە پارچە كىتابنىڭ سەلبىي تەسىرىنى تۈگىتىپ، جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە شىنجاڭ تارىخى مەسىلىسى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز، بىر قىسىملىق ماركسىزملىق مىللەت كۆز قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى توغرا تارىخىي كۆز قاراش، دىنى كۆز قاراش ۋە مىللەت كۆز قارىشى تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شىنجاڭ داشۆنى ياخشى باشقۇرۇپ، لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

# ماركسىزمنىڭ سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى تارىخ تەتقىقاتىنىڭ قىبلىنامىسى

## — تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىغا باھا

ياڭ فارېن

ماركسىزمنىڭ سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتى نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى. شۇڭا ئىزچىل بۇ ئىككىسى زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئېنگېلس «ئائىلىنىڭ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئۇلۇغ ئەسىرىدە مورگاننىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلىنىپ، سىنىپسىز ئۇرۇقداشلار جەمئىيىتىنىڭ سىنىپلىق قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتكە ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنبەنى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلدى. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەت جەمئىيەتنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى؛ دۆلەت بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتكە پېتىپ قېلىپ، يارىشالمايدىغان قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى ۋە بۇ قارىمۇ-قارشى تەرەپلەردىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بىر-بىرىنىڭكى بىلەن توقۇنۇشىدىغان سىنىپلارنى ۋە جەمئىيەتنى ئەرزىمەس كۆرەش ئىچىدە ھالاك بولۇشقا قويماسلىق ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان، توقۇنۇشنى پەسەيتىدىغان، توقۇنۇشنى «تەرتىپ» دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان بىر خىل كۈچ زۆرۈر بولۇپ قالغان؛ جەمئىيەتتىن ۋۇجۇتقا كەلگەن، لېكىن جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ھەمدە كۈندىن-كۈنگە جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان بۇنداق كۈچ دۆلەتتۇر» («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4-توم خەنزۇچە نەشرى (166-بەت) كېيىنكى زامانلاردا، لېنىن ئۆزىنىڭ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىدە ئېنگېلسنىڭ بۇ مەشھۇر ئىدىيىسىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «دۆلەت سىنىپىي زىددىيەتنىڭ مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىپادىسى»، «دۆلەت سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى»، «دۆلەت ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش قورالى» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم، خەنزۇچە نەشرى 166-، 167-، 171-بەتلەر).

كلاسسىكلارنىڭ بۇ ھۆكۈملىرى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدىكى، دۆلەتنىڭ شەكىل‌لىنىشى سىنىپلارنىڭ ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئەمما «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشتىكى مەنبە بولغان سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇشى يوققا چىقىرىلغان. كىتابنىڭ دو-ۋېتىدە مۇنداق، دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى توغرىلىق سۆزلىنىپ كېلىپ مۇنداق دې-يىلىدۇ: «ئۇلارمۇ باشلانغۇچ جامائەت تۈزۈمىنىڭ مەلۇم باسقۇچىغا كەلگەندە دۆلەتنىڭ دەسلەپكى تۈزۈلمىسى (قوراللىق كۈچ) نى شەكىللەندۈردى... قان قېرىنداشلىق، تىل ۋە باشقا جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان قەبىلىلەر بىرلىشىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىللەپ، تىل ۋە باشقا جەھەتتىن ئۆزىگە يات كېلىدىغان قەبىلىلەرگە قارشى تۇرغان. مانا مۇشۇنداق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ قو-راللىق كۈچلىرى، قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسى، ئامىلى بولغانىدى.» ئەمەلىيەتتە قەدىمكى دەۋرلەردە ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان دۆلەت قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى. ئاپتورنىڭ بۇ يەردە كېيىنكى زاماندا «قەدىمكى دەۋر دۆلىتىنىڭ ئاساسى ئامىلى» ئەمەس، ئەكسىچە، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئىلگىرىكى باشلانغۇچ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ بەزى تىپ ئالاھىد-دىلىكلىرى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى ئاپتورنىڭ ماركسىزمنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتى ھەققىدىكى ساۋادىنىڭ بەكمۇ نامرات ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ئېنگېلس «ئائىلىنىڭ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابتا ئامېرىكىدىكى ئىروكېزلارنىڭ، گرېكلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىپ، ھالداش ئۇرۇقدا-لىق ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇرۇقداشلىقنىڭ ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى، قەبىلىلەرگىلا خاس بولغان تۈزۈم، شۇڭا ئىنگە بولۇشىنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئا-ساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇرۇقلارنىڭ قوراللىق كۈچىگە كەلسەك، ئۇ ئاھالىنىڭ ئۆز ئۆزىنى قوغدايدىغان قوراللىق تەشكىلاتىدىنلا ئىبارەت، ئۇ دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىنگە بولغان دائىمىي ئارمىيەگە ئوخشىمايدۇ. تۈپ مەسىلە شۇكى، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە قۇللار ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قارىمۇ - قارشى سىنىپ مەۋجۇت بولمىغان بولىدۇ. ۋە شۇ سەۋەبتىن دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرتمۇ ھازىرلانمىغان بولىدۇ. تارىخي ماتېرىيالار شۇنىمۇ بىلدۈردىكى، ھۇنلار مىلادىدىن 475 – 221 يىل ئىلگىرىكى ۋا-قىتتىلا، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇرۇشقان بەگلىكلەر دەۋرىدىلا تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بول-غان ھەمدە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرىپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى دۆلەت بەرپا قىل-غان. شۇڭلاشقا، تۆۋەندىكىدىن ئېيتسىمىزكى، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ «ھۇنلار مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇنلا «قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ ئا-ساسى ئامىلى» ئىنگە بولغانىدى» دېگەنلىكى ئاغزىغا كەلگىنىچە گەپ قىلغانلىق.

دۆلەت سىنىپىي زىددىيەتنىڭ ياراشتۇرۇش قىلىپ بولمايدىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى،

نىكسىيىگىمۇ ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى فۇنكسىيىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تاشقى فۇنكسىيىسى ئىچكى فۇنكسىيىسىگە ماس بولىدۇ. چۈنكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ھەر قانداقى ئالدى بىلەن ئۆز دۆلىتىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلارنى باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەلىنېمەتچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمىگەن، ئۇنىڭ تاشقى دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشى ۋە سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ، سىنىپىي جەمئىيەتتە مىللىي زىددىيەت سىنىپىي زىددىيەتنى ئاساس قىلغان بولىدۇ، سىنىپىي زىددىيەتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەي، ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، مىللىي زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، «تۆۋرۈلار» دېگەن كىتابتا دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولغان سىنىپىي زىددىيەت ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىنمىغانلىقى، مىللىي زىددىيەتكە بولسا شۇنچە بەك ئېزىقىپ كېتىلگەنلىكى ئاڭسىز ھالدا سەل قارىغانلىق بولماستىن، ئاپتورنىڭ يوشۇرۇن روھىي ھالىتىدە بولغانلىقىنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك.

ئېنگېلس دۆلەت بىلەن كونا ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ پەرقى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، «دۆلەتنىڭ كونا ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتلىرىغا ئوخشىمايدىغان بىرى شۇكى، بىرىنچىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىنى رايون بويىچە ئايرىۋالغان بولىدۇ... ئۇنىڭدا جامائەت ھاكىمىيىتى تەسىس قىلىنغان بولىدۇ. بۇنداق جامائەت ھاكىمىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۆزى تەشكىللىنىپ قوراللىق كۈچ بولۇۋالغان ئاھالە بىلەن بىۋاسىتە ماسلاشمايدىغان بولۇپ قالىدۇ... بۇنداق جامائەت ھاكىمىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن پۇقرالار خىراجەت تاپشۇرۇشى، باج تۆلىشى كېرەك» «جامائەت ھاكىمىيىتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە باج يىغىدىغان» «ئەمەلدارلار قويۇلۇشى كېرەك» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4- توم، خەنزۇچە نەشرى 166 - 167- بەتلەر) دېگەنىدى. بۇ ئىككىسى ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بۇ ئىككى نۇقتىنىڭ بىرلىشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئامىلى تەشكىل قىلىنغان بولىدۇ. بۇنىڭ قايسى بىرى كەم بولىدىكەن، دۆلەت شەكىللەنگەن بولمايدۇ. روشەنكى، بۇ ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي ۋە مۇكەممەل، تولۇق، يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەردۇر. قەدىمكى دەۋردە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇشۇنداق نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزەتسەك، شىنجاڭنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي تارىخىي پاكىتنى ئېتىراپ قىلىش تارىخنىڭ ئوبيېكتىپ نەزەرىيىسىنىڭ ئوبيېكتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىك بولىدۇ. شىنجاڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى. بۇ ھەم شىنجاڭنىڭ ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەرەققىياتىدىن چىقىرىلغان بىردىن - بىر توغرا يەكۈن، ھەم ھازىرقى جانلىق رىئاللىق. بۇ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشنى ئويلايدىغان كۈچلەر ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدىغان قىل سىغمايدىغان يەكۈن.

ئەپسانىلىرىنى ئۆزگە، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا شىنجاڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇزۇن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى، دەيدىغان بۇ ئىلمىي پاكىتنى تەۋرەتكىدەك پاكىتلىق كۈچ بىلەن تىرىشىلغان. بۇ ھالدا چاۋۇپ-سىنى چىقىشقا پايدىسى بولمايدۇ. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ مەۋھۇم قىلىنغان ئىكەن، ئەمدى بىز ئۇنىڭ ئاساسلىق جايلىرىنى يولۇقۇپ ئېلىپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

بىرىنچى، خەنزۇ جۇڭگو دېيەكتۇر دېيىلىدىغان مەسىلىدە. بۇنداق مەسىلە «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك بار. مەسىلەن: «تۇرانلار بىلەن خەنزۇلار زېمىن جەھەتتە بىر - بىرىگە قوشنا بولۇپ ياشىغان» (75-بەت)، «ھونلارنىڭ ئاخىرقى قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ خەنزۇلار بىلەن قوشنا ياشاپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم» (91-بەت) «ھونلار ... جۇڭگو ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىر دۈشمەنگە ئايلاندى» (95-بەت) دېيىلىدۇ. دۇرۇس، تارىختا «جۇڭگو» دېگەن ئۇقۇم خەنزۇلار قۇرغان ئوتتۇرا دۆلەتلىك خاندانلىقلارنىڭ مەخسۇس نامى بولغان ئەمەس. ئەمما تارىختىن ئازراقلا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، جۇڭگو دېگەن ئۇقۇم تارىخنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرغان، جۇڭگونى خەنزۇلار قۇرغان فېئودال خاندانلىقلار بىلەن ئەينەن چۈشىنىش مۇكەممەل ئەمەس. ئۇ بىرنىڭ بۇنداق كۆپ مىللەتلىك دۆلەتمىزنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى يىغىنچاقلاپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى سۇلالىسىنىڭ ئالمىشىشىغا، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئەگىشىپ «جۇڭگو» دېگەن سۆز مۇكەممەل مەزمۇنغا ئىگە بولدى، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتكۈل زېمىنى ۋە بۇ زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. تارىخنى ئەينىق قالدۇرغان كىشىگە بۇ ئېنىق بولۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، بىرگىنىكى كىرىشكە كۆزگە كەلگەندىمۇ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا خەنزۇلار جۇڭگو دېيەكتۇر دەپ قارىغانلىق ئاپتورنىڭ بىر تەرەپلىمە تارىخنى خاھىشلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دۆلەت چېگرىسىنى ھامان قاندىشلىق، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىقلا ئايرىلغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوغا تەۋە ئەمەس ئىدى دېيىش ئۈچۈن ھاجەت پىكرى جەھەتتىن ئاساس تەييارلاپ بەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماركسىزمنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتى شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، دۆلەت قاندىشلىق، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولماستىن، رايوننى دائىرە قىلىنغان ھالدا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىگە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە زورلۇق دەۋرىدىن سىۋىلىزاتسىيە دەۋرىگە كىردى. بۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ كەلگىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى، ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زېمىننىڭ كېڭەيتىلىشى بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاھالىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە كۆچۈشىگە يې-

ۋەپ بولىدى. ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارا سىڭىشىشىگە
ۋە قولۇشۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. ھەتتا كېيىن، ئارىسىدا قانداقلىق مۇناس
سىۋىتى رەتتە قالغانلىقى ئانىقلانمىغان. ئالاقە مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ قال
دى - دە، ئۇيغۇر قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بويىچە ئايرىلغان بۆلەكلەر ئاپلىدى.
بەزى كىشىلەر بۇ بۆلەكلەرنى ئەمەس قىزىقتى. تارىخى قەدىمدىكى، تارىخى مەلۇماتقا
ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى بايرەمدىن ساقلاپ قالىنىدى. مەزكۇر سانادا دېگەن دېھقانچىلىق
زېمىنى خاتىرىسىدىكى رەسىمسىمەدۇر، بۇرچىسى يۇقىرى خاتىرىدا
ئەقلىيەتلىك، دېگەن سەنئەتكارلىق ئاساسىدىكى ئەھۋال ئەسلىمىدە
لەنگەن، چىن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى، ئەمەلىيەتتە ئاساسى جەھەتتىن، تىپلار
پاكى خاراكتېرلار (ھەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن خەنزۇ دېھقانلىرى بولغان) قۇر-
غان دۆلەت ئىدى. دۆلەت ئەھمىيەت مۇناسىۋىتى ۋە چېگرا تەسىرى بىلەن
چېگرىلىنىپ، چىن بەگلىكى ئالاھىدە قەبىلە، شۇلارنى بىرلىككە كەل
تۈرۈپلا قالماي، يەنە جەنۇبتىن ئىلگىرى بىلەن يۈزلىنىپ، غەربىي شىمالدا
خۇنلارنى قوغلاپ، مەركەزلەشكەن ھوقۇق تەرەپتە كېڭەيتىپ، شىمال تەرەپ
تىكى موڭغۇللار، شەرق تەرەپتىكى قۇرۇقلۇق دېڭىزغىچە، جەنۇب تەرەپ
تىكى بولغان جايلارنى بېسىۋېلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مۇقىم ما
لىمىز ئاساسىي كۆزدە قالغان. يەنە سىياسىي تۈزۈملەرنى، ئىقتىسادىي
تەرتىپلەرنى، ئالاھىدە يېزىقلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ شەرقىي
شىمالدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مىللەتلىك،
بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتى. چىن سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە
كەلتۈرۈشى ئاساسىدا، شىمال تەرەپتە مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇش قىلىپ، جەنۇب تەرەپتە
يوللارنى ئېچىپ، غەربىي تەرەپتە قارشى يۈرۈش قىلىپ، بىر - بىرىنى قوشۇپ،
غەربىي مەزكۇر يېڭى تۈزۈملەر ئارقىلىق ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ
ئورۇنلاش، شەرقىي ئاسىيادا بىر ئىچكى ۋىلايەت تۈزۈمى ئارقىلىق، ئەينى چاغدىكى شۇ
ۋاقىتتىكى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشى جايلاردا ئىجرا قىلىدىغان بولغان.
بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى قۇرۇپ، كېيىنكى زامانلاردا بىر ئىچكى ئىقتىسادىي
يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ بىرلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ
ئىچكى ئالاقە، قارىمۇقارشىلىقنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. ۋەھالەنكى
بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى قال
ماي، مەركەزلەشكەن، يارلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى قىلغان.
بۇ مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، ھەرقايسى كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن
دۆلىتىمىزنى ئەينى ھەر مىللەت ئۆز ئالدىغا قۇرغان بولماستىن، مەركەزلەشكەن
ھەممە مىللەت بىرلىكتە بەرپا قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر خەلقىمۇ تۇرمۇشلىرى ئۆز ئىچ
كىگە ئالغان دۆلەت ئەمەس، بەلكى ھەممە مىللەت ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى
جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ دۆلىتى. شۇڭلاشقا جۇڭگو تارىخىنى يېزىشتا جۇڭگو دېمەكتۇر،
جۇڭگو خەلقى دېمەكتۇر، دېگەن تارىخى ئاتالغۇ مۇۋاپىق.

ـدى. ئىككىنچى، سەددىچىن سېپىلى دۆلەت چېگرىسى دېيىلگەن سەپسەتە. «ئۇيغۇر-
لار» دېگەن كىتابنىڭ كۆپ يېرىدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى جۇڭگو، سەددىچىن
سېپىلىنىڭ سىرتى باشقا مىللەتلەرنىڭ «مۇستەقىل» دۆلىتى دېيىلىپ، سەددىچىن
سېپىلى جۇڭگو بىلەن «ۋېيشى» غەربىي يۇرتنىڭ دۆلەت چېگرىسى قىلىنغان. «ئۇيغۇ-
رلار» دېگەن كىتابتا جۇڭگونى پارچىلايدىغان ئاشۇنداق ئىدىيەلەرنىڭ ئاشۇن-
داق ئاشكارا يالاپ چىقىرىلغانلىقى كىشىلەرگە ئاپتورنىڭ نىيىتىنى ئىزدىلىشىۋاتقانلىقىنى
ئۇقتۇرىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرى يۈز يىل ئىلگىرى ياسىلىشقا باشلىغان سەددىچىن سې-
پىلى ھەرگىز جۇڭگونىڭ دۆلەت چېگرىسى تىكلەنگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. چىن
خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇنىڭ چېگرىسى ئاساسىي جەھەتتىن سەددىچىن سېپىلىنىڭ
يۆنىلىشى بويىچە بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خاندانلىق سەددىچىن سېپىلىنىڭ
شىمال تەرىپىدىكى خېنەن رايونىدا ۋە ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئىچكى جايلاردىن
مەھبۇسلارنى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت چېگرىسىنى
سەددىچىن سېپىلى بىلەن چەكلەپ قويمىغان. غەربىي خەن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ زېمى-
نىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى، غەربىدىكى كەڭ جايلارغا
يەتكۈزگەن، ليائودۇڭنىڭ ئىرىسىدا شۈەنتۇ، لېلاڭ، جېنپەن، لىنتۈن ۋىلايەتلىرىنى
قۇرغان، قورول سىرتىدا يەنە ئارام خانلىق ۋە خېشى تۆت ۋىلايىتىنى تەسىس
قىلغان؛ غەربىي يۇرتنىڭ بولسا نىچى، 36 كىچىك دۆلەتنى ئۆزىگە قارام قىلغان.
جۇڭگونىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى زېمىنىمۇ چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى زېمىنى
ئاساس قىلغان ھالدا يەنە داۋاملىق كېڭەيگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، تەڭ
رىتۇت دۆلىتى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، سەددىچىن سېپىلىغا خېلى يىراق بولغان
قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن
تۇرسا، قانداقمۇ سەددىچىن سېپىلىنى جۇڭگونىڭ شىمال تەرەپتىكى چېگرىسى دېگىلى
بولسۇن؟ يەنە كېلىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ غەربىي
جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى
كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ كېلىپ،
مىللەتلەرنىڭ سىڭىشىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، چىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە، موڭغۇللارنىڭ، مانجۇلارنىڭ سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىككە ئولتۇراقلاشقانلىقى، پۈتكۈل جۇڭگودا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى
تىكلىگەنلىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمال تەرەپتىكى چېگرىسى ئەمەسلى-
كىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى سەد-
دىچىن سېپىلى جۇڭگونىڭ دۆلەت چېگرىسى دېيىلگەن ئاساسسىز ھۆكۈمىنى ئوتتۇرىغا
قويۇشتا ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى ئەمەس ئىدى دېيىلگەن
سەپسەتىگە ئاساس تېپىپ بېرىشنىلا كۆزدە تۇتقان، ئەمەلىيەتتە، بۇ يۈز يىللىق
قوۋۇق ئاۋارىچىلىقى، ماركسىزمنىڭ دۆلەت پەرقلىرىنى رايونلار بويىچە ئايرىش ۋە
شۇ رايوندا جامائەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئالامىتى تەشكىل
قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى يەكۈنىگە بويىچە ئەمەلىي پاكىتلاردا بۇنى

كۆرگىلى بولىدۇكى، بىرەر دۆلەتنىڭ زېمىنىنىڭ تەۋەلىكىنى بەلگىلەشتىكى تارىخ مە-
سىلە دۆلەتنىڭ جامائەت ھاكىمىيىتىنىڭ شۇ رايوندا قۇرۇلغان قۇرۇلمىغانلىقى ۋە
يۈرگۈزۈلگەن - يۈرگۈزۈلمىگەنلىكى، تارىخىي ماتېرىياللار شۇنى بىلدۈرىدىكى، مىلا-
دىدىن 60 يىل ئىلگىرى غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا غەربىي يۇرت تۇتۇق
ھەراۋۇل مەھكىمىسى قۇرغاندىن باشلاپ جۇڭگونىڭ جامائەت ھاكىمىيىتى غەربىي
يۇرتتا قۇرۇلغان. بۇ ھال غەربىي يۇرتنىڭ شۇندىن ئىبارەت جۇڭگونىڭ تېررى-
تورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ھالەت ھاكىمىيەتنىڭ غەربىي
رايوندا يولغا قويۇلغانلىقى ئاساسەن ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئالىي
مەمۇرىي باشلىقنىڭ تەيىنلىنىشى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى. ئىككىنچى، باج - خە-
راجەتنىڭ ئېلىنىشى ۋە تۆلىنىشى - يىلقىنىڭ تاپشۇرۇلۇشى. ئۈچىنچى، غەربىي يۇرت-
تىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تىنچلىقى ۋە سىرتتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزغا
قارشى تۇرۇشقا قورال - كىيىم بىلەن ياردەم بېرىلگەنلىكى. دەرۋەقە مەركىزىي
ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كېيىن - كەينىدىن پاراكەندىچىلىك تۇغۇلغان، دۆلەت-
نىڭ مەدارى ئاجىزلاپ قالغان ياكى سىياسەت جەھەتتە يېتەلمىگەن بەزى يەرگەن چاغ-
لاردا دۆلەتنىڭ جامائەت ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا يۈرگۈزۈلۈشى توختاپ قال-
غان ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئەمما پۈتكۈل تارىخنىڭ ئارىلىقىدا، جۇڭگودا دۆلەت ھاك-
مىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا يۈرگۈزۈلۈشىنىڭ ئىزچىللىقى دەرھال مەلۇم بولىدۇ. بۇ
ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاساسىي تارىخىي پاكىت. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇيغۇر-
لار» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، سەددىچىن سېپىلى دۆلەت چېگرىسى دېيىد-
غان نۇقتىئىنەزەر تارىخ ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ئۈچىنچى، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكىلەر مۇستەقىل دۆلەت دېيىدىغان مەسىلە.
«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مۇستەقىل سىياسىي گەۋدە دې-
گەن قارىشى قايتا - قايتا تەرغىب قىلىنىدۇ ۋە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈرك قاغانلىقى
دەۋرىدە تۈرك دېگەن نام تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئىرقى ۋە ئۆرپ - ئادەت
جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشاش ياكى يېقىن بولغان ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىرغىز، قىپ-
چاق، چىگىل، باسمىل، تۈركەشلەر بىلەن كېيىنچە تۈركلەشكەن قەبىلىلەرنىڭ ۋە باشقا
خەلقلەرنىڭ ئورتاق مىللەت نامى بولۇپ قالدى. يەنى شۇ چاغدىن باشلاپ، تۈرك
دېگەن نام تۈرك قاغانلىقى تېررىتورىيىسىدە ياشايدىغان بارلىق خەلقلەرنىڭ مىللىي
ۋە سىياسىي بىرلىشىشىنى بەلگىلەيدىغان نامغا ئايلاندى» (175- 179- بەت). بۇ
پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنىڭ سىنىپىي زىددىيەتنى يوققا چىقىرىدىغان، تۈركىي تىللىق
مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيىسى تەشكىل قىلىش
كېرەك دېيىدىغان نۇقتىئىنەزەرى بىلەن نەقەدەر ئوخشىشىپ كېتىدۇ - ھە! يۇقىرىدا
ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۆلەت بىر سىياسىي گەۋدە، ئۇ ئىجتىمائىي گەۋدە بولغان
مىللەت بىلەن ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ھەرگىز قانداشلىق،
تۇغقاندارلىق مۇناسىۋەت ئاساسىدا ۋە ئوخشاش تىل سىستېمىسى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن
بولمايدۇ. چۈنكى دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي

مانا بۇ كىتابنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى ئۇنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان-
لىقى. «دولقۇنلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى تارىخنىڭ رېئال سىياسىي ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئازراق بىلىدۇ، ئۇنىڭ سىياسىي مەيدانى ئېنىقلا ئېنىق. بۇ
بىزنىڭ ئىشىم بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، سىياسىي بىلەن كارى بولمايدىغان ياخشى ئە-
دەبلىك بولالمايمىز ئۈچۈن ئويغىتىش دورىسى. «دولقۇنلار» دېگەن كىتابنىڭ
سىياسىي مەيدانى بىز پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي مەيدانى ئەمەس، سوتسىيالىزم ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي مەيدان ئەمەس. ھەر مىللەت خەلقىنى بىردەك
ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان مەيدان ئەمەس. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدىغان مەيدان. ئاپتور بۇ كىتابتا پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنىڭ چەندىسىگە ۋا-
رىسلىق قىلىپ، تارىخنى بۇرمىلاش ئارقىلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئۈچۈن خىزمەت -
ھەل ئاتالمىش تارىخىي ئاساسلارنى تېپىپلا قالماي، بەلكى ئۇزىنىڭ بۇ ئويۇنىنىڭ مەج-
سىياتىنى يامانلاپ، ئەدىكنى ھازىرقىغا تەقلىد قىلىپ، مەيدان ئاستىدىن سۆز قويۇپ،
ۋەتەننى پارچىلىغان بەزى تارىخىي شەخسلەرنى «قەھرىمان» قىلىپ تەسۋىرلىگەن.
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان بەزى تارىخىي شەخسلەرنى بولسا «خائىن» دېگەن.
ھەتتا بىر گۈلگە گىرەلەشمە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن ئاتالارغا
تۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن دولقۇنغا ئۆچمەنلىكى، «مۇستەقىللىكى قولغا كەلتۈرۈش» دولـ-
قۇنى قوزغاشنى تەرغىپ قىلغان. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەق-
سىتى ئېنىقلا ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرمامدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىشنىڭ سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىدىن
چەتنەپ كەتمەسلىككە بولمايدۇ. تارىختىكى ھەر قانداق مىللەت ئىچىدە سىنىپىي قارىمۇ-
قارشىلىق ۋە كۈرەش مەۋجۇت بولغانىكەن، ئۇ مەنپەئەتى ئوخشىمايدىغان بىردەك بولغان
گەۋدە ئەمەس ئىكەن، تارىختىكى شەخسلەرنىڭ بىر پۈتۈن سىياسىي ۋەقەدىكى رولىغا
ھۆكۈم قىلىشتا سىنىپقا ئايرىش ئۇسۇلىنى ئايرىمىسىغا قارىماقتا تېخىمۇ مۇھىم ۋە
چوڭقۇر بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بەزى شەخسلەرگە مۇتلەق سىنىپىي ماركا چاپلاپ
قويۇشىمىز لازىم دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنى مۇئەييەن تارىخىي دائىرە ئىچىگە
قويۇپ، كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز لازىم دېگەنلىكتۇر. ئۇنداق بولمىسا، ئوبيېكتىپ
ئۆلچەم يوق. مەسىلەن، ئۇزۇن خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، تارىخنىڭ ئىلگىرى-
لىشىگە پايدا يەتكۈزگەن - يەتكۈزمىگەنلىكى، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان مىل-
لىي ئۇرۇشلاردا تۇرغان مەيدانىنىڭ ئەمىيسىنىڭ ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ قانداقلىقىغا قاراش
لازىم. خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ماسلىشىپ تارىخقا مۇھىم تۆھپە تەقدىم قىلىپ، تارىخنىڭ
ئىلگىرىلىشىگە پايدا يەتكۈزگەن، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن
كىشىلەرنى تارىختىكى ئىجابىي شەخسلەر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇنداق ئەكسىچە
ئىش قىلغانلار تارىخنىڭ گۇناھكارى بولىدۇ. مەن تەكرارلاپ قوزغىلاڭچىلار جەن سۇلا-
لىسى بىلەن ياراشقانلىقتىن، جەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا 60 يىلغىچە
تىنچلىق مۇناسىۋىتى ساقلانغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ خەلققە خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھ-
پىكار ئىدى. ئۇنداق تۇرۇقلۇق «دولقۇنلار» دېگەن كىتابتا ئۇ نېمە ئۈچۈن

«خائىن» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىندۇ؟ بۇ جەھەتتە «ئويغۇرلار» دېگەن كىتابتا ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئامان سۈنئىي ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تويىلاڭ كۆتۈرگەن قاراخانىي ئاق سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئەسىر ئالغان ھەمدە ئاق سۇلالىسىنىڭ بەرگەن ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان، كىچىك جايلاردا كۆتۈرۈلگەن تۈرلۈك قوزغىلاڭلارنى تىنچىتالىغان قىلىپ، ئوتتۇرا ئازىيالىق رايونىدىكى خەلق بىلەن بولغان ئالاقىنى زىچلاشتۇرغان، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېز يۈكسەلدۈرگەن، دېمەك، ئۇ ھەم خەلقنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلغان، ھەم ئىقتىدار ماسلاشقان. شۇڭا ئۇ مەدەنىيلىشىش كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ «ئويغۇرلار» دېگەن كىتابتا «خائىن» دېيىلگەن. ئەكسىچە، ئىسيان كۆتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن مۇتەھەم كورشاد بولسا «شەرقىي تۈرك ئازادلىق ھەرىكىتى» نىڭ «يولباشچىسى» دەپ ماختالغان. ھەتتا «ئاتىغا تاپ، خەلقنىڭ، شىر يۈرەك قەھرىمان كورشادنىڭ نامى خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا كۆرەشكەن ۋە كۆرەشۋاتقانلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى ۋە ئالىدۇ» (211-بەت) دەپ شۇئار توۋلىغان. مۇشۇ بىر جۈملە سۆزلا ئاپتورنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەردى، يالا ئاپتور «دۈشمەن» نى «خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى» يولىدا ئۆلۈپ بېرىلغان «كۆرەش» دېدى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلارنى «مىللەت» نىڭ «ئازادلىق ھەرىكىتى» دېدى. ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقىنى «شىر يۈرەك قەھرىمان» دېدى، يەنە ئېنى «كۆرەشكەن ۋە كۆرەشۋاتقانلار» نى «كورشادقا ئوخشاش» «مۇستەقىللىق» نى «قولغا كەلتۈرۈش» كە «ئەۋج ئېلىپ تۇرىدىغان دولقۇن» قوزغاشقا چاقىردى. ئەمدى، ئاپتورنىڭ سىياسىي مەيدانى تامامەن ئېنىق بولدى. ئۇ زادىلا ئىلىم مەسىلىسى ئۈستىدە، تارىخ مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ قىلىۋاتمايدۇ، كورشادقا ئوخشاش يەنە ئىسيان كۆتۈرۈشكە چاقىرىۋاتىدۇ. بۇ ھال بىزنىڭ بارلىق ئاڭلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىمامدۇ؟ بۇ ھال بىزگە شۇنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇرىدىكى، بۆلگۈنچىلىك - بۇرژۇئازىيىنىڭ تار مىللەتچىلىكى بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ خاراكتېرىدا ئوخشاشلىق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان خەندەك يوق، ئەگەر مەلۇم بىر كىشى تار مىللەتچىلىك قاينىمىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدىكەن، ئۇ ئاخىر مىللىي بۆلگۈنچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالمامدۇ؟

مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، ھازىر شىنجاڭدا ئېغىر ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۆرەش، يەنى بۆلۈنۈش بىلەن بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ماھىيەت جەھەتتە، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئوتتۇرىسىدىكى يەنى سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» بىلەن «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆ-

رەشىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. ئۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىدا ۋە تەرەققىياتىدا بىرىنچى
تاقىلىدىغان تۈپ مەسىلە. شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاش مىللىي بۆلگۈنچى كۈچ-
لەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق
قىلىشى ئۈچۈن ئاتالمىش تارىخىي ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە بۇ ئارقىلىق
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىش، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىنى زەھەرلەش
مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن ۋاستە. شۇڭا مىللىي بۆل-
گۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى، بۇ شۇنى ئىپادىلەيدىكى، ئىدېئو-
لوگىيە ساھەسىدە پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سوتسىيالىزم
يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى، ماركسىزم بىلەن ماركسىزمغا قارشى
ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھېلىھەم ئۆتكۈر ھالدا مەۋجۇت. بۇنىڭدا بىز ھەرگىز
بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب بىزنى تېپىل-
غۇسىز سەلبىي دەرسلىك بىلەن تەمىنلىدى. تۇرغۇن ئالماسنىڭ بۇ كىتابى ۋە يەنە
ھېلىقى ئىككى كىتابى ئۆزىدىكى مۇرەككەپ ئارقىلىق، بىزنىڭ ماركسىزملىق بىلىش
قابىلىيىتىمىز چوڭقۇر دەرىجىدە يۈكسەلدى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى چوڭقۇر
يىلتىز تارتتى - بۇرژۇئازىيىنىڭ تار مىللەت قارىشى ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى، ماتې-
رىيالىزملىق تارىخ قارىشى چوڭقۇر ئىدېئالىزملىق تارىخ قارىشى ئۈستىدىن غەلىبە قازان-
دى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى چوڭقۇر تېخىمۇ كۈچەيدى.
شىنجاڭنىڭ ۋەتەننىڭ چوڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان بىرلىكى چوڭقۇر تېخىمۇ مۇس-
تەھكەملەندى، بۇنى «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ياكى ئويلىمىغان
بولسىدى، مۇشۇ مەنىدىن، بىز بۇ ئاپتورنى ئەيىپلەشكە ھەقىقەتەنلىق بالدۇرسەك
بولغۇدەك.

# پانتۈركىزمنى داۋراڭ قىلىش مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلغانلىقتۇر

## جى داچۈن

### 1. كەينىگە كەلمەس تۇرۇپ، قەدىمىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر «ئۇيغۇر مەملىكىتى»نى ياساپ، يەنە پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلغان

«ھەممە ئەدىب، ھەم تارىخچى» دەپ ئاتالغان تۇرغۇن ئالماس يېقىنقى يىللار-
دىن بۇيان «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلار» دېگەن ئىككى تارىخ كىتابى-
نى نەشر قىلدۇرغان. ئەگەر بۇ كىتابلارنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكى بار دېيىلسە، ئا-

رىخچې پاكىتقا ئايلانغاي. ئادەم ئوبرازىنى يارىتىدىغان ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر مىللەتنى — تۈرك مىللىتىنى يارىتىپ، ئۇنى كىتابقا باش قەھرىمان قىلغانلىقى بۇ كىتابلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ كىتابلاردا تەرغىپ قىلىنغان كۆز قاراشلار شىنجاڭ خەلقىگە ناتونۇش ئەمەس، بۇ يەنىلا 30 — 40-يىللاردا دەۋر سۈرگەن پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم. ئۇز ۋاقتىدىكى بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئاللا قاچان جازاسىنى يېگەن؛ بەزىلىرى چەت ئەللەردە ئۆلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل كۆز قارىشى قىرىق نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە تىرىلىپ، باشقىچە ياسىنىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا داۋاملىق خەلقنى زەھەرلىمەكتە. بۇ كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايدۇ.

پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي ھارپىسىدىكى تۈركىيىدە يەنى ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە پەيدا بولغان. ئوسمانلار قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى. تۈركلەر تىيانشاندىكى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا پەيدا بولغان، تارىختا تۈرك خانلىقى قۇرغان. كېيىن ئۆز ئىچىدە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، تارىختا شەرقىي تۈرك خانلىقى، غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئاتالغان. ئۇلار خەن سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن. شەرقىي، غەربىي تۈرك خانلىقلىرىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن، ئۇلارغا قاراشلىق قەبىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۆز ئالدىغا ئايرىۋالدى. تارىخ جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرگە ئايلاندى. بەزىلىرى غەربكە كۆچۈپ، شەرق مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلغان ياۋروپالىقلار بىلەن ئۇچراشتى، ياۋروپالىقلار بۇلارنى تۇتاقلا ئۇلارنى كۆچمەن چارۋىچىلار دەپ ئاتىدى. ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچكەنلەر سالجۇقلار ۋە ئوسمانلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدا ھاكىمىيەت قۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، XV ئەسىردە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى ئارىلىقىدا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلانغان. ئۇ بېقىندى دۆلەتلەر خەلقىنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئوبۇلبەبزىلىك، قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، ئىمپېرىيىنىڭ چاپسان زەئىپلىشىشىگە سەۋەب بولغان. XVI ئەسىردە، ياۋروپادا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، چەتتىن بازار ئىزلىدى، ئوسمانلارنى تالان-تاراج قىلىش ئۇلارنىڭ ئاساسىي نىشانى بولۇپ قالدى. ئۆزلىرىنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئۆزىنى ئىسلام خەلىپىسى ئابدۇل ھەمىت

پانئىسلامىزمنى، جىھادنىڭ بايرىقى تەرغىپ قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ داھىيسى بولۇشقا باش ئۇردى، بۇ قانخور سۇلتان ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى تارىختىكى شېرىن چۈشىنى تەكرارلاپ، ئاسىيادىكى، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە* ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن پانتۈركىزمنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر ئاتاپ

مىش «تۈرك مىللىتى»نىڭ قەبىلىلىرى دېگەن ئەپسانىنى ئويدۇرۇپ چىقتى. مەيلى پانئىسلامىزم بولسۇن، مەيلى پانتۈركىزم بولسۇن، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. 1- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلاشقاندا، تۈرك ئاخىرقى بىر قارام دۆلەتتىمۇ ئايرىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، تۈركىيەدە ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم سىنىپىي كۈرەشنى بوغۇپ، مىللەت ۋە دىننىلا كۆتۈرۈپ چىقىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي شوۋىنىزملىق كەيپىياتىنى قوزغىلايدىغانلىقى ئۈچۈن، جاھانگىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلاندى. ئالدى بىلەن ئۆزنىڭدىن ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن دۇنيادا كەلگەن سوۋېت دۆلىتىنى ئاغدۇرۇش يولدا پايدىلاندى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كومپارتىيىگە قارشى سىياسىي پائالىيەتنى قوللاپ، ئاخىر مەغلۇپ بولدى؛ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كونا جۇڭگو دەۋرىدە، جاھانگىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا قۇرچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت مىللىي بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى قوزغىدى. بۇ توپىلاڭغا ئارىلاشقان كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان مەمتىمىن بۇغرا بولغاندىن كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ چىقارغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق شۇنداق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى بازارغا سالىدىغان تېپىك ماتېرىيال. كېيىن ئۇلار ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ۋە جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىدا ئۆزىنى تېپىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەرغىب قىلغىنى يەنە شۇ نەرسىلەر بولدى. ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى، يىغىپ كەلگەندە «بىزنىڭ مىللىتىمىز تۈرك، بىزنىڭ ئاتا يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان، بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام»، «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى تۈركىستان بولۇپ قالماستىن، بەلكى كەڭ، بىرلىككە كەلگەن تۇران» دېگەن شوئارلاردىن ئىبارەت.

تۈركىستانمۇ، تۇرانمۇ رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولمىغان چۈشەنچە. تۈركىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى بىر پارچە جاينى كۆرسىتىدۇ، بۇ نامنىڭ مەۋجۇت بولغىنىغا 1000 يىلدىن ئاشتى. بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ سىر دەرياسىنىڭ شەرق ياقىسىدا تۈركىستان دېيىلىدىغان بىر شەھەر بار، ئۇنىڭدىن باشقا، ئافغانىستاندىمۇ تۈركىستان دېيىلىدىغان بىر جاي بار. 19- ئەسىردە، ياۋروپالىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جەنۇبىي، شىمالىي تۈركىستان، شەرقىي، غەربىي تۈركىستان دېگەن پەرقلەر كۆرۈلگەن. تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئۇقۇمى ئىنتايىن كېڭىيىپ كەتتى. كېيىن ئوتتۇرىغا «شەرقىي تۈركىستان» بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، كەڭ مەنىسى بىلەن شىنجاڭنى كۆرسىتىدىغان، غەربىي تۈركىستان تۈركىستاننىڭ ئۆزى بولۇپ، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئودال خانلىقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن تۈركىستان باش ۋالىيسى قۇرۇپ باشقۇرغان رايونلارنى كۆرسىتىدىغان بولدى. تۇران بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە، ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكنى كۆرسىتىدۇ، ئۇيەر تۇران تۈزلەڭلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالى غەربىي سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمال تەرىپىدىن باشلىنىدۇ. جە-

نۇپ تەرىپى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇزۇن ئېقىمىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. ئاساسەن قازاقىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئوتتۇرا غەرب قىسمىدىكى ئۇزۇن كەتكەن بىر پارچە ئارچۇق چۆلىگە توغرا كېلىدۇ. يەنە جەنۇبقا كەلسەك، بۈگۈنكى ئىراننىڭ شىمالىدىكى سامنان ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىمۇ تۇران دەيدىغان كىچىك بىر شەھەر بار. تۇران دېگەنمۇ مۇشۇنداق بىر جۇغراپىيىلىك دائىرىنى كۆرسىتىدۇ، تۈركىستان دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېڭەيتىۋېتىلگىنىدەك، تۇراننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمىمۇ ھەددىدىن زىيادە كېڭەيتىۋېتىلگەن. بەزى پانتۈركىستلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە، تۇران ئاسىيانىڭ غەربىي ئوتتۇرا قىسمىدىن شەرقىي شىمال قىسمىغىچە بولغان كەڭ بىر پارچە جاينى كۆرسىتىدۇ. بۇ گەپچە، بۈگۈنكى تۈركىيە، ئىراننىڭ شەرقىي، غەربىي تۈركىستان خانلىقلىرى، ھەتتا ئۇلار بۆلۈنۈپ كېتىشتىن بۇرۇنقى تۇرا خانلىقىنىڭ يەرلىرىمۇ تۇران ياكى تۇرانىيە دېيىشكە بولىدۇ.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ دانالىقى شۇ يەردىكى، ئۇ پانتۈركىزم شوئارى ئىبارىلىرىنى ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مەسئۇت، مەمتىمىنلەرگە ئوخشاش توغرىدىن-توغرا قوللانماي، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسى، كۆز قارىشى بويىچە بىر يەملەرنى خىيالىي توقۇپ، باش قاتۇرۇپ قۇراشتۇرۇپ، ئۆز خىيالىغا كەلتۈرۈلگەن ياتقا. دۆلەت مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆزىنىڭ «تۈرك مىللىتى» نىڭ تارىخىغا زورمۇزور چاپلىغان، بۇنىڭ بىلەن «پانتۈركىزم» دېمىدى، «تۇرانىيە» دېمىدى، شۇنداقتىمۇ ئاتالمىش تۈركلەرنىڭ تو-ئارى دېمىدى، ھەممىسى ئىرادەت تەلەپ قىلمايدىغان تۈزۈلىملا چىقىدىغان تەييار تەرسىگە ئايلانغان.

قاراڭلار، تۇرغۇن ئالماس تارىخنى قانداق قۇراشتۇرغان: بىرىنچى، ئىرانلىقلار ساك ئىمپېرىيىسىنى تۇران دەپ ئاتىغان، شۇنىڭ بىلەن ساكلار «بىزنىڭ ئەجدادىمىز» بولۇپ قالغان، بىراق قەدىمكى زامانلاردا دىن دېگەن نەمە يوق ئىدى. پەقەت بىر خىل ئىپتىدائىي خۇراپاتلىق ۋە چوقۇنۇشلار بار ئىدى. شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «شامان» دېيىلىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد بار ئىدى. شۇڭا تۇرغۇن ئالماس ساكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ئادەتلىرى ھونلار ۋە تۈركلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى، ساكلار ئىرانلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تۈرك ئىرقىغا خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان دەپ قارايدۇ («ئۇيغۇرلار»، 53 - 63 - بەتلەر) بۇ ئۇستىلىق ئىشلەتكەنلىك. بىر تۈرلۈك دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ئوخشاش ئىدى دەيدۇ، بىر تۈرلۈك ئىرىق جەھەتتىكى ئوخشاشلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ساكلار تۈرك بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، مىلادى X ئەسىردە يېزىلغان «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانىدىكى ئەپسانىۋى شەخس. تۇرغۇن ئالماس تەكشۈرۈپ دەلىللەپ باقماي، ئەقلىي سوئالغا چىقىرىپ باقماي دېمەيلا، ئۇنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىكى ھونلارنىڭ باتۇر تەڭرىقۇتى دەيدۇ («ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 16-37-بەتلەر). بۇنىڭ بىلەن ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇلۇغ ياۋچىلار بۇرۇن ھونلار، ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا بولغان، شۇ-
ڭا ئۇلۇغ ياۋچىلارمۇ ھونلارنىڭ قېرىندىشى، «تۈركلەرنى تەشكىل قىلغان مىللەت-
لەرنىڭ بىرى» دېيىلگەن («ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 40- 213 بەت)؛
تۆتىنچى، تۇرغۇن ئالماس تۈرك، تېلې قەۋملىرىنى ئاددىيلا تىرناق ئىچىگە ئېلىپ، مەسىلەن: «تۈركلەر (ئۇيغۇرلار)»، «ئۇراخانى (ئۇيغۇرخانى)» («ئۇيغۇرلار» 93- بەتلەر)، «ئوغۇزلار ... شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئەجدادى» (يۇقىرىقى كىتاب، 15- بەت)، تۈركلەر، تېلېلار، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا قانداق يېزىلغان، ئالىملارنىڭ تەتقىقات خۇلاسىسى قانداق بولغان، ئۇ-نىڭ بىلەن كارى بولمىغان. بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ دېگەچ ئۆتەيلى، تۇرغۇن ئالماس نېمە ئۈچۈن تېلې دېمەي تۇرادىدى؟ مەرھۇم ئۇلۇغ ... نىڭ جۇڭگوچە ئەدەبىيات دىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، «تېلې جۇڭگو، چەت ئەل تارىخى» كىتابلىرىدا ئېلىمۇ - خىل يېزىلغان، ياۋروپا ئالىملىرى ئىلگىرى تۈركچە يېزىقتىكى Tolis دەپ قارايدىكەن، لېكىن ئۇ تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلى-نىشى نەزەرىدە تۇتۇپ، يەنە بەزى ئۇنىڭغا ئۇلاشقان سۆزلۈكلەرنى، مەسىلەن، Tiört، لەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. تۇرغۇن ئالماس بۇ دېتالنى قويۇپ، Türkler Türe ئالىملار تەرىپىدىن تېلې ئىلگىرىلەپ ... قىلىنغان Ture نى ئالدىپلىپ، تې-لې (铁勒) نىڭ ئورنىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن «土拉» «大拉» غا ئايلانغان، بۇنداق ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، تۇرا (土拉) نى تۇران (兰) غا چاتماق ئاسانلا ئاسان بولىدۇ. تۇرغۇن ئالماسنىڭ مەقسىتى بولۇپ ئوچۇق دېيىلمىگەنلا بىرى بار، خالاس.

بەشىنچى، تۈركلەرنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تۇرغۇن ئالماس موڭ-غۇل تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنى، مەسىلەن، جۇجان، ياقۇتلارنى تۈرك دېگۈ-غان («ئۇيغۇرلار»، 22-41- بەت)، يەنە تۈركلەرسىيا ئېللار بىلەن كىدانلارمۇ تا-سىملايا ... قىلغان دېگەن (يۇقىرىقى كىتاب 46- بەت). ھەتتا مىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي قىسىم موڭغۇللىرىنىڭ ئويرات قەبىلىسىنىمۇ موڭغۇللاشقان ئۇيغۇر-لارنىڭ بىر قىسمى دېگەن (يۇقىرىقى كىتاب، 42- بەت). بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ بىلەن ئاغرىغا كەلگەننى جۇڭلۇق ھەقىقەتەن رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردە كەلىمە ـ كەلىمىسى توقۇلمىلارنى ئۇقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇر-غۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» نىڭ 1- قىسىم 2- بابىنىڭ ئاخىرىدا خۇلاسە چىقىرىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قان سىستېمىسى ۋە تىل، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولغان ھونلار، تۇرالار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، قاڭقىلار، ساكلار، تۈركلەرنىڭ شەرقتە موڭغۇل نەسىللىك خەلقلەر بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا مەلۇم دەرىجىدە ئارىيان نەسىللىك خەلقلەر بىلەن ئۆز ـ ئارا سىڭىشىپ كې-تىشىدىن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان، قان قېرىنداشلىق جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يې-قىن بولغان تۈركىي خەلقلەر كېلىپ چىققان.

«ئۇلار» شەرقىي سېبىرىيەدىكى لېنا دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان ياقۇتلار،

يەنىسەي دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان قىرغىزلار، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان بۇرياتلار، تۇۋالار، كەنسۇدىكى سالالار، سېرىق ئۇيغۇرلار، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار، غەربىي تۈركىستاندىكى قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر، باشقىرتلار، تاتارلار، تۈركمەنلەر، موردۋالار، چۇۋاشلار، ئۇكرائىنادىكى ئاغا ئوغۇزلار، كاۋكازدىكى چېركەسلەر، داغىستان تاتارلىرى، ئەزەربەيجانلار، ئاۋارلار، ئىراندىكى ئەزەر بەيجانلار، تۈركمەنلەر، موغۇللار، ئىراقتىكى ئەزەر بەيجانلار ۋە تۈركىيە تۈركلىرىدىن ئىبارەت.»

«يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ تۈركىي خەلقلەر جۇغراپىيە جەھەتتىن ئالقاندا ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىگە ۋە غەربىي جەنۇبقا قاراپ بىر ئۇتاش ھالدا سوزۇلۇپ كەتكەن كەڭ زېمىندا ياشايدۇ.

«بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىر ئىسلام دىنىغا (سۈننىي مەزھىپى بويىچە) ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئائىلە سانى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ مىليوندىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. ئۇ تېررىتورىيىلىشىشنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئايرىمايدۇ، ئىرقلارنىڭ ئىرقى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇرۇق (ھۇن - تۈرك) تىپىغا مەنسۇپ دېگەن ئۇرۇنۇشلىرىنى ئۇرۇۋالغان. پەقەت تېخى چوڭىلىدا تونۇشمايدىغان بۇ بىر نەچچە ئەۋلادلىرىنى ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى تومۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالدى» دېمەك («تۈركىي خەلقلار»، 33 - 34 - بەتلەر). بۇ ئاقىۋەت - ئۇزۇنغا كەلمەيدۇ: قۇرۇق داۋراڭ. كۆزدىن كېچىپ، دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا يەنىچە ئالىقاق پىتنى تاشلىدۇ.

- شۇنداق قىلىپ، تۈرك ئالىمى، ئازادلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ياشلاردىكى پانتۈركىزمچى ئۇستازلارنىڭ شوئار ۋە ئىبارىلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماي، ھازىرقى زامان ھېچقانداق مىللەتچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ماكانى، دىنىي ئېتىقادىنى يارىتىقان. بۇ - پانتۈركىزم بايرىقىنى كۆتۈرگەن، يەنى، مىللىي پانتۈركىزم بولۇپ، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىن ئادالەتلىك رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

4. ئىلمىي دۆلەتكە ۋە ئىسلامچىلىقنى كۆزۈزۈپ، مىللەتلەر تونۇشۇرۇشتىكى
تارىخىي ئۈچ مەسىلىلەرنى ئورۇنلىغان، ئىلمىي يېتەكچىلىكنى
تەرغىپ قىلغان

تارىخ پەننى تەتقىق قىلىشتا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى تېپىش، تارىختىكى ھەر مىللەت ھۆكۈمران سىنىپلىرىنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلىقىنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قىرغىنچىلىقنى، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىگە كەلتۈرگەن پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرىنى پاش قىلىش؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ۋە سىنىپىي كۈرەش جەريانىدا تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ، كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى ئورتاق بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش؛ تارىخىي چىنلىق ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىپ، ك-

شەھەرلىرىنىڭ ئازاد بولغان، ئېكسپلاتاتسىيە، زۇلۇم يوقىتىلغان، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئۆزگىرىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە مېھىر - مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتۇشى لازىم.

تۇرغۇن ئالماس بۇنىڭ ئەكسىنى قىلغان. ئۇنىڭ شەخسىي غەرىزى باشقا. بۇ ئۇنىڭ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابلىرىنىڭ ئاپتور كۆز قارىشى ۋە خاھىشىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شەخسىي تارىخ كىتابلىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىدىكى قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ ۋە مۇستەقىل «تۈرك مىللىتى»نى ئويدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈنلا بولماقچى. ئۇنىڭ كىتابلىرى پانتۈركىزمنىڭ تارىخ دەرسلىكىگە ئايلانغان، بۇ كىتابلار ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مەزمۇنىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نىڭ كۆچۈرۈلمىسى.

ئەگەر تۇرغۇن ئالماسنىڭ كىتاب يېزىشتىن مەقسىتى يالغۇز ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن دەپ قارىسا، تولىمۇ كۆپ قىلالمايدۇ. ئۇ بىر «تۈرك مىللىتى» بارلىقىنى بىلەن بىللە، «تۈرك مىللىتى»نىڭ دۆلىتىنىمۇ يارىتقان. ئۇنىڭ كىتابلىرىدا «جۇڭگو» دېگەن ئۇقۇم ھونلار، تۈركلەر ياشىغان دەۋرلەر سەھىپىسى ئىچىدە قاتتىق چەكلەنگەن. «جۇڭگو» بىلەن ھونلار، تۈركلەر ئىككىسى دۈشمەنلىك ئەجدادىمىزلار ۋە قەبىلىلىرىمىز»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سەددىچىن سېپىلىدۇر، بۇ چېگرىنى شەك قانداق تارىخ كىتابلىرى ۋە شەرتنامىنى قانۇنىي قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئېيتىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى، ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا، ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى سەددىچىن سېپىلىدىن جەنۇبقا ھونلارغا ھۇجۇم قىلدى، بەزىدە ھونلار سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى، يا بولمىسا «سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ جۇڭگودا دۆلەت قۇردى» («ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 32، 93، 113 - بەتلەر) دەيدۇ. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا ئۇ يەنىمۇ يالغانچىلىق قىلىپ «كۆكتۈركلەر سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، گاھىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ تۈركلەر تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، بەلكى ئۇلارغا ھەربىي زەربە بېرىشنىلا كۆزلىمەي ئەكسىچە، يىراقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان» دەپ يازىدۇ («ئۇيغۇرلار» 33- بەت).

جۇڭگو بولسا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاندىن ئاخىرقى ھالىتىدە شەكىللەنگەن، بۇ جەرياندا ئۇرۇقداش مىللىي ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا تىنچ ئەللىك بار، دىلارمۇ بولغان، قانلىق ئۇرۇشلارمۇ بولغان. بۇلارنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن سەددىچىن سېپىلى ھەرگىز دۆلەت چېگرىسى ئەمەس. «دۆلەت چېگرىسى» دېگەن يېقىنقى زامان مىللىي دۆلەتلىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن ئۇقۇم. ئىككى تەرەپ شەرتنامە ئارقىلىق بېكىتىدىغان، چېگرا پاسىلى بىلەن ئايرىلىدىغان، خەلق-

ئارىدا ئېتىراپ قىلىدىغان نەرسە، سەددىچىن سېپىلى ئۇزۇن نەچچە ئەسىر ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاندىن ياسىلىپ چىققان، ئۇ دېھقانچىلىق رايونلىرىنى شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭىدىن ساقلاش مەقسىتىدە ياسالغان. ئۇ يا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىنى توسمىسا، يا سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدا مەمۇرىي ئاپپارات قۇرۇش، تىجارەت ۋە ئەمگەك تۇرمۇشىنى توسمىسا، قانداقسىگە دۆلەت چېگرىسى بولىدۇ؟

يۈەن سۇلالىسى يازغان قەدىمقى موڭغۇللارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ياراتقان تۆھپىسىنى يېزىش كېرەك. تارىختا ئورغۇن مىللەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. بىز ئېيتقىنىمىزدەك، سىيانپىلاردىن توباچ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇرغان توباچ (تاۋ باچ) بىر مەزگىل جوڭگونىڭ ئىككىنچى ئائىلىسى بولۇپ قالغان؛ يەنە ئالايلى، كىدانلار لياۋ سۇلالىسىنى قۇرغان، روس تىلىدا جوڭگو بۈگۈنكى كۈنگىچە كىدان (КИТАЙ) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. موڭغۇللار بىلەن جۇرجىتلارنىڭ ئەۋلادى بولغان مانجۇلار مەركىزىي ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ، پۈتۈن جوڭگودا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. جوڭگونىڭ كۆپ مەنبەدىن تەركىب تاپقان بىر گەۋدىدىن ئىبارەت مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى قۇرۇلۇشى شۇنىڭدىن باشلاپ مۇقىملاشقان ۋە مۇستەھكەملەنگەن. سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۇرغۇن ئالماس قولىدىكى قەلەمنى توختىتىپ قويغان، چۈنكى «جوڭگونى ئىگىلىگەن»، «ئاسىيانى ۋەيران قىلغان»، «ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان»، موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەلبىدە دەھشەتلىك ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان (يۇقىرىقى كىتاب، ٤٣٣-بەت). شۇڭا «ئۇيغۇرلار»نىڭ ئاپتورى كىتابنى ١٣ ئەسىردە توختىتىدىغانلىقىنى باشتىلا ئېيتقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب بۆلۈنۈپلا يېزىلغان، بىرلىك يېزىلمىغان تارىخ كىتابى بولۇپ چىققان. بىزنىڭچە ئۇ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى ۋە غەرەزى تارىختىن پايدىلىنىپ مىللىي ئاداۋەت، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قوزغاش ئىكەنلىكىنى كىتابىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن!

3. كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىغا ئەرزىيدىغان بىر نەچچە مەسىلە

تۇرغۇن ئالماسنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆڭلۈم قاتتىق بۇزۇلدى: شىنجاڭنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى بولغىنىغا 2000 يىلدىن ئاشتى. بۇ ئارىدا، دەرۋەقە، بۆلۈنۈش بىلەن بىرلىك ئوتتۇرىسىدا كۆرەشلەر بولدى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى بىر نەچچە يىلدا، جاھانگىرلار بىلەن قۇرۇۋالغان غاجىلىدى، ئالان - تاراج قىلدى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك تىرىپىلاڭلىرىنى قوزغىدى، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى ئۇ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتنىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى؛ ئايرىم كىشىلەر ھامانمۇ يەنە مىللىي دىنىي نىقاب بىلەن خەلقنى قۇترىتىشقا ئۇرۇنۇپ

ۋاقىتدۇ، ئۇ چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. لېكىن بۇنداق قۇتراتقۇلۇق بەرىبىر ئۇنتۇلۇشقا
چىققىنى، بۇنىڭدا ئىچكى - تاشقى كامپانىيەنىڭ ئامىللىرىدىن باشقا، كىشىنى ئويغا سال-
لىدىغان بەزى مەسىلىلەر بار.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن سىياسىي كۆز قارىشى ئەكسىيەتچى، ئىلمىي جەھەتتىن خاتا-
لىقى مانا مەن دەپ تۇرغان كىتابلار نېمە ئۈچۈن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نەشرىيات ئورۇن-
لىرىدا كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنىدۇ ۋە تارقىتىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ بازار
تاپقانمىش، راست، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئېلىمىزدە ئىستالىنىسىي مىللىي ئىنقىلا-
بىنىڭ تەرغىب قىلىنىدىغان «مەسىلىلەر» دېگەن قاسىمىتى بەرگەندىمۇ ئېلىپ
قېلىنغان كىشىلەر بەلكى دېمىسەكمۇ، بۇ ھال ئازدېگەندە كىشىلەرنىڭ تارىخ قامۇسىغا
كۆمۈلمەيدىغانلىقى ئەقلىگە سىغمايدۇ. ئەمەلىيەتتە «قوچقاچمۇ گۆش، پاختەكمۇ گۆش»
دېيىدىغان يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنى بىزنىڭ
خىزمىتىمىزدىكى بىر سەۋەنلىك دېيىشكە بولمايدۇ. 1990-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنى
«ئىتتىپاق گېزىتى»دە قىرغىزلارنىڭ تەبىئەتكە بارغان بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ
ئوقۇغۇچىسىنىڭ قىرغىزلارنىڭ دەرس تەبىئەتتىكىدىن چىقىشى ئىكەن، تارىخ ۋە جۇغراپىيە
دەرس تەبىئەتتە قىرغىزلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.
6-ئاينىڭ 19-كۈنى «ئاپىرىلنىڭ خەۋىرى» تەبىئەتتىكى «مۇستەقىل كەچمىش» گې-
زىتى» ئېلان قىلغان ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق تارىخشۇناس پروفېسسور يى
يىڭلىمىڭنىڭ سۆزىنى كۆچۈرۈپ باستى. ئۇ كىشى دېگەن بولغىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
ھۆكۈمەتلەرنى تەبىئىي يەنىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي يەنە بىر قاراش قىلدۇ
دەپ تەنقىد قىلغان. بۇ جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ كىرىزىس، جۇڭگو خەلقى
بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلەش كېرەك دەپ قارىغان. بىز راستىنلا يەنە
بىر ئىتتىپاقسىزلىقنى يۈز بەرگۈزمىسەك، دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن ئالىملار ۋە رەھ-
بەرلەر، جۈملىدىن ئاتاقلىق تىزىشولوگ پروفېسسور جەن شۈسىن يانى - ئۈلىمالىر-
لەرگە تارىخ تەرەپتىن، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تارىخى تەرىپىدىن كىرگۈزۈشنى
تەكرار - تەكرار مۇراجىئەت قىلدى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر باشلانمىغان كەتتى،
ئېھتىمال كۆپ خىزمەت بىزنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ۋەزىيەت مۇش-
كۈل.

ئاتوقى ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىشلىمىگەنمۇ، كەلگۈسى كۆلەملىك ئىرقچىلىق
ئۈچۈن ئىشلىمىگەنمۇ بولغاندەك، تارىخ يەنە ئاچچىق ۋەتەنپەرۋەرلىك دەرسلىكى
قالدۇرمىدى. مىللەتلەر ئارا تارىخى ئۆچمەنلىكنى قوزغايدىغان قورال قىلىنمىدى بو-
لىدۇ. جەددىي پاكىت كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە
تۇرۇپتۇ، دۆلەت سىرتىدىمۇ ئۇچراش، 1990-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنىدىكى «ئاپ
دىلىنىش خەۋىرى» تەرجىمە قىلىپ باسقان ئامېرىكا «نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتى»
مۇخبىرىنىڭ بولۇ جېۋېرىڭنىڭ ئاراللا: «ھەقىقىي مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مالىيىي جاڭ-
جاللار پەيدىنپەي شەرقىي ياۋروپا رايونىدا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىسمەن جايلىرىدا
قايتا باش كۆتۈرمەكتە ۋە پارتلىمىسى ئەزۋەيلىمەكتە. مانا ئەمدى بۇنداق بىر تال

داۋۇت زەنجىرى، شەكىللەندىكى، سارزاكلار، چەللار بىلەن ۋېنگىرلارنى زەردە قىلاتتى؛
ۋېنگىرلار سلوۋاكلار، رۇمىنلار ۋە سېرپلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئادىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقى
قىنا قورسىقىدا! قوم مانىلاقتا؛ سېرپلەر بىلەن خورۋاتلار بىر - بىرى بىلەن ئۆتۈش
چەككىنىشكە ئامباس، ئىزدەپ تارىخىنى ئىزدەپ، قىزىپ بۇ ئەتىنى، بۇ مەسىلە ئىچىدىكى ئە
ماھىيەتلىرى كۆپەيدى. كېسكىنلىشىپ، چىچاق بۇ ئىككى يېرىمى دەرىجىسىگە يېتىپ قالدى؛
ئۇ ئىرقىي، قىرغىنچىلىق، دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى، دۆلەتنىڭ دۈشمىنى، دېگەنگە
ئوخشاش يېزىلغان دائىملىق سۆز بولۇپ قالدى؛ يۇگوسلاۋىيە خەرىتىسى، چوڭ
يېزىق رۇمىنىيە خەرىتىسى، بويۇك ۋېنگرىيە خەرىتىسى ياسالغان، بۇندا پەيدا بۇ
خارىتىلاردا ئوچۇقتىن سىزىلمىغان، بۇنىڭغا پەرۋا قىلىدىغان ھېچ ئادەم يوق، ئاسانمۇ
يوق. تۇرغۇن ئاسىيا مەسىلىسى ئۆچمەنلىكى تېرىلدۇرۇشنىڭ ئۇرۇقىنى چاچمىدىمۇ؟
خەيرىسيان، ئەمدىكى ئەرزىيىدىغان يېرى شۇكى، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز ۋاقتىدا
تەدبىر قوللىنىپ، بۇلەنى ئۆزگەرتىپ قويدى چەقتى.
يېقىنقى ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى تارىخقا، تارىخ پەنى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر
دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىر نەچچە
يىل ئىلگىرى بىر خەلق ۋەكىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئۈستىدىكى
تەتقىقاتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر تەكلىپىنى ئاڭلىغانىدۇق. بىز جاۋاب
قايتۇرمىدۇق، تەكلىپ بولغىنى ماقۇل دېمەكچى ئەمەس ئىدۇق دېيەلمىگەن بولسا، لېكىن ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىنى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ھەرگىز بىر پارچە
قەغەز تارقىتىلىق جاۋاب قايتۇرۇش بىلەن ھەل بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، شىنجاڭدا
تارىخ تەتقىقات ئورنى 1937 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان،
قۇرۇلغان، 30 يىل ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ھازىر ئىشلەۋاتقان ئادەم ئاز، كەملەيدۇ.
ئىشلەۋاتقان، سىرتقا ئىشلىگەن ئىقتىسادىي يولغا قويۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭغا كېلىپ
تۇرمۇش زىيارەتتە بولغان يابونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تارىخشۇناسلىرىنىڭ
سانى بۇ ساندىن كۆپ ئوشۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەن تەتقىقات خىراجىتى
يىلغا ئارانلا 20 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بېرىلىۋاتىدۇ، بۇ سان بىر ئالىمنىڭ ئوندىن
بىرىگە يەتمەيدۇ، شان ۋە خىراجەتنىڭ ئاساسىي شىنجاڭ تارىخ پەنى تەتقىقاتىدا
ھەقىقىي تىلشى نەسرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەس بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ساختا،
ئەسكى ئەسەرلەر توسالغۇسىز چىقىۋاتىدۇ. بىز خىجىل بولىمىز، ئېچىنىمىز. بىر ساختا،
ئەسكى ئەسەرلەردىن تورغايمىز، ھەقىقەت بىلەن پەن ساختا، ئەسكى ۋە خاتا نەر -
سىلەر بىلەن كۆرەش قىلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ. لېكىن بىزگە مەدەت بېرىد
ۋەڭ، كىشىلەر تارىخ پەنى توغرىسىدىكى ھەقىقىي بىلىمنى ئىگىلىگەندە، ئادەم ئۆزلۈك
رىدىغان ساختا، ئەسكى ئەسەرلەرنى بايقىيالايدۇ، ئاڭلىق يوسۇندا سىقىپ چىقىرالا-
لايدۇ.
ئەلۋەتتە، ئويلاشقا ئەرزىيدىغان باشقا مەسىلىلەر، مەسىلەن، ماركسىزم نەزە-
رىيىسى توغرىسىدىكى تەربىيە، ئىنتېرناتسىئونالىزم مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەربى-
يە، ئاتېئىزم تەربىيىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارمۇ بار. قىسقىسى، تۇرغۇن ئاسىيانىڭ

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىلگىرىكى خىزمەتلىرىنى تەك شۇرۇشىمىز... بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىنى ئۇماكىمە قىلىشىمىز ئۈچۈن بىر ئەھمىيەتلىك تىكلەپ بەردى.

# تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق 3 كىتابنىڭ ماائارىپ ساھەسىدە تارقاتقان خاتا ئىدىيىلىرىنى قەتئىي تازىلايلى

سادىر قادىر

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق 3 كىتابنىڭ رايونىمىزدىكى ياش ئەسەر ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيە جەھەتتىن كەلتۈرگەن زىيىنىنى تولۇق تونۇش مەسىلىسى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر توپ بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار تارىختىكى مەغلۇبىيەتتىن تەجرىبە - ساۋاق ئالماي، يەنىلا جاھىللىق بىلەن پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى.

ئەسلىدە پان ئىسلامىزمنى ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئابدۇل ھەمىت II ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مۇستەبىت زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، پان ئىسلامىزمنى ھەددىدىن كۆپتۈرۈپ، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنى تۈركىيە سۇلتانى - خەلىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش خىيالىدا بولدى، ئەپسۇسكى، پان ئىسلامىزم ھەمىت II نى قۇتقۇزالمىدى. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياش تۈركىيە پارتىيىسى ھەمىت II نى ئاغدۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن پەللە پەلە پان تۈركىزم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئارقىلىق بوسفور بوغۇزىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، جۈملىدىن ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە شەرق قىسىملىرىدا ياشاۋاتقان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالماقچى بولدى. بۇ ھەمىت II نىڭ پان ئىسلامىزمدىن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزمنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى ... ئۆز دائىرىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى داۋاملىق قۇل قىلىش، تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ كونا ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا ئەسلەش ئىدى.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پان ئىسلامىزم بىلەن پان تۈركىزم جۇڭگوغا سىڭىپ كىردى، 1933- يىلى 11- ئايدا، سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار

قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى تەشكىل قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇندى. لېكىن بۇ ھاكىمىيەت كىشىلەر رايىغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى يىلى 1- ئايدا، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. 1944- يىلى 11- ئايدا، شىنجاڭدا ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. دەسلەپكى مەزگىلدە، يات ئىسلامىزمچى ئەلىخان تۆرە قاتارلىقلار رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ۋەتەننى پارچىلاش غەرىزىدە، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نى قۇردى. ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدايدىغان ھەقىقىي ئىنقىلابچىلارنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچ- رىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا چۈشتى.

1946 - يىلدىن 1949- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئەسلىدە سابىق داموللىغا ئەگىشىپ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇل- لانغان بىر تۈركۈم داشقاللار ... مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا، مەسئۇتلار شىنجاڭدا يات ئىسلامىزم ئىدىيىسىنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى قىلىپ باردى، مۇھەممەت ئىمىن ئۆزىنىڭ 1940- يىلى كەشمىردە نەشر قىلدۇرغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى شىنجاڭغا ئەكىلىپ ئاشكارا ھالدا ساتتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار چەت ئەللەردە يەنە بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى قۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب - ژۇرناللارنى چىقاردى ھەمدە مەخپىي يول ئارقىلىق ئىچكى تەرەپنى شىنجاڭغا كىرگۈزدى. ئەيسا 1979- يىلى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقى- تىشنى مەقسەت قىلغان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى»نى نەشر قىلىپ، ئۇنى ھەقسىز كەڭ تۈردە تارقاتتى، ھەتتا ئۇنى، ئوچۇقتىن - ئوچۇق شىنجاڭدىكى بەزى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئورۇنلىرىغا ئەۋەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئىسلاھ قىلىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يۈرۈشىدىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىقتى، يات ئىسلامىزم ۋە يات تۈركىزمغا ئائىت كونا مۇڭىنى يەنە توۋلىدى. 1985- يىلدىن 1990- يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىي ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىدىغان، «12- دېكابىر» ۋەقەسى، «15- ئىيۇن» ۋەقەسى، 18- ماي نامايىشى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئېغىر سىياسىي ۋەقە ۋە باشقا ۋەقەلەر قاتارلىق بىر قاتار ئېغىر سىياسىي ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتىمۇ «19- ماي» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى، بارىن ئەكسىلئىنقىلابىي قورال- لىق توپىلىڭى ۋەقەسى قاتارلىق ئېغىر سىياسىي ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇ بىر قاتار ئېغىر ۋەقەلەر جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان نەچچە پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى مەقسەت قىلغان بىر قىسىم ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇل- غانلىقى پاش بولدى، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تە-

شەيزىس قىلىدىغان بىر قىسىم ئەسەر، تەشۋىقات ۋارىقى، شوئارلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، تارقىتىش ئانچە خەۋىرى بولمىغان كەڭ ئوقۇغۇچىلار ئاممىسىنى ئالدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە چەت ئەلنىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، قاتارلىق بەزى ئەكسىيەتچىل كىتابلارنىڭ قولدىن - قولغا مەخپىي ئۆتۈپ تۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. «١٢- ئىيۇل» ۋەقەسى ۋاقتىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار «بىز قۇل بولمايمىز»، «خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرايلى»، «مىللىي پارلامېنت قۇرايلى»، «مەسچىتنىڭ مائارىپتىكى رولىنى ئېتىراپ قىلايلى»، «ياشىسۇن ئىسلام ئىنقىلابى» ۋاھاكازا قاتارلىق ١٥ نەچچە ئاددىيلىق شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بەزىلەر مەملىكىتىمىز خەرىتىسىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈستىگە چوڭ خەت بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ يېزىپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان چېگراسىنى قارا قەلەم بىلەن بەلگىلەپ، ئىچكى ئۆلكىلەر ئۈستىگە «جۇڭگو» دەپ يېزىپ قويغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ئېغىر بولغان بىر قىسىم كىشىلەر ۋە بىر قىسىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر مۇئەييەن خەلقئارا چوڭ كىلىمات ۋە ئىچكى كىچىك كىلىمات ئاستىدا قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىۋېتىش قەستىدە كېلىشى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكەت قىلدى. تۇرغۇن ئالماس ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى. تۇرغۇن ئالماس ئارقا - ئارقىدىن «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى. ئۇ بۇ كىتابلاردا ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ئىلمىي تەتقىقات بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ۋەتەن بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئىدىيە - كۆز قاراشلارنى تەرغىب قىلىپ ۋە تارقىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىش، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاتالمىش «تارىخىي ئاساسلار» بىلەن تەمىنلىدى.

و كىتابىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى شىنجاڭ جەمئىيىتىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئالا - قالا قىلىۋەتتى، ياش ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىدى.

و كىتابنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر ئىدىيىسىنى بۇلغاش دەرىجىسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى يېقىندا ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر شەھىرى ۋە ئاتۇش شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سوئال سوراش شەكلىدە ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ تەكشۈرۈشتە ٩٤٩ نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 196 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە ١٧٣ نەپەر ئوقۇتقۇچى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان بولسىمۇ، بىراق بەزى كىشىلەرنىڭ چوڭ ھەق، ناھەق مەسىلىسىدىكى تونۇشى ئېنىق بولمىغان ياكى تەۋرىنىدىغان ھەتتا ئۇلار

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان، ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئىپادىسى «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ۋە كىتابتىكى خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان.

(1) «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ۋە كىتاب مەكتەپلەردە يەڭگىلىك تەسىرگە ئىگە. يېزىپ كومىتېتىنىڭ تاللاپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، %60 نى تەشكىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، %11 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، %50 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق كىتابنى ئوقۇپ بولغان ياكى ئوقۇغان.

(2) «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ۋە كىتاب تەشۋىق قىلغان خاتا ئىدىيە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا يەڭگىلىك زىيانلارنى كەلتۈرگەن. ماقارىپ كومىتېتىنىڭ تاللاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، %27 نى تەشكىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، %36 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە %60 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى شىنجاڭنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلغان؛ %44 نى تەشكىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، %56 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە %60 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئۇيغۇر مىللىتىنى شىنجاڭ تارىخىدىكى بىردىن-بىر مىللەت دەپ ھېسابلىغان؛ %60 نى تەشكىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، %19 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان؛ %60 نى تەشكىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، %10 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە %60 نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى خەنزۇ مىللىتىنىڭ خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. بەزى ئوقۇغۇچىلار «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېيىشتى: بۇرۇن شىنجاڭنى بىز جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى تارىختىن تارتىپ دەپ ئۆگەنگەن ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا «ئۇيغۇرلار»نىڭ تارىخىنى شىنجاڭ تارىخى قىلىپ ۋە مۇستەقىل بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن؛ بۇرۇن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى تارىخى 1000 يىلدىن باشلانغان دەپ ئۆگەنگەن ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى زامان ئەدەبىياتى»، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىيات تارىخىنى 4000 يىلدىن ئىلگىرىكى مەزگىلگە ئېلىپ بېرىپ-دى. بەزى ئوقۇغۇچىلار ھەتتا ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىر يۈزلۈك كۆز قاراش دەپ ھېسابلاپ، تارىخچى ئالىملار ئالدىدا دەرس ئۆتۈۋاتقان تارىخ، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، ئالىملارغا سوئال قويغان. يەنە تەشتەر سېلەن شۇيۇەننىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە نەشرى) 1983-يىلدىن 1984-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «خۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ كۆپ قىسىم باپ، پاراگرافلىرىنى ئۆز ژۇرنىلىغا بېسىپ چىقارغان، 1985-يىلدىن 1989-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە «ئۇيغۇرلار» نىڭ بىر قىسىم باپ، پاراگرافلىرىنى ئۆز ژۇرنىلىغا بېسىپ چىقارغان. شۇنداق قىس

لىپ مەزكۇر مەكتەپ بۇ مەسىلە بويىچە ئېنىق ئىسپات رايونىغا
ئايلانغان.

مەكتەپلەردىكى مىللىي يېزىقنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى بولغان ئىنتايىن ئازايتاندىكى كىشىلەر «تۈزىتىشلەر» قاتارلىق ۋە كىتابىتىكى خاتا كۆز قاراشلاردىن پايدىلىنىپ، مىللىي يېزىقنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەرزىمەس قىلدى. ۋەتەن بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق سالدى. قىزىلسۇ ئا. ئو ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر قاتار تەكشۈرۈش قىلالىغۇدەك پەيدا قىلغان يالغان جىنايەتچى، ئەمەلىيەتتە «تۈزىتىشلەر» قاتارلىق كىتاب-ژورناللارنى ئۆزى ئوقۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇندىكى خاتا كۆز قاراشلارنى باشقا كىشىلەرگە تەشۋىق قىلغان. تۆۋەنكى تەسىرگە ئۇچرىغان بەزى ئوقۇغۇچىلار مۇنداق دېيىشتى: بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشىمىزدىكى مۇھىم سەۋەب، ئەمەلىيەتتە تەشۋىق قىلغان تەكشۈرۈپ كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى شۇ كىتابلاردىن تاپقىلى بولىدۇ. مەلۇم بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئوچۇق-ئاشكارا «شىنجاڭنىڭ تارىختا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداقتۇ بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى دوستلۇق، يېقىنلار تۇغقانلار سودا جەھەتتە ئالاقە باغلاش مۇناسىۋىتى» دەپ تەشۋىق قىلغان.

— يۇقىرىقى ئەھۋاللار بىزنى شۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى، «تۈزىتىشلەر» قاتارلىق كىتاب ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا بەلگىلىك زىيانلارنى كەلتۈرگەن، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن، ئۇلار ئىشەنچىسىنى تەۋرەتكەن، بۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە تۈگىتىشىمىز ۋە تۈزىتىشىمىز لازىم.

قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ «تۈزىتىشلەر» قاتارلىق كىتابنىڭ مائارىپ ساھەسىدە تارقالغان خاتا ئىدىيىلىرىنى تازىلاش مەسىلىسى

«تۈزىتىشلەر» قاتارلىق كىتابنىڭ مائارىپ ساھەسىدە تارقالغان خاتا ئىدىيىلىرىنى قانداق تازىلاش، رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ھازىر دۇچ كەلگەن ۋەزىپە. ئۈرۈمچىدە، پۈتۈن رايونىمىز بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەر ۋە يەسلىلەر مەكتەپلىرىدە 2 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ سىياسىي سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ، «تۈزىتىشلەر» قاتارلىق كىتابنىڭ مائارىپ ساھەسىدە تارقالغان خاتا ئىدىيىلىرىنى تازىلىشىمىز ھەمدە كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەلەرگە يېقىنىپ، ماركسىزم-لېنىنىزمچە مىللەت قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.

(1) ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتـ

تىپ، ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت كۆز قارىشى ۋە «دۆ بىر» ئىدىيىسىنى ئىگىلەشكە يېتەكلەش.

ئازادلىقتىن بۇيان، ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئىزچىل تۈردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېلىپ باردۇق، ھەمدە بۇ جەھەتتە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. لېكىن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، ماتارىپ تارماقلىرى بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۆلگۈنچىلىك خاھىشىغا ئىگە بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان بەزى خاتا ئىدىيەلەر ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا ئېقىپ كىردى. بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكرى ئېقىمى ۋە ھەر خىل ئەكسىيەتچىل مىللەت كۆز قاراشلىرى، دىنىي قاراشلارنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىگە ئىمكانىيەت بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەكتەپ خىزمىتىدە سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىگە، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىگە سەل قارالغانلىقتىن بولدى. جەمئىيەتكە ئەقىدىلىك، لاياقەتلىك ئىختىساسلىقلارنى، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان لاياقەتلىك ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت كۆز قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىشىمىز، ياشلىرىمىز روھىدا ھازىرلىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىشىمىز، تونۇشى مۇجمەل بولغان كىشىلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشىمىز، ئىدىيىدە بۆلگۈنچىلىك خاھىشى بار كىشىلەرنى جىددىي تۈردە يېتەكلەپ قىلىشىمىز، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بىلەن بارلىق تەرغىب قىلىپ، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا رەھىمسىز زەربە بېرىشىمىز لازىم.

مەكتەپ ۋە دەرسخانىنى ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت كۆز قارىشىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدايدىغان سورۇن، بۇ ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئالىي مەكتەپلەردە، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنى سىستېمىلىق مىللەت نەزەرىيىسى دەرسى تەربىيەسى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مىللەت نەزەرىيىسىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئۆزىنى مىللەت كۆز قارىشى ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش ئىزچىل تولۇق يۈزمەت ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىدە بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

60- يىللاردا جەمئىيەتتە «دۆ بىر ئىدىيىسى»نى، يەنى بىر ۋەتەن، بىر پارتىيە، بىر يولنىڭ تەشەببۇس قىلغان ئىدۇق، بۇ تارىختا ئاكتىپ رول ئوينىغان ھا-

زىرقى پەيتتە ئۇ يەنىلا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەممەيلەننى بۇ نۇقتىنى بىلىدىغان قىلىش كېرەك. يەنى بىزنىڭ پەقەت بىرلا ۋەتىنىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگودۇر، پەقەت بىر پارتىيە بىزگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدۇر. پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ سوتسىيالىزم يولىدۇر.

(2) ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ۋەتەن تارىخى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭ دائىرىسىدىكى جايلارنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى جايلارنىڭ تارىخىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، تارىخىي شەخسكە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش ئارقىلىق باھا بېرىش لازىم.

نۆۋەتتە، بەزى ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ زەھىرىگە ئاسانلا گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىختىن، بولۇپمۇ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى جايلارنىڭ تارىخىدىن خەۋىرى يوق. ياكى بۇ جەھەتتىكى بەزى خاتا نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان. ئەگەر بىز تارىخ دەرسى ئوقۇتۇشىدا شىنجاڭ دائىرىسىدىكى جايلار بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتنىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەن بولساق، ئۇ ھالدا، ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان ياكى ئاز ئۇچرىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يۇقىرىقىدەك تارىخ دەرسىنى مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا پەقەت زىننەت بويۇمى قىلىشتەك خاتا ئىش ئۇسۇللىرىنى دەرھال تۈزىتىش لازىم.

«شىنجاڭدىكى جايلارنىڭ تارىخى» نى يېزىلىش ئۈچۈن ياخشى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بولۇش زۆرۈر. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «شىنجاڭدىكى جايلارنىڭ تارىخى» غا ئائىت يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تۈزۈش خىزمىتىگە باشتىن ئاخىرى ئەھمىيەت بېرىلمىدى. بىز شۇنداق بىر تەكلىپنى قويماقچىمىزكى، ئالاقىدار تارماقلار بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇشتا بولسا، مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىككە بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ٩ يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يەرلىك تارىخ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تۈزۈشنى جىددىي ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەرنى تۈزۈش ئىشىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، تېزدىن نەشردىن چىقىرىپ تارقىتىش كېرەك. «شىنجاڭدىكى جايلارنىڭ تارىخى» دىن ئىبارەت يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تۈزۈشتە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى يېتەكچى

ئىدىيە قىلىپ، ھەممىدىن ئاۋۋال، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ۋەتى-
نىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈ-
رۈش كېرەك؛ ئۇنىڭدىن قالسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ھالدا
شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، شىنجاڭ مە-
دەنىيىتىنى يارىتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاق بولۇپ ئىناق ئۆتۈشى، باردى - كەلدى قىلىشى، بىر-بى-
رىگە قوشۇلۇپ كېتىشى - تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەندۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتە ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى، شۇنىڭ بىلەن
بىللە، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت كۆز قارىشى تەربىيىسىنى جانلىق ماتېرىياللار
بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردە تارىخ مەخسۇس كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن
شىنجاڭدىكى جايلارنىڭ تارىخ دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ مەخسۇس
كەسىپتە ئوقۇمايدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، جۇڭگو تارىخى دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش
كېرەك. ئوقۇغۇچىلار جۇڭگو تارىخى دەرسىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ-
دىكى جايلار تارىخىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇ ئوقۇتۇش جەريانىدا سىڭدۈرۈشى
كېرەك.

(3) تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىپ، تارىخ
ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش.

ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈش ئوقۇتقۇچىلارغا باغلىق. ئوقۇغۇچىلاردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ
ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تا-
رىخ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

ھازىر، رايونىمىزدىكى ئاددىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1949 نە-
پەر تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بار. بۇ قوشۇن ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساننى ئىگىلەيدىغان
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن
شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ قوشۇن ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كى-
شىلەر پان تۈركىزم ۋە پان ئىسلامىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان، بەزىلىرى ھەتتا
ئوچۇق - ئوچۇق ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئەكسىيەتچىل كۆز قارىشنى
تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاش ھەركىتى بىلەن شۇغۇللانغان، بۇنىڭدىن
يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولماي بولمايدۇ.

تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالاقىدار تار-
ماقلارغا تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرىنى پىلانلىق مۇددەتلىك بويىچە تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش
خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش تەكلىپىنى قويىمىز. تەربىيىلەش كۇرسىدا ھەممىدىن ئاۋۋال
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، بولۇپمۇ ئۇلارغا مارك-

ـسزم ـ لېنىنىزملىق مىللەت كۆزقارىشىنى تىكلەش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنچ باغـ
لاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ھەمدە ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق مىللەت كۆز قارىشى
تەربىيىسىنى تارىخ دەرسى ئوقۇتۇش جەريانىغا سىڭدۈرۈشنى ئۇلارغا ئۆگىتىشىمىز كېـ
رەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتىنىمىز تارىـ
خىغا ئائىت سىستېمىلىق، ئىلمىي بىلىملەرنى، ئىلمىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۇلارغا ئىگىلـ
لىتىش كېرەك. تارىخ دەرسىنىڭ ياخشى ئۆتۈلگەن، ئۆتۈلمىگەنلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
تارىخ دەرسىنى ئۆگىنىش ھەۋىسىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كېـ
لىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەۋىسى تارىخ دەرس ئوقۇتۇشىنىڭ ئۈنۈمى بىلەن زىچ مۇناـ
سىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەندە، ئوـ
قۇغۇچىلارنىڭ تارىخ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى ئۆستۈرگىلى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرـ
گىلى بولىدۇ. بولمىسا قالماي، بەلكى بۇ، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان سىياسىي ـ ئىدىيىۋى
تەربىيىگىمۇ ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

٧ كىتابنىڭ زەھىرى ۋە تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە ۋاقتىدا تەنقىدىي تەرـ
بىيە بېرىش، جاھىللىق بىلەن پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزم، ۋەتەن بىرلىكىنى پارـ
چىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەيدانىدا چىڭ تۇرغان كىشىـ
لەرنى قەتئىي تازىلاپ، تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش
كېرەك.

(٤) «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ٧ كىتابنىڭ ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا
تارقىلىپ ئېغىر يارۇشنى ئاقىۋەتنى مەنبىي قىلىش.

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ٧ كىتاب ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىنتايىن ناچار تەسىر
پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۈپ ئىلاجى تېپىپ ۋاقتىدا يەكۈنلىمىگەندە، نەتىجىمۇ ئېغىر
زىيانلارنى كەلتۈرۈشى ئېھتىماللىقى يىراق ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا بولغان قىلغان
تەربىيىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ٧ كىتابنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تارقىلىپ
ئېغىر يارۇشنى ئېلىپ مەنىۋىي، ئىلمىي، سىياسىي ئۆلگىدە كىشىنىڭ زەھىرىنى ۋاقتىدا تەلـ
تۆكۈس تازىلاش لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈـ
چۈن، ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش، ئوقۇغۇـ
چىلارنى دەرس سىرتىدا ئوقۇيدىغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش كېرەك. نەشرىـ
يات ئورۇنلىرىنىڭ بىر نەچچە خىل مەزمۇنى بىر قەدەر ياخشى بولغان جۇڭگونىڭ
ئومۇمىي تارىخىنى تاللاپ ئۇنى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشر
قىلدۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمىز.

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ٧ كىتابنىڭ تارىخ ساھەسىدە تارقاتقان خاتا ئىدىيىـ
لىرىنى تازىلاش، بىزنىڭچە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە ئۆزگىچە بىر مەزگىلدىكى مۇھىم
ۋەزىپىمىز. ھەر دەرىجىلىك مائارىپ بۆلۈملىرى، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەر
بۇ مەزمۇننى مەركىزىي ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇشى، ٧ كىتابنى تەنقىد قىلىش
ھەرىكىتىنى مائارىپ سېپىدە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپقا چىڭ تۇـ

روپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ۋە كۈرىشىگە كىرگۈزۈش كېرەك. پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 7- ئومۇمىي يىغىن روھىنى يېتەكچى قىلغان ھالدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ 3 كىتابنى ئەتراپلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش كېرەك. بىز ئىشىنىمىزكى، كەڭ كادىرلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، بۇ بىر مەيدان كۈرەشنى ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

## پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسى

### سۇ بېيخەي

پانتۈركىزم ئىدىيىسى جاھانگىرلىكنىڭ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق قوزغىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان. بولۇپمۇ ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان، ئافغانىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئەنگلىيىگە قاراملىق دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى تاجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بىر قىسىم تۈرك تىل مىللەتچىلىرى ۋە ئىسلام دىنى ئەسەبىيلىرىدىن پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى پەيدا قىلدى.

پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم پەيدا بولۇش بىلەنلا جاھانگىرلىكنىڭ بولۇپمۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتىشتىكى قورالىغا ئايلاندى، شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى ئاز سانلىق تەشكىل قىلىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىچ-سىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش قەستىدە بولدى. ئۆزلىرىنى جاھانگىرلارنىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى قورالىغا ئايلاندى.

20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاز سانلىق تەشكىل قىلىدىغان پانتۈركىزمچىلار شىنجاڭدا كۆپ قېتىم غالايىمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان مۇھەممەت ئىمىن پانتۈركىزمچىلارنىڭ ئەڭ ئەددىي كاتتىۋېشى. ئۇ 1933- يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، «خوتەن دۆلىتى»نى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ سابىت داموللا بىلەن بىرلىكتە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى، ئەمما، خەلقنىڭ تۆمۈر مۇشتى ئاستىدا ئۆمرى قىسقا بولغان بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلدى. مۇھەممەت ئىمىن بولسا ئامالسىز، ئېرىشىۋالغان نۇرغۇن ئالا-

يۈتۈنى ئېلىپ كەشمىرگە قېچىپ كەتتى. ئۇ 1940-يىلى نەشىر قىلدۇرغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتاب پان تۈركىزم، پان ئىسلامىزمنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئەپتى-بەشىرىسىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇۋالدى. ھەممە ھەر مىللەت خەلقىگە پان تۈركىزمچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل نەزەرىيە ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسەتتى.

پان تۈركىزمچىلار شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭنى قانداقتۇر «تۈركىي مىللەتلەر ئورۇنلاشقان جاي»، «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىۋېلىشتى. تارىخ تۈركلەرنىڭ مىلادىيە 6-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تۈرك خانلىقىنى قۇرغانلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، ئەمما تۈرك خانلىقى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى كىچىك ئاسىياغا كۆچۈپ بارغاندىن باشقا جۇڭگو زېمىنىدا قالغانلىرى ئاللىقاچان خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن. پان تۈركىزمچىلار خەتتا قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن، قانداقتۇر شىنجاڭدا پەقەت تۈركلەرلا بولغان دېيىشتى. شۇنداقلا ھازىرقى تۈركىي مىللەتلەر بولغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى. شۇنداقلا تۈركلەر تۈركىي مىللەتنىڭ بىر تارمىقى» دېدى. ① پولات قادىر ئۆزىنىڭ «تۈرك تارىخى» دېگەن كىتابىدا «ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ۋەيۇگۇرنىڭ كۆرىدە ئۇيغۇر دېيىلىۋاتقان تۈركلەر بىلەن تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنى بىر دېيىش خاتادۇر. ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى نامى تۈرك، بۇ تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇر دەپ ئاتالغىنىغا 10 يىلچە بولدى» دەپ يازدى.

مۇھەممەت ئىمىن «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»دا «ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنى تۈركلەر دەپلا قالماي، قەدىمدىن تارتىپ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىدە ياشىغان سيانبېيلار ئاۋارلارنىمۇ تۈركلەر دېۋالدى. «شىمالىي موڭغۇل خانلىقى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، سيانبېيلار ۋە بىر تۈركىزم تۈركلەر ئالتاي ۋە ئۇرال تاغلىرى ئارىلىق جايلارغا تارقىلىپ ماكانلاشتى...... گەرچە بۇ زېمىندىكى خەلق تارىخنامىلاردا توڭغۇسلار دېيىلسىمۇ، ئەمما تاتارلار بىلەن توڭغۇسلار ئورتاق تۈركىي مىللەتتۇر» ② ئاۋارلار بىلەن تاتارلار موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي بىلەن مانجۇرىيە ئارىلىقىدا ياشىغان مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىمۇ تاتارلار دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا تۈرك مىللىتىنىڭ تەركىبىدىندۇر» ③ روشەنكى، سيانبېيلار بىلەن ئاۋارلار ئاسمى جەھەتتىن توڭغۇس مىللىتىگە تەۋە، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۇلارنىمۇ تۈركلەرگە كىرگۈزۈۋېلىشى، بۇ تۈزۈنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئېنىق قىلغانلىقىدىندۇر.

بۇ پان تۈركىزمچىلار تارىخ جەھەتتىن ئويدۇرمىچىلىق قىلغاندىن كېيىن، تۈرك ئېلىنىڭ چېگراسى غەربتە قارا دېڭىزغا، شىمالدا ئاتاسۇغا، شەرقتە ياپون دېڭىزىغا، جەنۇبتا خىمالايغىچە ھەممە قارانلىق چۆللەرگە تۇتاشقان، يۇقىرىدا دېيىلگەن يەرلەر زېمىنى تۈركلەرنىڭ ماكانى ئىدى. بۇ جايلاردا تۈركلەردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت

بولغانلىقى توغرىلىق تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ مەلۇمات يوق. يېقىنقى زاماندىكى خاتىرىلەردە بولسا، تۈرك تىللىق ئاسىيا قىتئەسىدە بولۇپ، غەربتە شىمالىي دېڭىز، قىزىل دېڭىز، قارا دېڭىز، ئەمدىلا ياۋروپا بىلەن، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانى بىلەن، شەرقتە تىنچ ئوكيان بىلەن، جەنۇبتا جەنۇبىي ھىندى ئوكيانى بىلەن چېگرىلانغانىدى،» دېيدى (3). بۇ پەردە پانتۈركىزمچىلارنىڭ يازغان ئەينى ئەسىرىنى ئاشكارىلىغان. ئۇلار جۇڭگو، موڭغۇلىيە، ھىندىستان قاتارلىقلارنىمۇ تۈرلۈك بىلەن «تۈرك دۇنياسى» گە كىرگۈزۈ-ۋالغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگو ۋە ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ تارىخىي بىلەن خىلاپ سالىلاشماي، تەلۋىلەرچە جۆيلىرىگەنلىك.

مۇھەممەد ئېمىن ئۆزى خالىغانچە بۇ ئويدۇرمىلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغاندىن كېيىن، «ئەينى دەۋردىن تىلشۇناس ئاتالغان تۈركلەر مۇستەقىل دۆلەت قۇردى» (4) دېگەننى كۆز-دىن كەچۈرۈپ، «مىلادىيەدىن بۇرۇن ۷۰۰-يىلدىن ئەسىرگىچە ئاسىيادا قۇرۇلغان تۈرك خانى-لىقى جۇڭگو تۈرۈلۈكلىرىگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيىتى ئىدى. مۇھەممەد ئېمىننىڭ تۈرك خانلىقىنى مۇستەقىل دۆلەت دېيىشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ داۋاملىق بۆلگۈنچىلىك قىلىشىغا قۇترىتىشنى مەقسەت قىلىپ، تۈركلەرنى دۇنيادا ئەڭ ئېسىل مىللەت دەيدۇ. ئۇ: «تۈرك كىتابىدىكى تۈركلەر بويىچە ئەڭ قەدىمىي يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، دۇنيادا ئەڭ ئۇيۇشقاق، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئەڭ زور مىللەت» (5) دەيدۇ. تۈركلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «تۈركلەر تۇغما ئېسىل، دېمەك تە-ۋەرلىك، باتۇر، كۈچلۈك، قەيسەر، مەرد، ئىنسانپەرۋەر، ئەخلاقلىق ھۆرمەت قىلى-دۇ ئاتاكازاي» دەيدۇ (6). ئۇ يەنە ئەڭ زەھەرلىك تىللار بىلەن خەنزۇلارنى ئاساسىي قىلىپ قۇرۇلغان تاڭ خانلىقىنى قارىلاپ، «تۈركلەر ئاجىزلىشىپ جۇڭگو كۈچلەنگەن چاغدا، جۇڭگو دەرھاللا كېڭىيىشكە يۈزلىنىپ، تۈرك ئىلكىدىكى دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ بەختى بىلەن كارى بولماي، تۈرك زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى، تۈرك-لەرنى قىردى، شەھەرلەردىكى ئىمارەتلەرنى بۇزدى، قولىدا بىچارە پۇقرالارنى ھەددىنى ئۆلتۈردى، پۇقرالارنى ئەسىرگە ئېلىپ، زورلۇق بىلەن دالىغا جۇڭلارغا كۆچۈرۈپ كەت-لىكتىن، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى ياكى ئىسسىقتا نېسىپ بولۇپ كەتتى. بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ نېمىشقا كۆچۈپ، ئىنچىكە سۈرۈپ، ھەققانىيەتپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر تۈركلەر جۇڭگونىڭ قانلىق - قان زۇلۇمىغا ئۇچرىدى. جۇڭگو ھەربىي قۇدرىتى تايقان ياكى ئاجىزلاشقان چاغدا بولسۇن، باشتىن - ئاخىر تۈركلەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلدى» (7) دەيدۇ.

مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا جۇڭگونىڭ بۇرۇنلا شەكىللىنىپ كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك خانلىقنى كۆزلىگەن، ئۇچىنىڭ سانلاپ، كېلىشتۈرگەن پانتۈركىزم كاتتىبېشى، ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى مەركىزىي خانلىق ئۆزىنىڭ بىرلىكىچە يالغان پارچىلانغانلارنى-ئۇرۇقلىرىدىن كېيىن، ئاخىرىدا كىشىلەرنى چاقىرىپ [illegible] ئۆزبېكلار بىلەن قىسمىدىكى ھەربىي مىللەت خەلقىنى قىرىپ تالاپ، «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جۇڭگونىڭ زۇلمىدىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى باشقا ھەر قايسى تۈركىي-مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئازاد بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىشكە چاقىردى» (8) پان تۈرك-

كۈرەشچىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى شىنجاڭدىكى تۈركىي مىللەتلەرنى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشقا قۇتراتتى. خەنزۇلار باشچىلىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قوغلاپ چىقىرىپ پاكىز يوقىتىپ، ئازسانلىق بىر قىسىم يۇمشاقلار، بۇرژۇئازىلارنى يالغۇزلا ھۆكۈمران دۆ- لەت خەلقنىڭ شەللىسىگە مىنگۈزۈپ، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپى ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە چاقىردى.

ئەمەلىيەت راستىنلا شۇنداق. ئەمسە؟ 1945 ـ يىلى جياڭجيېشى پانتۈركىزم پان ئىسلامىزمنىڭ بىر قىسىم كاتتىباشلىرىنى يەنى مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا- لارنى ئىلگىرى كېيىن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مەسئۇدنى شىنجاڭنىڭ ئەيتىپ ئەمەل- دارلىقىغا، مۇھەممەت ئىمىننى 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئەيسانى بولسا شەبنە مەنجۇبىچى يانلار ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جياڭ جيېشى مەسئۇدنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە كۆتەردى، مۇھەممەت ئىمىننى مۇئاۋىن رەئىسلىككە، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازىرلىقىغا، ئەيسانى باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى. ئۇلار ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن بۆلگۈنچىلىك بىلەن تېخىمۇ كەڭ شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۆزبېكلار توپلىشىپ تول- ۇراقلاشقان رايونلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر خادىم، ھاكىم، «ئۆزبېك» ئۆزىنىڭ ئەمەل- دارلىرى تەرەپ، تەرەپمە قويۇق پان تۈركىزم ئىدىيەسىدىكى پان ئىسلامىزمچى يوشۇت- چىلار بىلەن بىرلەشتى، شۇندىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قۇللۇق ـ زۇلۇمىن تورىغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇلار سىياسىي ئىدىيىۋى ساھەدە پان تۈركىزم، پان ئىسلامىزمنى كۈچەپ تەشۋىق قىلدى. (1) مۇھەممەت ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابىنى پروگرامما قىلغان بىر تۈركىزم بۆلگۈنچىلەر داۋاملىق سۈرلەشتى. قۇربان قوداينىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخى» ناملىق كىتابى؛ بۇلات قادىرنىڭ «ئۆلكە تارىخى» (شىنجاڭ تارىخىنى كۆرسىتىدۇ) ناملىق كىتابى؛ مەسئۇدنىڭ «تۈركلەرنىڭ ئۇنتۇلغان نامى» ناملىق كىتابى قاتارلىقلار نەشر قىلىندى. تارىخنى كۆپ تەرەپلىمە ئىنكار قىلىپ، دۆ- لەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. (2)

ئالتاي نەشرىياتى قۇرۇلۇپ پان تۈركىزم، پان ئىسلامىزم تەشۋىق قىلىنىدى (3) ئۆزبېكچە «تۈرك گېزىتى» «ئالتۇن گېزىتى» قاتارلىقلارنىڭ كۆپلىگەن يازغۇ- چان شوئارى، «بىزنىڭ مىللىتىمىز تۈرك»، «دىنىمىز ئىسلام»، «يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى. (4) مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىر گۇرۇپپا ئىچكى ئۆزلىگە تۈركىيەدىن ئېلىپ كېلىنگەن پان تۈركىزم پان ئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتابلارنى تونۇپ باشلارنى رەھبەرلىدى. (5) ئۇلار پان تۈركىزم پان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قۇردى. مەسىلەن: مەسئۇد باشچىلىقىدىكى ۋەدىرىنىڭ ھەر ھەپتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ تۈزۈمنىڭ ئەكسىيەتچى تەرەققىپەرۋەرلىكىنى تەشۋىق قىلدى. ئۆز ۋەجىدىكى ئەكسىيەتچى دىندارلار، ئىسلام دىنىنى قوغداش بىرلەشمىسىنى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تۈۋەتەشكى-

لاتىلىرىنى قوغلاش بىلەن ئەكسىيەتچىل دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، ئەيسا باشچىلىقىدىكى «تۈركىستان ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى» مەخسۇس ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. (6) مائارىپ ساھەسىدە زور كۈچ بىلەن ياشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئەينى چاغدىكى شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى - شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ تەيىنلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مىللىي ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇيغۇر تارىخىدىن دەرس ئۆتكەندە، مۇھەممەت ئىمىن قىپ - يالىڭاچ ھالدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ: «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى، شۇڭا شەرقىي تۈركىستاندا پەقەت ئۇيغۇرلار خوجايىنلىق ھوقۇقىغا ئىگە. باشقا مىللەتلەر سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەنلەر، ئۇلار خوجايىنلىق ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس» [7] دېدى.

مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن باشچىلىقىدىكى پانتۈركىزمچىلار ئۇيغۇر تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى»نى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى. بۇ ئۇيغۇر تىلىنى تۈركچىلەشتۈرۈش. ئۇلار تۈركىي تىل - يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى تۈركچىلەشتۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەكسىيەتچىل «ئەرك گېزىتى»، «ياۋاقتۇن گېزىتى» دە ئۇيغۇرلارغا چۈشەنمەيدىغان تۈركچە سۆزلەر ئىشلىتىلدى. ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىللەت» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا تۈركچە «ئۇلۇس» دېگەن سۆزنى، «مەكتەپ» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز ئورنىغا «ئوقۇل» دېگەن تۈركچە سۆزنى دەسسىتىۋالغان، ئۇلار ئاھايىتى كۆرەڭلىگەن ھالدا:

سۆزىمىز گۈللىنىڭ ئۆزىدۇر گويا،
ئۈنىمىز گۈللىدىكى بۇلبۇل گويا،
خۇيىمىز ئۆزىدۇر بەكمۇ لايىق تۈرك سۆزى،
مەن سۆيەرمەن ئۇنى بىلىپ جېنىم گويا.

دېيىشتى [8]

ئۇلار نېمىشقا مۇنداق تەشۋىق قىلىدۇ؟ شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەر تارىختا تۈرك تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، تۈركىي خەلقلەرنى قايمۇقتۇرماقچى. مەسئۇد ئۆزىنىڭ «تۈركلەرنىڭ شۆھرىتى» ناملىق كىتابىدا «تىلنى سىرىتىش»نى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سۆيمەيدىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىدىكى تۈركچىلەشتۈرۈش بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىشتا ئۆزئارا دوشمەنلەر! شىنجاڭدىكى تۈركىي مىللەتلەر - ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس پارلاق مەدەنىيىتى، باي، گۈزەل تىلى بار. ئۇ ھەرگىزمۇ پانتۈركىزمچىلارنىڭ «ئىسلاھ قىلىشى» ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن ئەمەس.

مۇھەممەت ئىمىن قوزغىلىش ئازدۇرى بولۇپ تۇرغان ئۈچ يىلدا، ئىشلەپ تۇرغان زاۋۇتلار ئىشتىن توختىدى، چىنە زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى، ئاياللار كەسپى زاۋۇتى ھەممە ھەرقايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تۇرغۇن مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ قوزغىلىش ئىشلىرى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم كۈچلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا بارلىرىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ۋەيران بولدى.

1949-يىلى ئەنە شۇ بۆلگۈنچى مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭ-دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىققا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، يۈزدىن ئارتۇق ياشنى ئۈرۈمچىنىڭ تۇدۇنغا با رايونى (ھازىرقى 1-ئاۋغۇست پولات زاۋۇتى رايونى) دا ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەكسىيەتچىل قوراللىق كۈچ-لەرنى شىنجاڭغا بۇزغۇنچىلىق كەلتۈرىدىغان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللەشكە ئە-ۋەتمەكچى بولدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتىكى سەزگۈرلىكى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېزلىك بىلەن كىرىشى ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشى بەربات بولدى.

## شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ جىنايى مەنبەسى

### مۇھەممەت ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» غا رەددىيە

**چېن بوچۈەن**

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرگىز بۈگۈنكى كۈننىڭ مەھسۇلى ئەمەس. بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىر مەھەل ئەمەلىيلەش-كەن، ھەتتا ئەدەپ كەتكەنىدى. دەل بۇ يىللاردا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» — شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئورۇندىغان ۋە بالا تاپالمىغان-غان ئۇرۇنۇش. بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ئورگىنىزمىسى — مۇھەممەت ئىمىن (بۇغرا) سېپى ئۆزىدىن بولغان، ئۆچىغا چىققان مىللىي بۆلگۈنچى ئىدى.

### 1. مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تەرجىمىھالى

مۇھەممەت ئىمىن شىنجاڭنىڭ خوتەن شەھىرىدىكى دۆلەتمەن ئائىلىدە تۇغۇل-غان، ياش ۋاقتىدا پانتۈركىزملىق ۋە پانئىسلامىزملىق تەربىيە ئالغان، كېيىن يەنە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشپىيونلۇق تورىغا سىڭىشقان ۋە شۇلار باققان.

سلتانپەرەست جىن شۇرېننىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى قارشىلىق سادالىرى ئى-چىدە تەۋرىنىپ قالدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پۇرسەت كەلدى دەپ ھېسابلاپ، مۇھەممەت ئىمىننى بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۈشكۈرتتى، مۇھەممەت ئىمىن ئەنگلىيەگە شايىكا تونۇلۇپ، ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ مەخپىي كۆرسەتمىسى بويىچە جىن شۇرېن ھىندىستاندىن سېتىۋالغان بىر قىسىم ھەربىي قوراللارنى توشۇپ ماڭغانلارنى تۇتۇپ ۋە بۇ قوراللارنى بۇلاپ، ئاراقاشتا

ئەلەم كۆتۈردى. ئارقىدىن خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنى «خوتەن خانى»
دەپ ئاتىدى. سابىت داموللا دىنىي داھىي بولدى. ئارقىدىن يەنە كىرىيە، قاغىلىق،
پوسكام، يەكەن، قەشقەر، كونىشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى. 1933-يىل 11-
ئاينىڭ 12-كۈنى مۇھەممەد ئىمىننىڭ قوللىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، سابىت داموللا زۇڭلى بولدى.
ئەمەلىي ھوقۇق بولسا پۈتۈنلەي مۇھەممەد ئىمىننىڭ قولىدا ئىدى. قورچاق ھۆكۈ-
مەت مۇھەممەد ئىمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگ-
راممىسى، ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى ۋە ئاساسىي قا-
نۇننى ئېلان قىلدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان بۇ رەزىل كومېدىيىدە
مۇھەممەد ئىمىن بارلىق ھوقۇقنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆچمەس «تۆھپە» ياراتتى.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىجرا قىلغان ئاقمىچى سىياسەت-
لىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىنتايىن ئاز سانلىق، ئەكسىيەتچى ۋە ئەشەددىي مىللىي
بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئىدى. ئۇ ئېلان قىلغان ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسىدا،
«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ بەلگى-
لەپ، ئۇنى ئارقىلىق جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ
پۈتۈنلەي ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە تايانغان بولۇپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ
قالتىس ئاستىدىكى قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ قورچاق ھاكىمىيەت يەنە ھۆكۈمەت
تەرەپنىڭ تەشۋىقاتىدا «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر، ئىسلام دى-
نىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىرلىشىپ بىر دۆلەت قۇرۇشى» نى كۆككە كۆتۈ-
رۈپ، تۈركىي مىللەتلەردىن باشقا مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم» دەپ جار
سالدى. بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا تۇرغۇچى
بىگۇناھ خەنزۇلار، خۇيزۇلار ۋە باشقا مىللەت ئاھالىلىرى ئېغىر زىيانكەشلىككە ۋە
رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال ئەن-
گلىيە، روسىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە
ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېتىراپ قىلىش ۋە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە جاھان-
گىرلىكى بولسا دەرھال 10 مىڭ دانە مىلتىق ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭدىن تۇرغۇن
باشقا ھەربىي ئەسلىھەلەرنى بېرىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى ھاكى-
مىيەتنىڭ جەڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، بىر تەرەپكە كېتىدىغان جاھانگىرلىك قەستىنى ئۈمىد
قىلدى.

ھالبۇكى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ۋە شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ
شېرىن چۈشى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىدى. 1934-
يىلىنىڭ باشلىرىدا خۇيزۇ مىلىتارىستى ماجۇڭيىڭ خەنزۇ مىلىتارىستى شىڭ شىسەي بىلەن
بولغان كۈرەشتە يېڭىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، 2-ئاينىڭ
6-كۈنى قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى.

سابىت داموللا ئەسىرگە چۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى يە-

مەجبۇر بولدى. مۇھەممەت ئىمىن ئالدىراپ - تېنەپ ھىندىستانغا قاچتى، ئۇ مەغلۇبىيەتكە تون بەرمەي يەنە بىر مەزگىل «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى تىكلەپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بولۇڭ- پۇچقاقلىرىدا ئورۇنلىشىۋېلىپ تارقاق كۆرەشمەكچى بولدى، ئۇزاق ئۆتمەي، ماجۇڭ يىڭنىڭ قالدۇق قىسمى خوتەننى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىككىنە مىللىي بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭمۇ كۈلى كۆككە سورۇلدى. مۇھەممەت ئىمىن ئالدىراپ - تېنەپ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىسى — ھىندىستانغا قېچىپ، ئۇزۇن مۇددەت چەت ئەللىك جاھانگىرلار ھىمايىسىدە ياشىدى. كېيىن ئۆتكۈزدى. ئۇ قەيەردە تىلەمچىلىك قىلماي، يەنىلا ئۆزگەرمەي يامان ئاقلاپ، سەرگەردان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، يالغان، زەھەرلىك قىلىپ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابنى يازدى ۋە ئۇنى نەشر قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئۈچۈن داۋاملىق جاھالەت پىكرى تەييارلىدى.

## 4. مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى جىنايى مەقسىتى

مۇھەممەت ئىمىن ئۆزىچە تىرىشچانلىق بىلەن بۇ كىتابنى يېزىشتا، بىرەر ئالىم بولۇشنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي سىياسىي مەقسەتنى كۆزلىگەن. ئۇ بۇ كىتابنىڭ «كىرىش سۆز»ىدە ئۆزىنىڭ بۇنداقلا يېزىش قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەختكە قارشى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي شەرەپلىك تارىخى، غۇرۇرلانغۇدەك قەدىمىي ئاتاقلىرى، دۇنياغا زىنىنەتلىك بولغان ئىش - ئىزلىرىنى ۋە ئۆتمۈشتىكى دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنچە. بەرپادا بولغان تەشەببۇسلىرى ئاساسەن تاشلىنىپ قالدى، تۈركىستاننىڭ تارىخىنى مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇنتۇلدى» دېگەنىدى. مۇھەممەت ئىمىن يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى تولىمۇ دا بولمىغاچقا، ئەسلى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن، ئۇ بۇ كىتابىدا تۈركىستان (شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ قەدىمدىن تارتىپ مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك قىلىپ، مۇھەممەت ئىمىن يەنە مۇنداق دېگەن: شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مىللىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ كۈچلۈك مەدەنىيەتكە ئىگە، دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ بار، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشقان مىللەت. ئۇ بۇ يەردە تۈركلەر دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ئالىي مۇنەۋۋەر مىللەت دېمەكچى بولغان. مۇھەممەت ئىمىن ئۆزىنى سىرتتىلا ئۆزگەرتىپ، قايغۇرغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركىستانلىقلار ئىنسانىي جەمئىيەتتىلا ئەمەس، سىياسىي جەھەتتىمۇ ئاسارەت ۋە زۇلۇم ئاستىدا قالغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ مىللەتنى يوقىتىۋېتىش خەۋىپى پەيدا بولۇپ، تۈركىستاننىڭ تارىخىنى يوق قىلىپ ئۆچۈرۈۋېتىلدى. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇلۇغ تەقسىبەتكە ئىگە تارىخنى تېپىپ بىز ئەۋلاد ئالدىغا كەلگەن رايون قارا نىيەتلەر تەرەپىدىن بېسىۋېلىندى». ئۇ بۇ يەردە يات

مىللەتلەر (ئاساسلىقى خەنزۇلار) نىڭ تۈركلەرگە قاراتقان «ئىقتىسادىي ئېكسپلاتات-
سىيىسى ۋە سىياسىي زۇلۇمى» نى پاش قىلىپ، يات دۆلەت (جۇڭگونى دېمەكچى)
نىڭ شىنجاڭغا «تاجاۋۇز» قىلغانلىقىنى قاخشىغۇچى بولغان. ئاخىرىدا ئۇ ئېنىق قى-
لىپ مۇنداق دېگەن: «يات يۇرتتا مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان ھاياتىمدا، باشقا پارلاق
ئىشلىرىمدىن ئۇزۇن كېچىپ، شەرقىي تۈركىستانغا دائىر بىخلىشقا مۇمكىن بولغانلىكى
پارلاق قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىدىم. پارلاق ماتېرىيال-
لارنى ئىككى يىل جاپالىق ئىشلەپ تەنقىد ۋە تەھلىل قىلىپ، تۈرلەرگە ئايرىغاندىن
كېيىن بۇ كىتابنى يېزىشقا قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدىم». «بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كى-
تاب ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداپ قې-
لىشتا بىر ئۈلۈش كۈچ بولالىسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئىپتىخارلىق ئىش.» بۇ «ئۇنىڭ
ئۇ كىتابىنى يېزىشتىكى غەرىزى ئۆز مىللىتىنىڭ ۋەتىنى (يوقالغان ۋە مۇستەقىل
بولغان شىنجاڭنى دېمەكچى) سۆيۈش، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش (شىنجاڭ-
دىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ «ئازادلىقى» نى قولغا كەلتۈرۈش) ئاڭلىقلىقى
ۋە ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش» ئىكەنلىكىنى يوشۇرمىدى.

قىسقىسى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قولىغا قورال ئېلىپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى «بەرپا قىلىپ»، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن شاپاشلىغان بولسا، قورالنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىنمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ ئالمىش «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى يېزىپ، يەنە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ھەرىكەت قىلغان. گەرچە ئۇلارنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ماھىيىتى ئاساسەن بىردەك.

### 3. كىتابتا «پانتۈركىزم» تەرغىپ قىلىنغان

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابتا مۇھەممەد ئىمىن نۇرغۇن سەھىپە ئاجرىتىپ «پانتۈركىزم» نەزەرىيەسىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلغان.

بىرىنچى، مۇھەممەد ئىمىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئورنىنى غەرەزلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئۇ كىتابىنىڭ «كىرىش سۆزى» دە مۇنداق دېگەن: «ھازىرقى زامان ئەسىرلىرىدە ئىستىلا قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىن ئەزەلدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ماكانى... تۈركلەرنىڭ رايونى ۋە يۇرتى ھەمدە دۇنيا بويىچە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى.» ئۇ پاراگرافتا ئۇ يەنە: «تۈركىستاندىكى تۈرك مىللىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، دۇنيادا ئەڭ ئورنى بار. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئەڭ كۆپ-تۆھپە قوشقان مىللەت» دېگەن. باشقىلارنى ئۆزىنىڭ سەپسەتىسىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ تارىخنى توقۇپ چىقىپ، «مىسىرنىڭ يېزىق شەكلى بىلەن قالدۇرغان مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مىسىرنىڭ تارىخىي

مىلادىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا سۈرۈشكە بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، ھالبۇكى مىسىرنىڭ يازما مەلۇماتلىرىدا بايان قىلىنغان تۈركلەرنىڭ يىراق قەدىم زامانىدىكى تارىخى مىسىرلىقلارنىڭكىدىن 5000 يىل بۇرۇن» دەپ جۆيلىگەن. ئۇ بۇ يەردە مىسىرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى 6000 يىلدىن كۆپرەك بولغان بولسا، تۈركلەرنىڭ 11 مىڭ يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخى بار دېمەكچى بولغان. بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھەرەزلىك ھالدا تۈركلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلغان ۋاقتىنى 7800 يىل ئالدىغا سۈرگەن، مول ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تۈركلەرنىڭ VI ئەسىردە يېزىق ئىجاد قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن مۇھەممەت ئىمىن كىتابنىڭ «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يېزىقى» دېگەن پاراگرافىدا ئىززا تاتىماي لاپ ئۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كۆچۈش دەۋرىدىن بۇرۇنلا يېزىقى بار ئىدى. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ خەتتى «پىتىك» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى مىسىرلىقلارنىڭ قەدىمكى يېزىقىغا ئوخشايتتى. ھەر قايسى جايلارغا كۆچكەن تۈرك قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى تۈرك ۋەتىنىنىڭ ئەسلىدىكى يېزىقىنى قوللىناتتى. كۆچۈش دەۋرىدىن كېيىن، بارلىق تۈركلەر مۇشۇ يېزىقنى قوللانغان.» ئۇ كىتابنىڭ «تۈركلەرنىڭ كۆچۈش دەۋرى ۋە بۇ دەۋردىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان» دېگەن پاراگرافىدا، تۈركلەر بۇنىڭدىن 9000 يىل بۇرۇن كۆچۈش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن دەيدۇ، ئاۋادا مۇشۇنداق بولسا، تۈركلەر بۇنىڭدىن 9000 يىل بۇرۇنلا يېزىق ئىجاد قىلغان بولىدۇ.

ئىككىنچى، مۇھەممەت ئىمىن تۈرك دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى ھەرەزلىك ھالدا كېڭەيتكەن. ئۇ كىتابنىڭ «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «بۈگۈنكى تارىخىي خاتىرىلەر ئىسپاتلىغان تۈركلەر ۋەتىنىنىڭ چېگرىسىنى ئىسپاتلاپ بەردى، يەنى تۈركلەر ۋەتىنىنىڭ چېگرىسى غەربتە قارا دېڭىزغىچە، شىمالدا ئاتلانتىكقىچە، شەرقتە ياپون دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا خىزائىمىي دەرياسى ھەمدە قارا قۇم چۆللىكىگىچە بارىدۇ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كەڭ رايونلار تۈركلەرنىڭ زېمىنىدۇر. تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ زېمىندا تۈركلەردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇمات چىقمايدۇ. يېقىنقى زامان ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى ئاسىيا قىتئەسىدۇر، ئۇ غەربتە شىمالىي دېڭىز، قىزىل دېڭىز، قارا دېڭىز ۋە ياۋروپاغا، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانىغا، شەرقتە تىنچ ئوكيانىغا، جەنۇبتا ھىندى ئوكيانىغا تۇتاشقان.» ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى (ئانا يۇرتى)، ئۇ يەردە تۈركلەردىن باشقا مىللەتلەر بولمىغان دېيىش ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىرلىغانلىق. ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن، مۇھەممەت ئىمىن ھەتتا ئۆز ئەقەللىي تارىخىي بىلىم ۋە جۇغراپىيىلىك ساۋاتىنىمۇ تىلغا ئالمىغان. مۇھەممەت ئىمىن «تۈركىي مىللەت» لەرنى ئۇنچە كۆككە كۆتۈرۈپ، «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» نىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىكى مەقسىتى،

— تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈشتەك غۇرۇرىدىن پايدىلىنىپ، بۇنداق نورمال مىللىي ھېسسىياتنى قەستەن تۆزۈق يولغا باشلاپ، ئۇنى

ھېچ كىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزىنىلا ئالىي ئاتاپلايدىغان چېرىكچىلىق سەۋداسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن بۇ خىل ھالىي چېرىكچىلىق سەۋداسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي بۆلگۈنچىلىك غەرىزىگە يېتىشكە، ھەتتا پانتۈركىزملىق ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش شېرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ خىل ئۇسۇللىرىغا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز لازىم. تارىخىي تەجرىبىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. گىتلېرمۇ شۇنداق قىلمىغانمىدى. گىتلېر گېرمان مىللىتى دۇنيادا ئەڭ ئېسىل مىللەت، يەھۇدىلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى پەس مىللەت دېگەننى كۆتۈرۈپ تەرغىب قىلىپ، غەرەزلىك ھالدا مىللىي چوڭچىلىق سەۋداسىنى قوزغاپ، فاشىستلىق ئەسەبىي كەيپىياتنى قوزغىتىپ، دۆلەت ئەسەبىيلىكىنى قوزغاپ، سىرتقا قارىتا ئالغىلارچە تاجاۋۇز قىلىپ، يەھۇدىلار ۋە باشقا مىللەتلەرنى قىردى، ئاخىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭدا مىليونلىغان خەلقلەرگە ئاپەت ۋە سىياسىي كۈلپەت بولسا، مۇھەممەت ئىمىننىڭ كۆز ياشىنى ئەۋلادلىرىمىز كىتابلىرىغا ئۆرنەكلىك ئىش قىلدۇ.

### 4. «مۇستەقىل بولۇش»نى تەرغىب قىلىپ، «مىللىي بۆلگۈنچىلىك»نى ھەدەپلىگەن

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە تارىخىي ئاساس تېپىپ بېرىش ئۈچۈن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يادىكارلىقلاردىكى ھەقىقىي مەزمۇنلارنى ئاچرىماي، قەستەن ۋاستە تالاپ تولتۇرۇپ «شەرقىي تۈركىستان ئىززەتلىك مۇستەقىل دۆلەت» دېگەن سەپسەتىنى تەرغىب قىلغان. ئۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «بىز شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى) نى دۇنيا مەركىزى دەپ قارايمىز. ئەللا مەشھۇر، مەدەنىيىتى ئەللا يۇقىرى تەرەققىي قىلغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.» دېمەكچى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئۇلۇغ شەرەپلىك تارىخىنى بىلمەيدۇ ...... تۈركىستاننىڭ تارىختا مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەيداننىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇھەممەت ئىمىن تۈركلەرنىڭ، تۈركلەرنىڭ ئەجدادى دۇنيالارنىڭ، تۈركلەرنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرى (خۇيزۇ) لارنىڭ شۇنداقلا قەدىمكى دەۋرىدە ئاسىيانىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ياشىغان تۈرلۈك يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمكى شىمال مىللەتلىرى ئىكەنلىكىنى؛ بۇ مىللەتلەر قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قەدىمكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. پۇرسەت بولسىلا، ئۇ بۇ مىللەتلەر قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «مۇستەقىل دۆلەت» ئىكەنلىكىنى ھەم، قەدىمكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — جۇڭگوغا تەۋە ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن ھەتتا بۇ دۆلەتلەرنى «جۇڭگو» بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويغان. ئالايلۇق، ئۇ كىتابىنىڭ «تۈركلەرنىڭ

ئىلك ۋەتىنى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى)، غەربىي تۈركىستان (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى دېمەكچى) — تۈركلەرنىڭ «ۋەتىنى». «تۈركلەرنىڭ تەشكىللىنىشى» دېگەن پاراگرافىدا يەنە مۇنداق دېگەن: «شەرقىي تۈركىستاندا 9 مۇستەقىل دۆلەت بولغان.» تارىختىن ئۇ بۇ 9 دۆلەتنىڭ نامىنى قىلىپ «تۈركلەر دۆلىتى» دەپ ئاتالغان ئىككى دۆلەت بولۇپ بىرلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى تۈركىي دۆلەتنى يۈز تۇتۇلدى مۇستەقىل، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى.» ئۇ چىڭ سۇلالىسى-نىڭ ئاغدۇرۇلۇش دەۋرىدىكى تارىختىمۇ كۆزنى يۇمۇپلا قارىسىغا سۆزلەپ، كىتابىنى ئەنجۈلىنىڭ ئىلمىيۈز بىلەن مۇنداق دېگەن: «(چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى) ھىجرىيە 1240- يىلى (مىلادى 1824- يىلى) جاھانگىر خوجىنى ئەسىر ئېلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىپ، ھىجرىيە (1825- يىلى) زىيانكەشلىك قىلدى. ئەمما جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى يەنىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ پادىشاھى بولۇپ، داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بەلكى جۇڭگو قوشۇنلىرى خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئىلگىرىلىيەلمىدى. خەلقنىڭ قارشىلىقى بىلەن مۇستەقىللىق ئىنقىلاب قىلىندى.» بۇ كىتابتا تەزەر سالماق، پۇرسەت بولسىلا ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى چوڭ - كىچىك ھەرىكەت-لەرنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل دۆلەت ئىدى دېگەننى تەرغىب قىلىپ، ھەممىلا جايدا «مۇستەقىللىق، مۇستەقىللىق» دەپ شۇ ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك داۋرىقىنى كۆ-چەينەكلىكىنى بىلەلەيمىز.

دەرۋەقە، مول تارىخىي ماتېرىياللاردا شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىلەن بىر-لىككە كەلگەنلىك پاكىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن، بۇنى كېلىپ بۇ ھەممە كىشىگە دېگۈ-دەك ئايان بولغاچقا، ئىلىپ مەسىلىدە كۆز باغلاش ھۈنىرىنى ئىشلەتكەن ئەڭ ئۇستا بولغان مۇھەممەت ئىمىنمۇ ئۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغاندا، بۇ جۇڭگونىڭ «شەرقىي تۈركىستاندا قالغان ئاماۋۇرچىلىقى» دەپ زورمۇ - زور تۆھمەت قىلغان ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋاقتىنى مەيلىنىڭ پارىچە قارىشىدا ئۆزگەرتكەن، ئۇ كىتابىنىڭ «جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇنجى قېتىم بېسىپ كىرىشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «جاھانگىرنىڭ مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن زوران، قىرىق ئىككى دۆلەتنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىل-غاندىن كېيىن: قاراشەھەر، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق 36 دۆلەتكە داۋام-لىق ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە بېسىۋالدى. جۇڭگو پادىشاھى جالاقچىيەننى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇيغۇر ئەڭ ئوبدان يەرلىرىدىكى ئۆرۈدىكى شەھىرىنى ۋالىي تۇرىدىغان جاي قىلىپ ئالدى. جۇڭگونىڭ تارىخلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاسا-سلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان ۋاقىت جەمئىي 66 يىل بولغان» ھازىرچە بۇ قۇربىدىكى بىر ئابزاس سۆزدىكى تارىخىي پاكىتلارنىڭ خاتالىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكىرىدىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر بىلەن بىرلىككە كەل-گەن ۋاقتىغا كەلسەك، غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن تارتىپ شىمالىي ئىيالغىنىدىكى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغانغا قەد

دەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300 يىل ئۆتكەن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا «جەمئىي 49 يىل ئۆتكەن» دەپ، تۇپتوغرا $\frac{1}{10}$ قىسمىنى قىسقارتىۋەتكەن! يەنە ئالايلۇق، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلىشقا تەخـمۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تالاس جېڭىدە مەغلۇپ بولـغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئۇ كىتابىدا «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇسـتەقىللىقى ۋە ئۇنىڭ مىڭ يىللىق جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇشى» دېگەن پاراگـرافىدا مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ مۇسلىم گاۋشيەنجىنىڭ ئىنسانىيەتسىزلىك قىلمىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 134- يىلى زىيادنى خۇراسان ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ، زور قوشۇننى باشلاپ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. گاۋشيەنجى قارلۇق ۋە باشقا تۈرك قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بەرـدى. ئىككى قوشۇن تالاس شەھىرى ئەتراپىدا ئېلىشتى. سەككىز يىلدىن بۇيان جۇڭـگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغان تۈرك قوۋملىرى، بۇ چاغدا بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ جۇڭگو قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى، گاۋشيەنجى بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. جۇڭگو قوشۇنى ئالدى ۋە كەينـدىن زەربىگە ئۇچراپ، پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. ...... تۈركلەر جۇڭگونىڭ تۈركىستانـدىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگونىڭ تۈركىستاننى بېسىۋالغان كۈچلـرىنى تازىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەرياندا، جۇڭگونىڭ قوراللىق كۈچلىرى شەرقىي تۈركىستانغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلالمىدى. ھىجرىيە 1172- يىلغا كەلگەندە، تۈركىستان خەلقى جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ، بەخـتىيار، خاتىرجەم ياشىدى.» ھىجرىيە 134- يىلى مىلادى 731- يىلى، ھىجرىيە 1172- يىلى مىلادى 1758- يىلىنى كۆرسىتىدۇ، يۇقىرىقى سۆزدە، مۇھەممەت ئىمىن تالاس ئۇرۇشىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان «مۇستەقىل ئىدى» دەپ كېسىپ ئېيتقان. ئەمەلىي ئەھۋال قانداق؟ ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى جېنـيۈەننىڭ 3- يىلى (مىلادى 787- يىلى) غىچە، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى جېنيۈەننىڭ 6- يىلى (مىلادى 790- يىلى) غىچە مەۋجۇت بولغان. ئارقىدىن ئۇيغۇر خانلىقى (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى - ت) مىلادى 840- يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئارقىدىن يەنە قوچۇ ئۇيغۇرخانلىقى، گۇسەن ئۇيغۇر دۆلىتى، قارا خانىيلار سۇلالىسى، قىتانلار قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەۋجۇت بولغان. ئەمما، ئۇيغۇر (خۇيخې) لار بىلەن قىتانلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل دۆلىتى، چىڭگىزخان سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن زېمىندا قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقى، ئۆگەداي خانلىقى، قىپچاق خانلىقلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ئاياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە داۋاملاشـقان. ئەمما، موڭغۇللار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللىتى ئەمەسمۇ؟ جۇڭگونىڭ بۇ

قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى، شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ پولاتتەك پاكىتى ئەمەسمۇ؟ پەقەت مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرلا ئۆزىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋە جۇڭگودىن يات دەپ ھېسابلاشنى خالاپ، يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەت ئىمىن كىتابىنىڭ «١- قېتىملىق ئىنقىلاب (جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىنى دېمەكچى) تىن ٥- قېتىملىق ئىنقىلاب (ۋەلىخان تۆرىنىڭ توپىلىڭىنى دېمەكچى) قىچە بولغان ٥٥ يىل جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن پاراگرافىدا كېيىن كەپ چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ يەرلىك مىللىي بۆلگۈنچى قەبىھ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىلىغاچ ئاشكارىلاپ مۇنداق دېگەن: «شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى ئەركىن مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئەركىن، ئازاد تۇرمۇشنى بەھرىمەن بولۇش.» بۇ، مۇھەممەت ئىمىندىن ئىبارەت كونا ماركىسلىق سالىي بۆلگۈنچىنىڭ ئاتالمىش «ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى» بولۇپلا قالماي، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئېكىدىن پەيدا بولغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ «ھەرىكەت نىشانى».

### ٣. «جۇڭگو»نى قاقاپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ تۆھمەت قىلغان

مۇھەممەت ئىمىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە جىنى تىرنىقىچە ئاتىشىق ئۆچمەنلىك قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇ كىتابىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئومۇمىي» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو ئەسلىدىنلا شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ ٢٠٠٠ يىللىق دۈشمىنى ئىدى». «شەرقىي تۈركلەر ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىتى ئۈستىدە ئەھۋالى» دېگەن پاراگرافىدا، ئەكسىچە قارىلاش مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو ئەرەپ گەرچە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساناشتىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دائىم ئۆزىگە كۆزلەرسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ سىياسىتى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە.» ئۇ ھەتتا كىتابىنىڭ مەخسۇس ئاجراتقان بىر پاراگرافىدا «جۇڭگونىڭ سىياسىتى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە، ئىنسانىيەتسىز، ھىيلىگەرلىك سىياسەت» دەپ ئۇززۇ تۇيۇپ، جۇڭگوغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ يەنە قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەپ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو كۈچەيگەن ۋە تاجاۋۇزلاشقان مەزگىللەردە باشقىن - ئاياغ تۈرك قوۋملىرىنى ئۈچىلىك رەقىب دەپ بىلدى، ئۇرۇش دەۋرى يەككى تىنچ دەۋرىدە، جۇڭگو ئەرەپ ھەققىي ئاتالغۇ يۈزىدىكىنى زادىلا ئىپادىلىمەي، ئىنسانىيەتسىزلىك روھىنى ئىپادىلىدى.»

شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن بىرلىككە كېلىشى ئۇزاق تارىخىي جەريان. بۇ جەرياننىڭ ھەر بىر قەدىمى بىرلىككە كەلگەن. كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بەرپا قىلىشقا قوشۇلغان تۆھپە بولۇپ، ئازا مەدەنىيەتكە ئەرزىيدۇ. ئەمما ھەر قېتىم بۇ ئۇلۇغ تارىخىي جەرياننى ئىنكار قىلغاندا، مۇھەممەت ئىمىن ئۆزى كۆچەپ قار-

ەستىن. ئۇ كىتابىنىڭ «جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇنجى قېتىم بېسىپ كىرىشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «خاڭچيەن مىلادىدىن 99 يىل بۇرۇن روران، قوچۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قارا شەھەر، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق 36 دۆلەتكە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە بېسىۋالدى. جۇڭگو پادىشاھى خاڭچيەننى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، لوپنۇر ئەترا- پىدىكى تۆردى شەھىرىنى ۋالىي تۇرىدىغان جاي قىلىپ تاللىدى.» بۇ يەردە مۇھەم- مەت ئىمىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى قارىلىغان؛ «جۇڭگو ھۆكۈمىتى قوللانغان ھونلارنى چەكلەش سىياسىتى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «شۇنداق قىلىپ، پەيت كۈتۈپ تۇرغان جۇڭگو ھونلارنىڭ ئىچكى تەھۋالىنى تۇتۇپ، پۇرسەتنى پايدىلىنىپ خاڭچيەن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتتى. جۇڭگو شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، قوت- لۇشمانغا ئەلچى ئەۋەتىپ جۇڭگوغا ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئاخىر قوتلۇش- مان ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن، قوتلۇشمان بىلەن خاڭچيەن ئوت- تۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش بولدى، قوتلۇشمان مىلادىدىن بۇرۇنقى 36-يىلى ھالاك بولدى. خاڭچيەن قوتلۇشماننىڭ كاللىسىنى جۇڭگو پادىشاھىغا ھەدىيە قىلدى ھەمدە سوغدىيانا، پەرغانە قاتارلىق غەربىي تۈركىستان زېمىنلىرىنى بېسى- ۋالدى، ئۇ جايلارنى جۇڭگونىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەر يىلى ئولپان تاپ- شۇرىدىغان قىلدى. بۇ دۈشمەننىڭ تۈركلەرنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ تۈرك ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنىڭ پاكىتى.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن جۇڭگونى «دۈشمەن»، خەن سۇلالىسىنى غەربىي يۇرتقا تەھدىت سېلىپ تۇرغان بۆلگۈنچى كۈچ ھون ئەمىرلىكىنى قوغلىغانلىقىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دېگەن. «خەنچاق پادىشاھلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش ئارزۇسى ۋە بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش سەۋەبلىرى» دېگەن پاراگرافىدا، مۇھەممەت ئىمىن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى يۈرگۈزگەن سىياسەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «جۇڭگولۇقلار ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، تۈركىستاندىكى بارلىق مىل- لەتلەرنىڭ ئىرقىنى دۇنيادىن يوقىتىۋەتمەكچى بولدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلدى ۋە زەھەرلىك ۋاستىلەرنى قوللاندى. بۇنىڭدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۆچمەنلىك قىلىش خاھىشىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى «يۇتۇۋې- لىش» دەپ، «سۇيىقەست، زەھەرلىك ۋاستە قوللاندى» دەپ جېنىنىڭ بارىچە قار- غىغان. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقبالىدىن مەھرۇم قىلىنىشى» دېگەن پاراگرافىدا، مۇھەممەت ئىمىن مۇنداق دېگەن: «لىيۇ جىنتاڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر ئەسكەر، بىر پۈي ئوقمۇ چىقىم قىلماي، يەكەن، خوتەنلەرنى ئىگىلىۋالدى. مۇ- شۇنداق ۋەزىيەتتە، بىچارە مۆبىزىلىك شەرقىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىغا

تۇراپ، مىلادى ۱۸۷۷-يىلى يەنى ھىجرىيە ۱۲۹٤-يىلى ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ رۇزۇشتىلىك ۋە ئۈزىنىڭ قول ئاستىدىكى مەركەزدە ليۇجىنتاڭنىڭ تۇققەندىلىك تاجاۋۇزچى ھەربىي ئادەمنى باقۇپ، ئۆگەي باندىتلىرىنى ئازلاپ شىنجاڭنى يېڭىباشتىن تىنچىتىشىمىز يېقىنقى زاماندا ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىكى زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا «جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلىقى» دەپ ئاتىغان ھەمدە ئا-بىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا «تۈركىستان دۆلىتىنى ئىشغال قىلىش»، «ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بول-غۇزغان خالىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭدىن ئىشغالىدىن «ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولدى» دېگەن. ئەجەبا، شىنجاڭنى تۇققەندىلىك كېلەيمىچى ئۆتىسىز بېسىۋېلىپ، چەت ئەلنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرسا، بۇ ئىستىقبالى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىمۇ؟ مۇشۇ سۆزلەردىن، مۇھەممەت ئىمىن سەلبىي بۆلگۈنچىلەر ئەمەس، بەلكى بىر ۋەتەن ساتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### 6. تارىختىكى توپىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىكنى «ئىنقىلاب» دەپ مەدھىيىلىگەن

مۇھەممەت ئىمىن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىمىز جۇڭگونى ئارقاش سەۋەب بىلەن، مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچىلىكنى جېنىسىگە بىرىچە كۆزگە كۆرۈنۈپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى بىرلىككە قارشى تۇرغان، بۆلگۈنچىلىك قىلغان توپىلاڭلارنىڭ ھەممىسىنى «ئىنقىلاب» دەپ مەدھىيىلىگەن. ئۇ كىتابىنىڭ «شەرقتە قارلۇق دۆلىتى، غەربتە تۈركەش دۆلىتى قۇرۇلۇپ، كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ ئورنىغا كېلىش» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ زۇلۇمى ئاستىدىكى كۆك تۈرك ئوغۇللىرى جاپا - مۇشەققەتلىك تۈرمىلەر، مۇنەۋۋەرلىكنىڭ ئىچىدىنلىق ئىگە- لىكىنى جۇڭگونى ئۇرۇپ يەنى، جۇڭگودىن ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىنى خاسلار ۋە خان- لار جۇڭگونىڭ ئىمپېرىيەلىقىدىن ئاخىرىتى ئاياغلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ھەددىدىن ئاشقان سۇيىقەستلىرىنى قىسمەتلىك سوۋغاتقا قۇرۇلۇش، ئىشتايىن شەرەپلىك دەپ ھېسابلىدى. ئىككى ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە خەلق ئاممىسى تۈزلەرگە ئارازى بولۇپ، جۇڭگولۇقلار زۇلۇمىغا قارشى كۈرەشلەردىن، قوزغىلاڭلاردىن قوزغىلاڭغا ئاتلىنىپ، ئۆز كۈچلىرى ئارقىلىق ئازادلىق كۈرىشى ئۈچۈن، بۇ نەتىجىدە ئىستىقلال ئېلىپ، ئاخىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركلەرنىڭ قوزغىلىشىنى ئاخىرى ئۆزگىرىدىكى ئىنقىلاب ئىنقىلابلىرى بىلەن تۈركەشلەرنىڭ قوزغىلىشىنى دېمەكچى) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، جۇڭگو قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، تۈركلەر ئازاد بولۇپ، كۆك تۈرك دۆلىتى ئىسمىگە كەلدى»، «ئاقىلانە، تۈركلەر تەزكىرىسى» دېگەن ماقالىلاردا ئاساسلانغاندا، ۷۱ ئەسىرنىڭ دەيگى ئاخىرىدا، تۈركلەر تەزكىرىسىدە دېگەن ماقالىلاردا ئاساسلانغاندا، ۷۱ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تۈركەشلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلىسى ئىستىقلالىغا قارشى كۈرەشتە بەيدەبەي ئۆزدۈمەت ئېچىپ تۈركەش خانلىقىنى قۇرغان، تۈزدىكى قاغانلىرى شاگىل، سۇلۇلار تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى تۈرۈن ئەربىسىگە چېگرا رايونىنى قوغدىغان. ۷-۸ ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇر (خۇيخې)، قارلۇق، باسمىل ئۈچ قەبىلە بىرلىشىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان، غەلبە قازانغاندىن

كېيىن باسمىلارنىڭ سەردارىنى قاغان قىلىپ، ئالاھىدە قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان باسمىل خانلىقىنى قۇرغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇپرىقىنى ئۇيغۇر
خانلىقى ئىگىلىگەن. مۇھەممەت ئىمىننىڭ باسمىل خانلىقىنى خاتا ھالدا قارلۇق خانـ
لىقى دەپ ئاتىغانلىقى، ئۇنىڭ تارىخ بىلىمى ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
تۈركەش خانلىقى بىلەن باسمىل خانلىقىنىڭ ھەر ئىككىسى غەربىي تۈركلەر بىلەن
شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى چىقىپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قۇ-
رۇلغان مىللىي ھاكىمىيەتلەر. مۇھەممەت ئىمىن بولسا ئاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى «چوڭ-
كونا» قارشى «ئىنقىلاپ» قىلىپ «تۈركلەرنى ئازاد قىلغان» دېگەن. تارىخنى بۇنداق
ئۆزگەرتىش قەستەن ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇزغۇنچىلىق. مۇھەممەت ئىمىـ
نىڭ تارىخنى باشقىچە خالىغانچە توقۇپ چىقىشتا بولسا، بولۇپمۇ «ئىنقىلاپ»،
«ئازادلىق» دېگەندەك سۆزلەرنى كۆپ ئىشلەتسە، ئۆز كىتابىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى كۆ-
چىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
«قەدىمكى تۈركلەر ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىتى ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن پاراگ-
رافىدا ئاخىرىغا كەلگەندە جۈيلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇزەندە تۈرك ئىمپېرىيىسى
جۇڭگودىن مەغلۇپ بولغان، كۈچى ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگوغا بەيئەت
قىلمىدى، باج - سېلىقمۇ تۆلىمىدى، ئاخىرغىچە ئارسلاندەك كۈرىشىپ شەرەپ بىلەن
قۇربان بولدى. چۈنكى تۈركلەر ئامارەت ئاستىدا ياشاشنى نومۇس دەپ بىلەتتى،
شۇڭا ھەر بىر تۈرك مۇۋات، مىللەت ئۈچۈن جېنىنى ئايىماي شەرەپسىز قۇلغا
كەلتۈرۈشكە رازىكى، شان - شەرىپىنى يوقىتىپ، مەنىسىز ھايات كەچۈرۈشنى خالـ
مايدۇ». 200 يىلدىن ئارتۇق تۈرك تارىخىنى ئىنساپ بىلەن تەتقىق قىلساق، زادى
بۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلىمىز. مۇھەممەت ئىمىن نېمىشقا جۇڭگوغا «ئا-
خىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن» تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنى كۆپەيتىپ چىقىدۇ؟
ئۇنىڭ مەقسىتى — باشقا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى تۈيغۇسىغا ئۈزۈلۈشكە پايدىسىز
ئەھۋالدىمۇ «ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈلگىسى»گە قۇترىتىش. ئەمەلىيەتتە،
مۇھەممەت ئىمىن ئۆزى ئىلگىرىدىن بۇنداق قىلمىغان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى يىمىرىلىشكە باشلىغاندا، ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ يەكەنگە قاچقان؛ خوتەن
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئۆمرىلەن بولغاندا، ئۇ يەنە ئالدىراپ-تېنەپ ھىندىستانغا قاچ-
قان. ھىندىستاندا شان - شەرىپىنى يوقىتىپ مەنىسىز ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا
قارىماي، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈز-
گەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەت ئىمىننىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەد-
دى ئادەم ئالدايدىغان سەپسەتە.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە مىنگونىڭ زامانىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن
توپىلاڭلارنى مۇھەممەت ئىمىن ئېنىقسىز كۆپەيتىپ مەدھىيىلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن:
«بۇ چاغدا قوقەندلىكلەرنى ئۆمەرخان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ
بىر قىسىم زېمىنىنى بېسىۋېلىشقا ئورۇنۇپ، قوقەند شەھىرىدە مۇساپىر بولۇپ تۇرغان
ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى جاھانگىر خوجا باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، ھىجرىيە

232)- بەتلى تەشنەرگە كىرگۈزگەن، جاھانگىر خوجا قوشۇنلىرىغا كەلگەندىن كېيىن دەرھال قەشقەر، يەكەن، ئەردىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچ توپ-لاپ ۋە ئۇلى كۈچەيگەندىن كېيىن، تۇرپانلىق ۋە ئىستېھكاملارنى قولىشىپ باشقا ئىنقىلابىي داھىيلارنى يوقىتىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمى بولغان، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ-نى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدا، بۇ يەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ئولتۇرغان چوڭ كىچىك خوجىلارنى يوقاتقان، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەت-كەن. قوقەند كېيىنچىلىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشنى ئويلاپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى شىنجاڭنى باراكەندە قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۇلارنى كېيىنچە-لىكلىك سوپىسىنى ئۆچۈرۈپ خىزمەت قىلدۇرغان. چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئەۋ-لادلىرىمۇ ئاپتاپ باش كۆتۈرۈپ «قولدىن كەتكەن جەننەت»نى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان. مىلادى 1814- يىلدىن 1826- يىلغىچە توپىلاڭ كۆتۈرگەن جاھانگىر خوجا چوڭ خوجا (بۇرھانىددىن - ت) نىڭ نەۋرىسى ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن ئۇنى «ئىنق-لابىي داھىي» دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ توپىلاڭچى كۈچلىرىنى «ئىنقىلابىي كۈچلەر» دەپ ئاتىغان. مۇھەممەت ئىمىن يەنە شۇ ئاپتاپتا، يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەزمۇن ۋە سۆزلەر بىلەن مىلادى 1830- يىلدىكى يۈسۈپ خوجا (چوڭ خوجىنىڭ نەۋرىسى، جاھانگىر خوجى-نىڭ ئاكىسى) نىڭ توپىلىڭىنى تەسۋىرلەپ، بۇ توپىلاڭنى «2- قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ ئاتىغان، ئارقىدىنلا يەنە ئېنىقسىز كەلگەن مەنبەگە ئاساسلىنىپ، مىلادى 1847- يىلىدىن 1857- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ۋەلىخان (جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى ياۋۇزخاننىڭ ئوغلى) توپىلىڭىنى «3- قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ ئاتىغان. مەندە بۇ يەر ئاپتاپتا «4- قېتىملىق ئىنقىلابتىن 5- قېتىملىق ئىنقىلابقىچە بولغان ۋە بەل جەر-يانىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دەپ ماۋزۇ قويغان، ئاخىرقى بەكۆندە بۇ توپىلاڭلارغا يەنە بىرسى مۇندا دېگەن: شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى چوڭقۇرنىڭ ئىسارەتتىن بەگىچ ئۈزۈلۈپ، دۇنيادىكى ئەركىن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەركىن، ئازاد تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش. ئەمە-لىيەتتە، مەيلى جاھانگىر خوجا بولسۇن، ياكى ۋەلىخان بولسۇن، ئۇلارنىڭ توپىلاڭلى-رىنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنى قايتىدىن زومىگەر بولۇپ، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەتتا مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇنىڭ خوتەندە ھاكىمىيەت تۇرغۇزغاندىكى «ھۆكۈمەت خانى» بولۇش ئۈچۈن ئىدى. مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ توپىلاڭچىلار ئۈچۈن «مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى، ئازادلىقى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىشى «قوي كاللىسىنى ئېسىپ قويۇپ، ئىت گۆشىنى سېتىش»، تېخىمۇ كۆپ نادان كىشىلەرنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىق، خالاس.

### 2. توپىلاڭدا قۇترىتىش ۋە بۆلگۈنچىلىكنىڭ خاتالىقى

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاخىرىدا، مۇھەممەت ئىمىن

شىنجاڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك
ۋەقەسىنى ۋە بۇرژۇئازىيىسىنى چىقىش قىلىپ ئەيىبى چاپلىغىدەك شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي
ئەھۋالىنى بايان بەرگەن. ئۇ بۇ ئابزاس سۆزىگە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى
مەقسىتىدە مۇلاھىزە» دەپ ماۋزۇ قويغان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «بىر
مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئېھتى-
ياجى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسى، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر بىر كىشى تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى، بارلىقىنى قۇربان
قىلىشى لازىم. مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىدىكى بارلىق توسقۇن-
لۇق ۋە قىيىنچىلىقلارنى پاچاق يوقىتىش، يېڭىش كېرەك. بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ،
كۈچنى توپلاپ، سىرتقى كۈچنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئارىلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. شۇن-
داق قىلغاندىلا، ئاندىن مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلاپ
قېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بارلىق كۈرەشلەردە غەلىبە قازانغىلى،
سىرتقى كۈچنىڭ بېسىمىنى چەكلىگىلى بولىدۇ. بۇ ھەر بىر كىشىنىڭ مۇقەددەس ئۇ-
لۇغ ۋەزىپىسى. لېكىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ ۋەزىپىنى تونۇۋالغاندا تىرىشچانلىق
كۆرسىتەمدۇ؟ بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بەرگەن جاۋابىمىز مۇنداق: شەرقىي تۈركىستان-
لىقلار ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى تېخى تونۇپ يەتمىدى. ئىلگىرى ئاز ساندىكى
كىشىلەر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشىپ
كۈرەش قىلىشقا كۆڭۈلدە ناھايىتى قىزغىن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھەرىكەت
قىلمىدى.» مۇھەممەت ئىمىن بۇ يەردە ھەر بىر «شەرقىي تۈركىستان خەل-
قى»نى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈ-
چۈن «بىردەك ئىتتىپاقلىشىش» ۋا «كۈچنى توپلاپ كۈرەش قىلىش»قا كۈچىنىڭ
بارىچە قۇتراتقان. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «شەرقىي تۈركىستان خەل-
قىدە بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپ
يىللاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ سىياسىتىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا يېتىپ قەپەستە قالغان-
لىقى ئاساسىي سەۋەب بولغان. بۇنىڭدا ئۇلار دۆلەت دېگەن كۆز قاراشتىن، مىللىي
ئاڭدىن ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، مىللىي روھنى ئۇرغۇتال-
مايلا قالماستىن، پەقەتلا دۆلەت، مىللەت، دىن ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىش
قەدىرىيتىنى يوقىتىپ قويغان.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن «شەرقىي تۈركىستان
خەلقى»دىن دۆلەت قارىشى، مىللىي ئاڭ ۋە دىنىي ئېتىقادىنى «كۈچەيتىش»نى
تەلەپ قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئىدىيىۋى ھازىرلىق كۆرگەن. ئاخىرىدا
ئۇ مۇنداق دېگەن: «دېمەك، بۇ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتەلىگەن مىللەت پۈتۈن مىللەتنىڭ ھايا-
تىنى ئەمىن ئېتىش ۋە تەرەققىي قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئازراقلا بېسىمغا ئۇچرىسا مىل-
لەتنى كۆزلەيدىغان ھەرىكەتتىن ۋاز كېچىپ، دۈشمەن بىلەن مادارا قىلىدىغان
خەلقتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىش روھى بارمۇ؟ بىلمەيمىزكى، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز-
ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر دەۋالغان ئۇرغۇن كىشىلەر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا
شۇنداق دەيدۇ، ئەمەلىي ھەرىكىتى يوق؛ ھەقىقىي تۈردە دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن

قۇربان بولۇشتىن ئايانماي كۈرەش قىلدىمانلار، ماناقىلىنلا! ماناقىلىنلا كىشى بىلەن مەقسەتكە يېتىش قېنى.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن «ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر-لەر»نى بۆلگۈنچىلىك مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىشقا قۇترىتقان.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ يازغانلىرى سىزلەرنى تولىمۇ قاتتىق قۇترىتىش ۋە بۆل-گۈنچىلىك خىتابنامىسى، ئۇنىڭ قۇترىتىشى ۋە ئاپتونومىيە كۈچى كۈنسايىن كۈچىيىپ دېيىشكە بولىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى تورمۇشىدىكى قارشى ئاڭچە كۈچلۈك بولمىغان كىشىلەر، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەنلەر، سىياسىي جەھەتتە گۆدەك، تۇرمۇشتا تەجرىبىسىز ئاز ساندىكى ياش - ئۆسمۈرلەر ئۇنىڭغا ئاسانلا ئوڭايلا ئالدىنىپ قالىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ كۆچۈرۈلمىسى «ئۇيغۇرلار»

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ قەبىھلىكىدىن تېخىمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، زەھىرى كەڭ تارقالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلۇغ مىللىي سىياسەتلەر توغرا ئىجرا قىلىنىپ مىللىي ئاپتونومىيە ئەمەلگە ئېشىپ، شىنجاڭ ھەر قايسى مىللەتلەر باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق راۋاجلىنىش داغدام يولىغا ماڭدى.

لېكىن، ئۇنى كۆرەلمەيدىغان، چەت ئەللەردىكى كۆزلىگەن كۈچلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك، ھەممىدىن ئىچىدە سىنىپىي كۈرەش تۈگەپ كەتكىنى يوق. شىنجاڭدا ئاز بەرلىك مىللەتچىلىك كەيپىياتى ئاز ساندىكى كىشىلەردىلا ئىدىيەسىدە چېكىنمەي ساقلانماقتا. ئايرىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر قارا نىيەت بىلەن - يوچقاقلاردا بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭغا ئاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى، بولۇپمۇ بىر قىسىم ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى، ئىدىيە كەينىدىن بولار شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئاز بەرلىك مىللەتچىلىك كەيپىياتى بىر ئاز ئۆسۈپ قالدى. ئايرىم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قۇترىتىشى كىرىشتى، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ چوڭقۇر تەسىرى يېڭىباشتىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى، تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابى مانا مۇشۇنداق سىياسىي ھۆكۈمەت ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب ئەمەلىيەتتە «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ كۆچۈرۈلمىسى، ئۇنىڭ بىردىن - بىر ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مۇھەممەت ئىمىن «پانتۈركىزم» نى كۈچىكە كۆتەرگەن، ئۇنىڭ چەت ئەللەردىكى دۈش-

مەن كۆچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى قويۇق ئىدى؛ تۇرغۇن ئالماس بولسا «بۈيۈك ئۇيغۇرىيەم» نى كۆككە كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىش جەھەتتە شىنجاڭغا بىۋاسىتە، ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسەتتى.

تۇرغۇن ئالماس ئۆزىنىڭ ناتوغرا ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىنى جىنىنىڭ بارىچە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كىتابىدا قايتا - قايتا، ئۇيغۇرلار «ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى»، «شەرقىي ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبتا «ھىمالايا تاغلىرىغىچە» بولغان «ئوتتۇرا ئاسىيا»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مەشھۇر ئالتۇن بۆشۈكىنىڭ بىرى» دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ كىتابىدا يەنە ئۇچىنچى تۈردە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلۈك ئوغۇز ئىمپېرىيىسى - ئۆزلۈك ھون ئەۋرىشقۇلىرىدىن تارتىپ، ئەنئەنە ھالىتىغىچە بولغان 11 ئۆزلۈك ياۋروپا - ئاسىيا دۆلىتىنى قۇرغان، دېگەن. ئۇ ئارقىلىق بىر قىسىم مىللىي ئونسۇرلار كىچىكلىك كىشىلەردە چوڭچىلىق سەۋداسىنى قوزغىتىشقا ئۇرۇنغان، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ يەرلىكىنى تەبە دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەسەبىيلىكى مەككار دەپ؛ ياۋايى دېگەن تەقدىردىمۇ قالاق دەپ، شۇ ئارقىلىق مىللەتلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان. تۇرغۇن ئالماس مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ساك، ھون، ئۇيسۇن، ياۋچى، سىيانپى جۇرجان، تۈركىي ھاۋتالىلار، ئۇرۇق قاتارلىق جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار دەۋىلىپ، شۇ ئارقىلىق بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، بۇ مىللەتلەر ياشىغان جايلارنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنى قىلىۋالغان. تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا يەنە «مۇستەقىللىق» نى كۆككە كۆتۈرۈپ، «بۆلگۈنچىلىك» نى تەرغىب قىلغان. ئۇ ئۆزلۈك ۋەتىنىمىز «جۇڭگو» نىڭ چېگرىسىنى سەددىچىن سېپىلى دەپ، قەدىمكى تارىختىن ئەمەلىيەتكە قاچە پەسەنت قىلماي، سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ ئاتىغان. ھەتتا ئۇلار بىلەن «جۇڭگو» نى ئارىمۇ - قارشى قىلىپ قويغان. شۇڭا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا «مۇستەقىل» دېگەن سۆز «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دىنمۇ كۆپ چىقىدۇ. «جۇڭگو» بىلەن باشقا «يەرلىك مىللىي ھاكىمىيەت» لەرگە نىسبەتەن، تۇرغۇن ئالماسنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئەزىپ - ئەپرىشنى ئېنىق دېيىشكە بولىدۇ: ئۇ «جۇڭگو» نى تىلغا ئالسىلا ئىختىيارسىز ھالدا «مەككار»، «ۋاپاسىز»، «رەزىل»، «قالاق» دېگەندەك سەلبىي سۆزلەرنى ئىشلەتكەن؛ باشقا مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت-

لىرى» (ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتلەر) نى تىلغا ئالسىلا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا «مۇستەقىل»، «قۇدرەتلىك»، «پارلاق»، «مەدەنىيەتلىك» دېگەندەك ئىجابىي سۆزلەرنى ئىشلەتكەن، ئۇ ھەتتا ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخنى كۆرمەي بىردەملىك ۋەقەلىكنى كۆرۈپ، «جۇڭگو»، «ھونلارغا، تۈركلەرگە ۋە ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ۋەتىنىمىز بىرلىكى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بەن چاۋغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى «ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئۆز ئارا زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، كۆپلەپ خان ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولدى» دەپ ھاقارەتلىگەن. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەن، ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى قوغدىغان ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان مۇنەۋۋەر تارىخىي شەخسلەر، ئالايلۇق، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نوغۇزشار تەگرىقۇت، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاشىنا مۇنىس، ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى مۇزمۇزد قاتارلىقلارغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىنى «خائىنلار» دەپ ئاتىغان؛ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە قارشى چىققان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان مۇناپىقلارنى، ئالايلۇق، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كۆرشاد، تولۇپ تاشقان، ھاياجانلىق كەيپىيات ئىچىدە «شىر يۈرەك قەھرىمان» دەپ مەدھىيىلىگەن. ھەتتا رەزىللىك ھالدا مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ نامى خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا كۈرەشكە ۋە كۈرەشچانلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالدى ۋە ئالقىشلاندى». بۇ يەردە بىز شۇنى سوراپ باقايلى، كىملەر «خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا كۈرەش»كە؟ كىملەر «خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا كۈرەشۋاتىدۇ»؟ قانداق «خەلق» مىللىتىمىزدە «مۇستەقىللىق» ۋە «ئازادلىق»نى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ «خەلق» كىمدىن «مۇستەقىللىق» ۋە «ئازادلىق» تەلەپ قىلىدۇ؟ تۇرغۇن ئالماس زادى ئالدىدا بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە پېتىنالامدۇ؟

ئامېرىكا ئالىمى، ئامېرىكا قايسىز ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتىپىدىكى يېتەكچى ئۆجۈن، تۇرغۇن ئالماس مۇھەممەت ئىمىنگە ئوخشاش، تارىخنى ئۇيدۇرۇپ چىقىش، تارىخنى ئۆزگەرتىش، تارىخنى بۇرمىلاشتەك ۋاسىتىلارنى قوللانغان. ئالايلۇق؛ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدىلىشىشى تارىختا مىللەت ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە پايدىلىق ئىش بولۇپ، ماختىشىمىز ۋە مەدھىيىلىشىمىزگە تېگىشلىك، ۋەھالەنكى، تۇرغۇن ئالماس ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ چوڭ جىنايەت ئارتقان: (1) تاڭ سۇلالىسى تامامەن ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن؛ (2) مەلىكە ئەۋەتىپ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان؛ (3) مەلىكىدىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ۋارىسلىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى كۆزلىگەن. ئۇ ھەتتا

ھەرەزلىك ھالدا تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران گۇ-
رۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى «ئۇيغۇر قاغانلىرى تارىخى تەجرىبىلە-
رىدىن ساۋاق ئېلىپ جۇڭگو مەلىكىلىرىنىڭ يۇرۇقىچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن
ساقلانغان بولسا كېرەك. مەسىلەن، مىلادىنىڭ 779- يىلى تون باغا تارقان
بوگۇخاننى ئۆلتۈرگەندە، ئۇنىڭ جۇڭگولۇق مەلىكىسى شاۋنىڭگۇدىن تۇغۇل-
غان ئىككى بالىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. ئۇ بۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە
ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق دەۋاسى قىلىشىنى ئەنسىرىگەن بو-
لۇشى مۇمكىن.» دېگەن. تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئۇ «نوپۇسنى ئىز-
گىلەش، سۈپەتلىك ئۇرۇق سۈپەتلىك تەرەققىيات» تىكى ھامىلدارلىقتىن
ساقلىنىش تۈزۈمى ئارقىلىق تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىپ مۇنداق دېگەن:
«ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق بولغان مەلىكە شىرەتتىن، مەلىكە تەرەپلەر
ئۇيغۇر قاغانلىرىدىن بالا تۇغمىغان. ئېھتىمال قاغانلار بالا بولماسلىقنىڭ
ئامالىنى قىلغان بولسا كېرەك.»

ئەمەلىي مەيدان ۋە يۆنىلىش جەھەتتىن بولسۇن، ياكى نۇقتىئىنەزەر
ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن بولسۇن، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» بىلەن «ئۇيغۇر-
لار» بىر ئاۋۇتنىڭ بىر ماڭدۇقىدا قېچىلاتقان مايلىرى. تېخىمۇ ئېنىقراق
ئېيتقاندا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دىكى
نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئاز تولا ئۆزگەرتىپلا بىۋاستە كۆچۈرۈۋالغان. بۇ ئىككى
كىتابنى ئەسلىمىدىل سېلىشتۇرساق، بۇنداق ئابزاسلار كەم دېگەندە 50 نەچ-
چە يەردە ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە ئۈچ مىسال كۆرسىتىمىز:

1. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «شەرقىي تۈر-
كىستان ۋە غەربىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىۋاتقان جايلار تۈركلەرنىڭ ۋەتى-
نى.» («تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ)

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەنە شۇ ئۇرۇق تېپى-
شى كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا يۇرتى - ئوتتۇرا ئاسىيا.» («ئۇيغۇرلار ئا-
تا يۇرتى ھەققىدە» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ)

2. «شەرقىي تۈركىستان» دا مۇنداق دېيىلگەن: «شەرقىي تۈركىستان-
دىن تېپىلغان بۇ زېمىن ئاھالىسى دۇر ئەسەبىيەتلىك ئۇلكە، ئۇزاق تارىخقا
ئىگە ئۇلكە. تۈركلەرنىڭ زېمىنى ۋە ئانا ماكانى ۋە بەلكى دۇنيا بويىچە
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى.» («كىرىش سۆز» گە قاراڭ.)

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ
قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولۇپ قالماستىن، بەل-
كى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مەشھۇر ئالتۇن بۆشۈكىنىڭ بى-
رىدۇر.» («ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ھەققىدە» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ.)

3. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن (ئالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن دېمەكچى) مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەريان-

دا جۇڭگو شەرقىي تۈركىستانغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلالمىدى.» («شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۆزىنىڭ مىڭ يىللىقچە جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇشى» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن.)

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «جۇڭگو مىلادىنىڭ 750- يىلى تالاس ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى مىلادىنىڭ 1757- يىلىغىچە بولغان مەزگىللىچە (1000 يىل) ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاساسەن تەسىر كۆرسىتەلمىدى.» («ئۆكتەلۋاھ ئىسيانى» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن.)

## 9. زەھەر ۋە زىيىنى

بۇرژۇئازىيىچە تۈركىستانشۇناسلىق ئىدىيىسى نېمىسى ئەدەپ كەتكەن ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتاب كۆپەيتىپ بېسىلىپ يوشۇرۇن شەكىلدە تارقىلىپ كەتتى. كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇش چېكىدىن بولغان ئالدىنقى ئىككى يىلدا، تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابلىرى شۇنچە تېزلىكتە كۆپىيىپ نەشر قىلىندى، بۇنداق ھادىسىلەرگە ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمىز.

شەك شۈبھىسىزكى، 1990- يىلى 2- ئاينىڭ 5- كۈنى يۈز بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئورگانلىرىنى ئورۇپ چېقىش ۋەقەسى، 1990- يىلى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ھەممىسى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ زەھىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابى بولسا ۋەقەنى قوزغاشتا رولىنى ئوينىدى.

# «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى تارىختىكى بىر قانچە ھالقىلىق مەسىلە توغرىسىدىكى سەپسەتىسىگە رەددىيە

خۇۋەن

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989- يىلى 10- ئايدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

## «ئۇيغۇرلار» 8 مىڭ يىل بۇرۇن تارىختا پەيدا بولغان دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

كىتابنىڭ بېشىدا ئاپتور مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى ئارقىلىق چىقارغان توغرا خۇلاسىگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئاسىيانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي بۆلىكى بولغان تارىم ۋادىسىدا ياشايدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئالتاي ئارقىلىق كۆچۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا كەتكەن. مىلادى 1949- يىلى موڭغۇلىيەدىن شىنجاڭغا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار بولسا بۇنىڭدىن 3000 مىڭ يىللار بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىن موڭغۇلىيىگە ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا كۆچكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادى ئىدى.»

بۇ يەردە ئاپتوردىن سوراپ بېقىشقا تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بار. بىرىنچىسى، بۇنىڭدىن 3000 مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاپتورنىڭ لوگىكىسى بويىچە كونكرېت كۆرسىتىلگىنى «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي بۆلىكى بولغان تارىم ۋادىسى») نىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن، دېيىلگەن. بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ نەزەرىيە ئاساسى نېمە؟ گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئارقىلىق چىقارغان ئىلمىي خۇلاسىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى قەيەردە؟ ئىككىنچىسى، قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئال-

تاي تاغلىرى ئارقىلىق ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاساسى بارمۇ؟ ھۆججەتشۇناسلىق ئارخېئولوگىيە، يەنى سۈپەتنى تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسى قايسىلار؟ ئۈچىنچىسى، مىلادى 840- يىلى موڭغۇلىيەدىن شىنجاڭغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى بۇندىن 8000 يىل ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدىن موڭغۇلىيە ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا كەتكەن مىلىتى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى، دەپ قاراشنىڭ ئاساسى قەيەردە؟ كۆچۈرۈشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى نېمە؟

بىرىنچى مەسىلە توغرىسىدا، مەن گەرچە گېئولوگ بولمىسامۇ، ئەمما شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللاندىم. 1983- يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 3- ئەترىتى يەنى جەنۇبىي شىنجاڭ تەتقىقات ئەترىتىنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتىگەن. 1989- يىلى خىزمىتىم ئالمىشىپ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسامۇ، لېكىن خىزمىتىم يەنىلا ئارخېئولوگىيە ئوقۇتۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. ئىلگىرىكى ئىشىم مۇشۇ ئىش بىلەن چەكلىنىش بولسىمۇ ئەمما مەن ئۆزەمدىن ئوتتۇرا ئاسىيا (تارىم ۋادىسى) دا بۇندىن 8000 يىل ئىلگىرى قۇرغاقچىلىق بولغانلىقنى ئاڭلىمىغان ۋە بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى كۆرمىگەن.

مەن كۆرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بىرى - بېيجىڭ ئىلىم - پەن نەشرىياتى نەشر قىلغان جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ تۇپرىقىنىڭ لوپنور كۆلىنى ئۆزگىرىش ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تۈزگەن «لوپنور كۆلى، ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «تەكشۈرۈش، تەتقىقات» دەپ ئېلىندى) دېگەن كىتابنىڭ بىر خەۋەر بولۇپ، بۇ ھەقتە «تارىم ئويمانلىقىنىڭ قۇرغاق كېلىماتى، تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان، 3- دەۋرنىڭ ئاخىرى ۋە 4- دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ گېئولوگىيە دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر» دېيىلگەن (يۇقىرىقى كىتاب 13- بەت) بۇ 3- دەۋرنىڭ ئاخىرى ۋە 4- دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى قايسى يىللارغا توغرا كېلىدۇ؟ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، «جۇڭگونىڭ قۇرغاق رايونلىرىنىڭ كېلىماتى» دېگەن كىتابتىكى «قۇرغاق كېلىمات ۋە چۆللىشىش يىل جەدۋىلى» (ئىلىم - پەن نەشرىياتى گېئو كۆپەيتىلگەن، 1986- يىل 1- قېتىم نەشرى) دە تەخمىنەن بۇندىن 2 مىليون 500 مىڭ يىل بۇرۇن، دېيىلگەن. «تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات» تا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «3- دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (بۇندىن تەخمىنەن 70 مىليون يىل ئىلگىرى) دۇنيادىكى باشقا ئۇزۇن رايونلارغا ئوخشاش كېلىماتى سەھرا خاراكتېرلىك شامال سىستېمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، 3- دەۋرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كۈچلۈك يەر يۈزى ھەرىكىتى يۈز بەرگەن، قەدىمكى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ يوقۇلۇشىغا ئەگىشىپ ياۋروپا، ئاسىيا ماتېرىكى تۇتۇشۇپ كەتكەن، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز - ئوكيانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىسسىقلىق كۈچ تەسىرىنىڭ پەرقى ئۆزگەرگەندىن، دەسلەپكى قەدەمدە شەرقىي ئاسىيا موسسۇن شامال تىپلانما ئېقىمى شەكىللەنگەن. ئەمما ئەينى

چاغدا چەرچەن - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى پىلاتونىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى دېڭىز يۈ-
زىدىن ئېگىزلىكى ئۇزۇن بولۇپ، پەقەت 1000 مېتر ئەتراپىدا بولغاچقا، سەييارە
خاراكتېرلىك شامال سىستېمىسى ئايلانما ئېقىم سىستېمىسىغا زور تەسىر كۆرسىتەل-
مەيتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ چاغدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ كلىماتى نىسبىي ھالدا چوڭ
خېلى نەم ئىدى. پىلوتسېن دەۋرىنىڭ ئاخىرى پلېيستوتسېن دەۋرىنىڭ باشلىرىغا
كەلگەندە (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3 مىليون 300 مىڭ يىل بۇرۇن)، يەنە بىر قېتىم
كۈچلۈك يەر پوستى ھەرىكىتى يۈز بېرىپ، چەرچەن - شىزاڭ ئېگىزلىكى زور دەرى-
جىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىليون 500 مىڭ كۋادرات
كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن كۆپرەك. كەڭلىكى
700 دىن 1200 كىلومېتىرغىچە يەتكەن. ئۇنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى يالغۇز يەر شا-
رىنىڭ گېئو - مورفولوگىيىگىلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپا - ئاسىيا ماتېرىكى بويلۇقىدىكى
تارىم ئويمانلىقىنىڭ كلىماتىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھىندى ئوكياندىن
كېلىدىغان غەربىي - جەنۇب موسسۇن شامالىرىنىڭ ھەرىكەت ئېگىزلىكى پەقەت 3500
مېتىرلا بولغاچقا، چەرچەن - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىغا
كىرىشى ئىنتايىن تەس بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرق، غەربى
ئىككى تەرىپى ھەمدە شىمالىي تەرىپىنى ئېگىز تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تۇرغاچقا، تىنچ
ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ نەم ھاۋا ئېقىملىرىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ. شۇ-
ڭا ئويمانلىق ئىچىدە يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى تەس. بۇنىڭ ئەكسىچە، قىش
پەسلى، سىبىرىيە - موڭغۇلىيىنىڭ سوغۇق يۇقىرى ھاۋا بېسىمىنىڭ كونتروللۇقىدا بو-
لىدۇ. شۇڭلاشقا كلىماتى پەۋقۇلئاددە قۇرغاق بولىدۇ. ھەۋەر قىلىنىشىچە، غەربىي
جەنۇب موسسۇن شامالىرىنىڭ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىرىدىغان تاغ ئېغىزى بول-
غىنى، يە دەۋر - مۇز دەۋرى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1 مىليون يىل ئىلگىرى) دىن بۇ-
رۇنلا ئاللىقاچان توسۇۋېتىلگەچكە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ قۇرغاق كلىماتى پلېيستو-
سېننىڭ ئاخىرى پلېيستوتسېن دەۋرىنىڭ بېشى (يەنى 3- دەۋرنىڭ ئاخىرى ۋە 4-
- دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى) دىلا شەكىللەنگەن. ئىزدىنىش تەكشۈرۈش ئەتر-
تى 1930- يىلى 3- ئايدىن 1931- يىلى 5- ئايغىچە ئىلگىرى - كېيىن 3 قېتىم لوپ-
نۇرغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىق ئالىم يېڭ
جىيادۇڭ يەدىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ۋە
قەتئىي يار، يۈزى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتكەن، ئۇ يەردە شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بول-
غاچقا، بۇ ئىشنى خەۋىرى بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن ئاخىرى «تەكشۈرۈش ۋە تەتقى-
قات» دېگەن كىتاب 1937- يىلى 9- ئايدا نەشر قىلىنغان. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كى-
تاب بولسا 1983- يىلى 5- ئايدا نەشر قىلىنغان، تۇرغۇن ئالماس ئۆزىنىڭ كىتا-
بىنى يېزىش جەريانىدا يۇقىرىقى كىتابنىڭ بارلىقىنى بىلمەمدىكىن؟
مەن كۆرگەن يەنە بىر نەتىجە، بېيجىڭ ئىلىم - پەن نەشرىياتى 1985- يىلى
2- ئايدا نەشر قىلغان، جاۋسۇڭچياۋنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى
قۇرغاق رايونلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابتىكى دۆلىتىمىزنىڭ قۇملۇق،

چۆل رايونلىرىدىكى قۇرغاق كىلىماتنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدىكى باھالار بولۇپ، بۇ كىتابتا «دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي - شىمال رايونلىرىدىكى قۇرغاق ھاۋا كىلىماتى بىر دەۋردىن، دەسلەپكى 3- دەۋر (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 25 مىليون يىلدىن 70 مىليون يىل بۇرۇن) مەزگىلىدىلا دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن»، «ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى كىلىماتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەمدە كەڭ غەربىي - شىمال، شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىنىڭ قۇرغاقلىشىشى، ھىمالايا تېغىنىڭ ئۆرلىشى ھەركىتىدىن كېيىن باشلانغان، كېيىنكى 3- دەۋر (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 25 — 2 مىليون يىل بۇرۇن) دە دۆلىتىمىزنىڭ بارلىق قۇرۇقلۇقلىرىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ بىرلىشىشى، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتنى كۈچەيتكەن، ھەمدە مۇسسۇن شامال ئايلانما ئېقىم سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىلىرى كۆپ يامغۇرلۇق، غەربىي - شىمال رايونلىرى بولسا ئىنتايىن قۇرغاق بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن» دېيىلگەن. يەنە: «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىزاڭنى تۈركۈملەپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى ...... 3- دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى مەركەز قىلىنغان كەڭ رايونلار جىددىي يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئوتتۇرا پلېستوتسېن دەۋردە (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1 مىليون يىل بۇرۇن)، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3000 مېترغا يەتكەن. ئېگىزلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئورمان قالمىغان. ئەسلىدىكى قىش پەسلى ئاجىز يۇقىرى بېسىم كۈچەيگەن. ئۇنىڭ مەركىزى شىمالغا يەنى شىمالىي كەڭلىك گرادۇسى 40 قا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى چارقىلىق ئەتراپلىرىغا يۆتكەلگەن. بۇ غەربىي - شىمال رايونلىرىنىڭ قۇرغاقلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، تارىم - سەيدام ئويمانلىقلىرىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرى تەدرىجىي كىچىكلەپ ياكى قۇرۇپ كەتكەن. تەكلىماكان ھەمدە باشقا قۇملۇقلارنىڭ دائىرىسى بۇ مەزگىلدە زور دەرىجىدە كېڭىيىپ كەتكەن». (يۇقىرىقى، كىتاب ۋە بەت) دېيىلگەن. دېمەك، دۆلىتىمىزنىڭ قۇملۇق، چۆللۈك رايونلىرىنىڭ (تارىم ئويمانلىقىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) قۇرغاق كىلىماتى 3- دەۋرنىڭ ئاخىرى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 25 - 2 مىليون يىل بۇرۇن) ئاللىقاچان شەكىللىنىپ، ئوتتۇرا پلېستوتسېن دەۋرىگە (بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر مىليون يىل بۇرۇن) كەلگەندە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيگەن.

مەن كۆرگەن يەنە بىر نەتىجە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى مەسىلە. يەنى 1981- يىلى 3- ئايدا بېيجىڭ ئىلىم - پەن نەشرىياتى نەشر قىلغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ قۇملۇق تەتقىقات ئورنى ۋە بېيجىڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى جۇ جېنداغ، چېن جىزچىڭ قاتارلىقلار يازغان «تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قۇم - بورانلىق يەر شەكلى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن كىتاب بولۇپ، كىتابتا: «گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچىدىكى) تەڭ ئالىي تېرراسا بىلەن پالېئوگېئوسىيان چۆكۈندىلەر، $N_2+Q_1$ يەر قاتلاملىرىدىن

تەشكىل تاپقان بولۇپ، شۇبھىسىزكى، ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ دەسلەپكى پلېيستوتسې-
ـن دەۋرىگە تەۋە بولىدۇ» دېيىلگەن. (يىلنامىنى كىتاب 5- بەت)، 80 يىللاردا كېيىنكى گېئو-
لوگىيە ئىلمىدا 3- دەۋر پلېيستوتسېننىڭ بەلگىسى، 50 يىللار 4- دەۋر دەسلەپكى پلېيس-
توتسېننىڭ ۋەكىللىك بەلگىسى. دەسلەپكى پلېيستوتسېن دەۋرى بۈگۈندىن تەخمىنەن
3 مىليون 500 مىڭ يىل بۇرۇنقى مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. بۇ كىتابتا يەنە: «شىنـ
جاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ھەمدە B. M. ئىنستىتۇتى M3 مۇززابىۋىنىڭ ماتېرىياللىـ
رىغا ئاساسلانغاندا، تۈلەرنىڭ ھەممىسى (تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەكىللىنىشى) ئوتتۇ-
را پلېيستوتسېن دەۋرىدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ تىنىشىدىن بولغان، ئۇ ئوتتۇرا پلېيس-
توتسېن دەۋرىدىكى قۇملۇقنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك»
دەپ يېزىلغان (يىلنامىنى كىتاب 5- بەتكە قاراڭ). ئوتتۇرا پلېيستوتسېن دەۋرىدە
ھازىرقىدىن تەخمىنەن بىر مىليون يىل ئىلگىرى تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقى كەڭ كۆ-
لەمدە تەرەققىي قىلغان، چوڭ قۇملۇقنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىشىنىڭ بىۋاسىتە
سەۋەبى، ئەلۋەتتە قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىدىن ئىبارەت. چۈنكى «قۇملۇقلار قۇرغاق
كىلىماتنىڭ مەھسۇلى» («جۇڭگو تەبىئىي جۇغراپىيەسى، تارىخ تەبىئىي جۇغراپىيە-
سى» دېگەن ئەسەردە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى «جۇڭگو تەبىئىي جۇغراپىيەسى»
تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن، بېيجىڭ ئىلىم - پەن نەشرىياتى 1982- يىلى 1- ئاي نە-
شرى، 249- بەت) قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغا-
نىدەك بولۇپ، بۇنىڭ بەزمىسى 3- دەۋرنىڭ ئاخىرى ۋە 4- دەۋرنىڭ باشلىرى
(بۈگۈندىن تەخمىنەن 3 مىليون 500 مىڭ يىل بۇرۇن) دىن ئىلگىرى كىرمەيدۇ.

ئەندى ھازىرقى مەسىلە ناھايىتى روشەن بولدى. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈل-
گەن، ئاشكارە ئېلان قىلىنغان ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن
كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئاتالمىش «تەخمىنەن بۈگۈندىن 6000 يىل بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسـ
يا (ئاساسلىقى تارىم ۋادىسىنىڭ) تەبىئىي مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، قۇرغاقچى-
لىق پەيدا بولغان» دېگەن بايانى مۇزى بىلەن قانچىلىك ئوخشاشلىقى بار. «ئۇيغۇر-
لار»نىڭ ئاپتورى يەنە ئۆزىنىڭ بۇ كېيىنكى چىرايلىق نام قويۇپ «توغرا مۇكەممەل»
دەۋالغان، ھەمدە بۇنى «گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى» غا زورلاپ تاڭغان.
بۇ ئالىملارغا ھەقىقەتەن ئاچا ئىلىم - پەن ساھەلىرى كەمچىل كىتابخانلارنى
ئالدىغانلىق.

ئىككىنچى مەسىلە توغرىسىدا، مەن ئەدىمكى مۇنجەملەردىن 6000 يىل بۇرۇن
ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرغاقچىلىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ
بىر بۆلىكى ئاسىيانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشەن-
چلىك دەلىل تاپالمىدىم؛ شۇنداقلا ئەينى چاغدا تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئانا ئاغىلىرى ئەرقىلىق يوقىلىپ ۋە ياۋايى گۈللى
ئەتراپلىرىغا كۆچكەنلىكىنىمۇ ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئەدىمكى ئارخېئولوگىيە ئىلمىدىكى ئالـ
ماسلارنىمۇ مەن ئەزەلدىن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانىمەن. 6000 يىل بۇرۇنقى
ئەدىمى ئۇيغۇرلار قانداق ئىدى؟ ئايىسى مەدەنىيەتكە تەۋە؟ ئارخېئولوگىيىلىك ئالا-

مەدەنىيىتى قانداق ئىدى؟ «مۇزېيلار» ناملىق ئاپتورى يوللارغا قىيىنىق بىر نەسىھە دەپ
قەدىمكى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار دىڭلىڭ - دىلى، تېلى دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلى تۈركىي شەكلىنى تېپىش ھەققىدە خېلى كۆپ ئىزدەنگەن. دىلى، دىڭلىڭ دېگەن سۆزلەر «تېرەك» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى خەنزۇ ئاۋاز تەرجىمىسى بولسا كېرەك دېگەن پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، «تېلى» بولۇشى ، دېگەن تۈركىي قەبىلە ئىسمى بولسا كېرەك دېگەن پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن چىن جۇڭگوسىمەن ئەپەندى ، تېلىنى ئەمەس، بەلكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى 突利失 نى ياندۇرىدۇ دەيدۇ.

مۇن تارىخى ئاپتورى، ياماشدىن ئۆگىنىۋاتقاندەك، تېلى دېگەن سۆزنى «تېرەك» بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغان، لېكىن بۇ پىكىر تولۇق يازما ھۆججەتلەر (قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى) ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن ئالىملار بۇ ئىسىملارنى يەنىلا دىڭلىڭ، تېلى، دىلى شەكلىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(2) تابغاچ دېگەن ئاتالغۇ مەسىلىسى. ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئىشلىتىلگەن «تابغاچ» سۆزى ئوتتۇرا جۇڭگوغا ياكى خەنزۇلارغا قارىتىلغان بولۇشىدا شەك يوق.

قەدىمكى تۈركلەر تىلى مۇتەخەسسىسلىرىدىن گابايىن خانىم، كولونوف، باسكا-

كىرۇلار بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، توبا (قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى ...)
دېگەن قەبىلە نامىدىن كەلگەن دەيدۇ. مىلادى 386 – 534 - يىللاردا شىمالىي جۇڭگو-
دا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋېي سۇلالىسىنى شۇ قەبىلە قۇرغان. شۇ توبالارنى
بىلدۈرىدىغان تابغاچ ئىسمى، كېيىن ئومۇمەن خەنزۇلارنى ۋە كېيىن پۈتكۈل جۇڭگونى
كۆرسىتىدىغان بولۇپ كەتكەن. ھەتتا كىتانلارنى بىلدۈرىدىغان خىتاي ئىسمى
كېيىن ئومۇمەن خەنزۇلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ كەتكەنىدەك.

ئىلمىي پاكىتلار مۇشۇنداق تۇرسا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب ئاپتورى
تابغاچ سۆزىنى تابغەچ دېگەن ئەرەب ئاتالغۇ سۆزىدىن كەلگەن دېگەن بىر
خاتا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ چىققان. (393 - بەت)

تۇرغۇن - يەنىسەي ئابىدىلىرى دەۋرىدىكى قەدىمكى تۈركىي تىلدا ئەرەبچە
سۆزلەر يوقلۇقى ھەممىگە ئايان. شۇڭا ئاپتورنىڭ بۇ سۆزنى ئەرەبچە تابغەچ دې-
گەن يېزىلىشقا باغلاپ قويغىنى تىل تارىخىغا پۈتۈنلەي زىت.

ئىككىنچىدىن، قاراخانىلاردا چوڭ خانلار «ئارسلانخان»، كىچىك خانلار
«بۇغراخان» دېيىلىدىغانلىقىنى قاراخانىلار تارىخى مۇتەخەسسىسى بىر ئىنسان ئە-
رىپىدىن ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەت. شۇڭا قاراخانىلاردا بۇ سۆزنىڭ ھېچ خانلار
«تابغاچ خان»، چوڭ خانلار بۇغراخان دېيىلىدۇ دېگەن سۆزلەرنى ئىسپاتلىغىلى
ئاساسسىز، چۈنكى قاراخانىلارنىڭ خانلىرى ئىچىدە چوڭ خانلارنىڭ «تابغاچ بۇغرا-
خان» ئۇنۋانىنى ئىشلەتكەنلەر بار.

كۆپچىلىك تىلشۇناس ۋە تارىخ ئالىملىرى ئۇ ھەقتىكى مەھمۇت قەشقەرى
ئاللىقاچان توچۇق ئېيتىپ ئۆتكەن تابغاچ سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق
خاتا پىكىرلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ھەققانىي ئەيىبلىنىدۇرىدۇ.

قاراخانىلار خانلىرىنىڭ «تابغاچ» سۆزىنى ئۇنۋان شەكلىدە ئۇچرىشى ئەرە-
بىستانغا ئىشلەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ شەرقتىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مەملى-
كەتنى ھۆكۈمرانلىرى قاتارىدا تارىخىي. ئومۇمەن تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆ-
لۈغ ۋەتىنىمىز بىلەن بولغان كۈچلۈك قانداق بېقىن مۇناسىۋىتىنىڭ بىر ئىنكاسى،
ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر ھۆكۈمران تەبىقىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى، ھۆكۈمرانلىرى بىلەن
بولغان قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بىر ئىنكاسى بولغان «تابغاچ» ئۇنۋانى ھەققىدە
مۇنداق قالايمىقان جۆيلۈش «ئۇيغۇرلار» ئاپتورىنىڭ بىر جۇڭگو كىرىزىدانى
بولۇش سۈپىتىدىكى ئۈمىدسىزلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

(3) مىلادىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەرگە ئائىت يەر ئىسىملىرى ۋە تۇرغۇن ئەسىرگە
ئائىت يەر ناملىرىنى خەنزۇچە بويۇپ قىلىشتىن ئەمەس، كېيىنكى دەۋرلەردىكى
يەر ناملىرىغا تۈزگەرتىپ «ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەردە قوللىنىلغان بىر مەنتە
ئۇسۇل. مەسىلەن:

قەدىمكى «داۋەن» مەملىكىتى ئىسمى ھازىرقى پەرغانىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا
ئۇزۇنلۇق تارىخچىلىرى «داۋەن» سۆزىنى (بۇ سۆز ئەسلى داۋەنلىكلەرنىڭ ئۆز
سۆزى بولۇپ، خەنزۇچە خەتلەر شۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بولۇشى مۇمكىن

ئىمالدىن ئىبارەت ئەمەس) ئۆز ئەسەرلىرىدە «داۋەن» ئىلىپ بۇ مەملىكەت ھازىرقى پەرغانىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. ۋە ئەدەبىي دەۋر ھەققىدە گەپ بولغاندا يەنىلا «داۋەن» دەپ ئالىدۇ. بۇ بىر خىل ئاممىۋى ئۇسۇل. ئەمما «ئۇيغۇرلار»دا بۇ سۆز پۈتۈنلەي پەرغانىگە ئالماشتۇرۇلغان.

داۋەننىڭ پايتەختى ئۇرىش شەھىرىمۇ ئەسلى داۋەن تىلىدىكى ئىسىم بولۇپ، خەنزۇچىسى ئۇنىڭ ئاۋاز تەرجىمىسى. ئەمما «ئۇيغۇرلار»دا بۇ ئىسىم ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى بىر ئىسىم «مۇھەممەدىيە» گە ئالماشتۇرۇلغان. بۇمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتنى بۇرمىلاش.

«قوچۇ» مەخسۇت قەشقەرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرسى، ھازىرقى قاراغوجا شۇ «قوچۇ» شەھىرىنىڭ ئىسمى ئالدىغا ئۇلۇغ، مۇقەددەس دېگەن مەنىدىكى «قارا» دېگەن ئېنىقلىغۇچى قوشۇلۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابتا، قۇدۇسىۋى پەرمانلارنى «خوجا» دېگەن سۆزى دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ، بۇ ھەقتە بىر مۇنچە ئەپسانىلار توقۇلغان.

بۇنداق مىساللار يەنە كۆپ، بۇ يەردە ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئىزاھلاپ ئولتۇرمايمەن.

III ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى قاچان پەيدا بولغان دېگەن مەسىلە.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەردە ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن ئىلگىرى مىڭ يىل ئىلگىرى سومېرلار بىلەن تىل ئارا، يېزىقى قوبۇل قىلغان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەمەلىي پاكىتلارغا قاراپ چىقايلى:

ئارخېئولوگلار مىلادىدىن ئاۋۋالقى ... ئەسىرلەردە بايقال ئەتراپىدا ياشىغان دىڭلىڭلارغا ئائىت تېپىلمىلاردىن ئورخۇن يېزىقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەچچە ھەرپنى ۋە جۇڭگونىڭ يىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ ئىروگلىفلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ۱۰۳۰، شەكىللىك ئابستراكت تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنى تاپقان، لېكىن بۇلار تېخى يېزىق بولالمىغان ساددا بەلگىلەردىنلا ئىبارەت بولغان.

يېقىندا ئاۋروپا يېنىدىكى ئىسىك قورغانىدىن مىلادىدىن ... ئەسىرلەرگە ئائىت ئالتۇن كىيىملىك شاھزادە قەبرىسى تېپىلدى، شۇ شاھزادە كەمەرىدە بىر نەچچە قۇر يېزىقمۇ بىللە چىقتى. ساكلارغا ئائىت دەپ بېكىتىلگەن بۇ تېپىلمىدىكى يېزىقنى تۈركولوگ تۈرك، رۇس، فىرانسۇز ئالىملار ئوقۇپ چىقالمىدى. بەزىلەر دەسلەپ، قازاق ئالىمى ئالانجولۇق ھازىرقى زامان قازاق تىلى ئاساسىدا ئوقۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئوقۇش ئالىملار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى، شۇڭا بۇ تېپىلمىدىكى تىلنىڭ زادى قانداق تىل ئىكەنلىكىنى تېخى ھەل بولمىدى.

«ئۇيغۇرلار» نىڭ ئاپتورى (بۇ ھەقتە تۈركىيەنىڭ بىر گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان گېزىت خەۋىرىگە ئاساسلا بۇنى ئۇيغۇرلار يېزىقى دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ تاشلىغان).

تۈركىي خەلقلەردە، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا يېزىق قاچاندىن باشلاپ بولغانلىقى ھەققىدە ئىلىم دۇنياسىدا مەلۇم بولغان پىكىرلەر تۆۋەندىكىچە:

1. X ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان سۈرىيانى يېزىقىدىكى «خەزىنىلەر» دېگەن كىتابتا خۇنلار (بۇ يەردە تۈركىي خەلقلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دا بۇنىڭدىن 20 يىل ئاۋۋال ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاۋۋالراق ئۆز تىلى ئۈچۈن يېزىق ئىجاد قىلىندى دېيىلگەن.

2. شىمالىي جۇ يىلنامىسى (جوشۇ) دا قەيت قىلىنىشىچە VI ئەسىر [illegible] تۈركلەردە سوغدى (خۇ) يېزىقىغا ئوخشايدىغان يېزىق بار دېيىلگەن.

3. شىمالىي چى يىلنامىسىدە ۋەدى ئالىي لىۋشىجىڭ تۈرك ئەمىرىنىڭ خەلقلىرىنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنى كېيىنكى خۇگو سۇلالىسى ئوتتۇرىسىغا بۇددا دىنىنىڭ نىۋەن سوتراسىنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى دېيىلگەن.

ئەمدى يېزىق يادىكارلىقلىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئاراپ يېزىقىنى ئالدى بىلەن پارسلار قوبۇل قىلغان، ئىراندىن كېلگەن ساسانىيلار ([illegible]) سۇلالىسىنىڭ ئاقچىلىرىدا بۇ يېزىق ئىشلىتىلگەن. پەھلىۋى يېزىقى دەپ ئاتالغان بۇ يېزىق شەرقىي ئىران خەلقلىرىدىن بولغان خارەزم ۋە سوغدى يېزىقلىرى ئارقىلىق VI ئەسىرلەر ئوتتۇرىسىدا تۈركىي خەلقلەرگە يېتىپ كەلگەن.

VII ئەسىردە ئۆتكەن ئىسلام ئالىمى بەخىردۇنىمۇ، پارەكتان مەرۋەردىمۇ تۈرك يېزىقىنىڭ سوغدىلاردىن تۈركلەرگە ئۆتكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

تۈركىي خەلقلەر ئۆز يېزىقى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى خېلى ئۇزاق سوغدى يېزىقى ۋە تىلىدىن پايدىلانغان.

1616-يىلى تاپقىنى موڭغۇلىيىنىڭ ئالا ئايىغى ئاتىلىق دېگەن جايىدىن تېپىلغان سوغدىچە تاش پۈتۈك بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ پۈتۈكتە تىلغا ئېلىنغان تاسپار قاغان (572-581) بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان، بۇ ھەيكەل ئاتى ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئورنىتىلغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان VIII ئەسىرگە ئائىت ئارخىپلاردىمۇ سوغدى يېزىقى ئىشلىتىلگەن.

تۇرپاندىن تېپىلغان X ئەسىرگە ئائىت يال پۈتۈكلەردە بولسا سوغدى يېزىقى ئۇيغۇر تىلىغا بىر ئۇسلۇبتا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

يۇقىرىقى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە يېزىق يادىكارلىقلىرى تۈركىي خەلقلەر، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە V ئەسىر ئوتتۇرىسىدا سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۆز يېزىقىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

دېمەك، تۈركىي خەلقلەر، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى سومېرلار ئىجاد قىلغان ئاراپ يېزىقىنى مىلادىدىن 2 مىڭ يىل ئىلگىرى بىۋاستە ئاراپلاردىن ئالغان ئەمەس، بەلكى، مىلادىدىن كېيىنكى V-VI ئەسىرلەردە سوغدىلاردىن ئالغان...

«ئۇيغۇرلار» ئاپتورىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىنى ئۇزۇن قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى ھېچ بىر ئىسپاتسىز كۆرسەتمەيلا 2500 يىل ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە شەرەپ كەلتۈرمەيدۇ؛ بەلكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى مۇشۇنداق قۇرۇق ھۇ تارتىدىكەن دەپ ئاھانەت كەلتۈرىدۇ.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەردە تىلشۇناسلىققا ياتىدىغان مەسىلىلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەسەردىكى ئۆزگىچە سۆزلەر ئىشلىتىشىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ بىرلەشمەسلىكى، قالايمىقانچىلىقلار، سۆزلەرگە بەرگەن ئىزاھاتلاردىكى خاتالىقلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مۇنداق مەسىلىلەرگە بۇ يەردە بىردىن - بىردىن توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئەڭ زور بىلگىنلىرىدىن بارتولد ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىنى تەتقىق يۈرگۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تۈركىي تىللاردىن باشقا قەدىمكى خەنزۇ تىلى، قەدىمكى ھىندى تىلى، ئىران تىللىرى ۋە ئەرەب تىلىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش لازىم، «ئۇيغۇرلار» نىڭ ئاپتورى بۇ ساھەلەرنىڭ ھېچبىرىدە ئىزچىل تەتقىقاتقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېيتقان تۈرلۈك بىمەنە سۆزلىرى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا ھېچبىر يېڭىلىق كەلتۈرمىگەن، بەلكى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك زىيان سالدى. بولۇپمۇ تارىختىن بىخەۋەر ياشلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلاردا تۈرلۈك خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلدى.

بۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق ئىلمىي تەييارلىق بولماي تۇرۇپ مۇشۇنداق بىر زور، ئەمما تېمىدا قالايمىقان بىر ئەسەر يازغانلىقى ۋە ئۇنى ھېچ بىر ئىلمىي مۇھاكىمىدىن ئۆتكۈزمەي نەشر قىلدۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئىلمىي ئەخلاقى ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىز ئارايىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئەسەردىكى تارىخ، تىلغا ئائىت خاتالىقلار ۋە سىياسىي جەھەتتىكى قوپال خاتالىقلار ھەققىدە باشقا مۇتەخەسسىسلەر ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولغاچقا مەن ئۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن.

## ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرگە نەزەر

سابىت ئەخمەت

دۆلىتىمىز جۇڭگو - خەن دەۋرىدىن باشلاپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

چىن - خەن دەۋرلىرىدە غەربىي رايون نامى بىلەن ئاتالغان بۈگۈنكى شىنـ
جاڭمۇ، دۆلىتىمىز زېمىنى ئىچىدە بولغان. شۇ مەزگىللەردە مۇشۇ رايوندا ياشاۋاتقان
ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ، جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە مۇھىم
ئەزاسى ھېسابلانغان.

يازما تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا مىلادىدىن ئىلگىرىلا غەربىي رايوندا
ساكلار، ھونلار، ئۇيسۇنلار، خەنزۇلار، چاڭلار، سوغدىيلار، تۈرك خەلقلەر، تۈبۈتـ
لار (تىبەت - زاڭزۇلار) چىدەنلەر (كىدانلار) ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت كۆپلىگەن مىلـ
لەتلەر ۋە خەلقلەر ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلاردا مۇشۇ زېمىندا ياشىغان. ئۇلار
ئۇزاق تارىخىي باسقۇچلار بىللە ياشاش، بىللە ئۆتۈش جەريانىدا، غەربىي رايوننىڭ
تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى بىللە ياراتقان. ئۇلار ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلاردا بىللە
ياشاش جەريانىدا بىر - بىرىگە قوشۇلۇش بىر - بىرىگە سىڭىشىش ئارقىلىق بۈگۈنكى شىنـ
جاڭدىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

يازما تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، غەربىي
رايوندىكى خەلقلەر بىلەن ئىچكىرى رايوندىكى خەلقلەر چۇنچيۇ جەڭگو دەۋرىدىلا
بىر - بىرىنى بىلىشىپ باردى - كەلدى قىلىشقان. شۇڭا خەنزۇچە يازما خاتىرىلەر،
تارىخىي خاتىرىلەردە غەربىي رايوننىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى، مىللەتلىرى، ئۆرپ -
ئادىتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

ئۇزۇندىن بۇيانقى يېقىنقى يۈز يىل مابەينىدە چەت ئەل ئارخېئولوگىيە خادىملىرى
ۋە دۆلىتىمىز ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭ دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان ئارخېئولو-
گىيىلىك تەكشۈرۈش قېزىشتىن تېپىلغان يادىكارلىقلارمۇ - قەدىمكى شىنجاڭدا كۆپلە-
گەن مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى ۋە ئالاقە ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىدە ئىستېمال قىلىنغان تىل يېزىق يادىكا-
لىرىدىن قارىغاندا بۇ بۇيۇملارنى تېپىش ۋە دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە چەت ئەل
ئالىملىرى، تىلشۇناسلىرى ئەللىك يىلدىن بۇرۇنلا تىلى، يەكۈن چىقىرىپ بولغان، دەرۋەقە
بۇ تىل، بىتەرەپلىك ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە جۇڭگو تىلىنى تىزدىنىشكە،
تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇكى، ھەرگىز ھېسابقا ئېلىنىپ، قارىسىغا ھۆكۈم
قىلىشقا بولمايدۇ.

تۆۋەندە شىنجاڭ دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈ-
رۈش، قېزىش جەريانىدا تېپىلغان يادىكارلىقلار ئارقىلىق قەدىمكى شىنجاڭنىڭ كۆپ
مىللەتلىك رايون شەكىللىنىش توغرىسىدىكى كۆز قارىشىمنى قويۇپ ئۆتىمەن.

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقـ
لىق تېپىلغان يادىكارلىقلار ئەمەلىيىتىدە، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كونا تاش
قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلار ياشىغان، ئەزرىقى شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئالغاندا - قۇمۇل،
تۇرپان، ئالتاي، مورى، كۆچەك، ئۈرۈمچى، ئىلى دائىرىسى، كورلا، لوپنۇر، دادۇ-
لى، چەرچەن، ... بۈگۈر، كۇچار، قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق
جايلار ۋە رايونلاردىكى قەدىمكى تېپىلمىلار بوستانلىقلاردا ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىل

لىرىدىلا ئىنسانلار ھايات كۆچۈرگەن، پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتە ئازادلىقتىن ئىلگىرى چەتئەل ئارخېئولوگىيە خادىملىرى، ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى كۆپلەپ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىزلىرىنى تاش قوراللارنى تاپتى. بۇ شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە زۆرۈر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرچە شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى يادىكارلىق 1980-يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاچچىق دېگەن يېرىدىن تاشقا ئايلانغان تاش قاتما ھالەتتىكى بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى تېپىلدى. بۇنى گېئولوگلار يەر يۈزىنىڭ گېئولوگىيىلىك قاتلىمىنىڭ يىل دەۋرىگە سېلىشتۇرۇپ دەسلەپكى قەدەمدە 10 مىڭدىن 33 مىڭ يىللار بۇرۇنقى. ئادەم بېشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. 70-يىلى مۇزېخانىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، تاشقۇرغاننىڭ تىزناپ يېزىسىنىڭ «جەرغال» دېگەن جايىدىكى تۇپا قاتلاملىرىنىڭ ئاستىدا قالغان قەدىمكى ئىنسانلار ئوت قالاپ ئولتۇرغان كۈل قاتلىمىنى (بۇنىڭ ئىچىدە كۆيگەن سۆڭەكلەر بار) تاپتى ۋە شۇ قېتىمدا بىر دانە كونا تاش قورالنى تاپتى. بۇ ئىككى يادىكارلىقلار ھازىرغىچە تېپىلغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە مەنسۇپ تېپىلمىلارنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا 70-يىللارنىڭ باشلىرىدىن 80-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، قىزىل، لوپنۇر، كۆنچى دەريا بويى، چەرچەن، خوتەن بۈگۈر ناھىيىلىرىدىن. بۇنىڭدىن 4000 يىلدىن بۇرۇن 2500 يىللار بۇرۇن دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنى ئۇچراتتى تېپىلغان جەسەتلەر بىلەن بىللە قويۇلغان ياغاچ ۋە باشقا ئادەتتىكى بۇيۇملارنى كاربون 14 بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق يىل دەۋرى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى.

بۇلارنىڭ كونكرېت يىل سانلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) كۆنچى دەريا بويىدىكى، گۈمۈگۇ (قەدىمكى قەبرىستانلىق) قەبرىستىنىدىن تېپىلغان ياغاچنى C14 بىلەن تەكشۈرگەندە يۇقىرىسى 3412±117 يىل تۆۋەن چېكى 3530 يىل يۇقىرىسى 4732 يىل ئەتراپىدا بولۇپ كېيىنكى دۆلەتنىڭ يادىكارلىق ئىدارىسى قايتا تەكشۈرۈپ 3900—4000 يىل ئەتراپىدا دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. بىز ھازىر بۇنى 4 مىڭ يىل دەپ تونۇۋاتىمىز.

(2) قىزىل تارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان جەسەت ۋە بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرى يۇقىرىسى 3300±150 تۆۋىنى 2950 يىل بولۇپ، ھازىر 3203 يىل ئەتراپى دەپ تونۇۋاتىمىز.

(3) بارىكۆل، كۆمىشى، لەمجۇ ۋە ئازى قەبرىستانلىقى يۇقىرىسى 3 مىڭ يىل تۆۋىنى 2690 يىل.

(4) خوشۇت شىنتالا تېرزىنىڭ يۇقىرىسى 3645±145 يىل تۆۋىنى 1375 115 يىل.

(5) چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىنىڭ 1003-2103 يىل.

(6) مۇرى سىدازگو تېرى يۇقىرىسى 3310±165 يىل تۆۋىنى 73 2460- يىل.

(7) خوتەن سومبۇلا قەبرىستانلىقىدىكى كۆپ جەسەتلىك قەبرىنىڭ 2100-2200 يىللار.

بۇندىن باشقا بۇگۈرنىڭ چوڭباغ، خېجىڭ ناھىيىلىرىدىمۇ يۇقىرىقىلاردىكى يىل دەۋرلىرىگە قارىغاندا كېيىنرەك تۇرۇلغان نەچچە يۈزلىگەن قەبرىلەر قېزىلدى. قالغانلىرى، پەقەت مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدىكى يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى تۈرگە ئايلاشتۇرغاندا بۇلار توقۇلمىلار ياغاچ ئەسۋابلار، ساپال ئەسۋابلار ۋە قىسمەن كىچىك ھەجىمدىكى مىس بىزەك بۇيۇملىرى ۋە زىرائەت دانلىرى بار. بۇندىن باشقا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولغان يېزىق ۋەزىنگە ئائىت نەرسە، پاكىتقا ھازىرچە ئىگە بولالمىدۇق.

يۇقىرىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ئۈستى نۇسخىسى گۈل شەكلىدىن قارىغاندا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىك پەرقىمۇ ۋە بىر خىل ئىزچىللىقمۇ بار. مەسىلەن: ساپاللاردىكى گۈل نۇسخىلىرى، بۇلا توقۇلمىلارنىڭ توقۇلۇش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاشلىق بار.

دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدىن قارىغاندا ھەر قايسى جايلاردىكى ئادەتلەردە پەرقىمۇ، ئوخشاشلىقىمۇ بار.

مەسىلەن، تۇمشۇق باغلىقتىكى قەبرىلەرگە قويۇلغان جەسەتلەر كۆپىنچە بىردىن ئازسانىدا جەسەت قويۇلغان. جەسەت قويۇلغان، كىيىم - كېچەك بىلەن قويۇلغان بولۇپ ئايرىملىرى ياتقۇزۇلغان. قارا دۆۋىدىكى 29 ياشلار جامەسىدىكى باشى ئايال خۇيىنچە ئۇزۇلاپ ياتقاندا يۈزلۈك كىيىم كېچەك بىلەن دەپنە قىلىنغان.

كرانچى دەريا بويىدىكى كۆزىگۆز ۋەدىسى، قەبرىگاھ قەبرىستانلىقتا قويۇلغان قەبرىلەرنىڭ ئاغزى دۆڭلۈك شەكىلدە، ئوما ياغاچ 7-1 رەت قىلىپ تىكلەنگەن، جەسەتنى ساندۇققا سېلىپ كىيىم كېچەك بىلەن بىللە پالاسقا ئوراپ دەپنە قىلىنغان.

ئالتاي ناھىيىسى [illegible] قەبرىلەر يەر ئۈستى تاش [illegible] قەبرە بولۇپ، ئوتتۇرا تەرىپى، ئاستى ئۈستى [illegible] تاش بىلەن [illegible] شەكىلدە بولۇپ، جەسەت [illegible] دەپنە قىلىنغان. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1-30 مېتىر بولۇپ، قەبرىدىن تاش ئوق ئۇچى، سۆڭەك ئوق ئۇچى، مىس ئوق ئۇچى ۋە تاشتىن ياسالغان ياسالغان تاچىلار ۋە تاش قاچىلار تېپىلدى.

خوتەن لوپ ناھىيە سامپۇلا قەۋرىستانلىقىدىكى كۆپ جەسەتلىك قەبرىلەرگە 130-140 نەچچە جەسەت قويۇلغان بولۇپ، قويۇلغان جەسەتلەر، ئۈستى - ئۈستىلەپ تەۋەتىمۇ - تەۋەت قويۇلغان، يۇقىرىدىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ۋە تېپىلغان يادىكارلىق ئەھۋاللىرى، ئارىسىدا ھەر قايسى جايلاردىكى ئادەتلەرنىڭ مەلۇم جەھەتتە ئۆزگىچە ئادەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىرلا شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار ياشىغان يەنى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېراق ئەجدادىمۇ ياشىغان. لېكىن يۇقىرىدىكى جايلاردىن تېپىلغان ئۇرۇقى جەسەت بولسۇن، يادىكارلىق بولسۇن، بۇلار زادى قايسى خەلق، قايسى ئۇرۇق، قايسى مىللەت ھازىرقى قايسى مىللەتنىڭ ئېراق ئەجدادى؟ بۇنى يېشىش ئىلمىي بىلەن يا ئۇنداق، يا بۇنداق دېيىش ئۇنداق ئاسان

ئەمەس، دەرۋەقە بەزى ئالامەتلەرگە قاراپ، مەسىلەن ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈش-لىرى، بۇتىغا تىزىدىن ئاياغ كىيگەنلىكى قاڭشىرىنىڭ ئېگىز، كۆزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالامەتلەرگە قاراپلا قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. پەقەتلا ئادەم ياش ئىسكىلىتىنى ئانتروپولوگىيىلىك ئۆلچەم-لەردىن كېيىن قايسى ئىرققا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللار مابەينىدە تېپىلغان ياش سۆڭەكلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈ-رۈش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋروپالار تىپىغا ياتىدىغانلىرى كۆپ، موڭغۇل ئىرى-قىغا ياتىدىغانلىرىمۇ بار ۋە ئارىلاش بولغان موڭغۇل ئىرقى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلاشما ئىرقنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم بولىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا قەدىمكى شىنجاڭ ئاھالىسى ئىچىدە ھەر خىل ئاھالىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئاي-دىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىز شىنجاڭ دائىرىسىدە تېپىلغان يېزىقلارنى كۆرۈپ باقايلى.

شىنجاڭدا تېپىلىپ يېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ئازادى-لىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، 40 نەچچە خىل يېزىق تۈرلىرى تېپىلدى. بۇلار قارۇشتى يېزىقى، سانسكرىت (梵文) يېزىقى، خوتەن يېزىقى (于阗文) توخرى يېزىقى (吐火罗文)، براھمى يېزىقى (婆罗迷文) خەنزۇ يېزىقى، سوغدى يېزىقى (粟特文) تىبۇت (藏文) يېزىقى، تۈرك يېزىقى (突厥文) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (回鹘文) چىدەن (قارا خىتاي) (契丹文) يېزىقى ۋە ئەرەب (阿拉伯文) يېزىقىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدىكى يېزىقلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى تارىخى دەۋرلىرىدە ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان تىل خۇسۇسىيەتلىرىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئوخشىمىغان رايون، ئوخشىمىغان دائىرىلەردە قوللىنىلغان.

تۆۋەندە بۇ يېزىقلارنىڭ مەنبەلىرىدىن بىر قانچىسى ۋە بۇ يېزىقنى ئىشلەت-كۈچى خەلق ۋە ئۇلارنىڭ تىل خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن.

(1) قارۇشتى يېزىقى: بۇ يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى مىلادىيەدىن بۇرۇن-قى ئەسىرلەردە ھىندىستاننىڭ ماۋرىيا خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى ۋە دۆلىتىمىز ئارخېئولوگىيە خادىملىرى خوتەن رايونىدىن - لوپنۇرغىچە بولغان دائىرىدە خېلى كۆپ ئۇچراتتى. ئازادلىقتىن ئىلگى-رى تېپىلغانلىرىنى چەت ئەل ئالىملىرى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ يېزىقتا خاتىرىلەن-گەن تىل - ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاللاقاچان ئېنىقلاپ چىققان. بۇ يېزىقنىڭ خوتەن رايونىغا كىرىشى مىلادىيەدىن ئىلگىرى 1-2 ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى يېزىق خەتلىرىدىن بىرى، 1979- يىلى مۇزېخانىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش لى يۈچۈن لوپ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي 17 كىلومېتىر كېلىدىغان جايىدىكى قەدىمقى ئاقسېپىل خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، سېپىلدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن خام كېسەك تويىدا چىچىلاپ يازغان يېزىق بەلگىسىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان

بىز بىر قانچە پولداش بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ 1980-يىلى 11-ئايدا قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق 30 نەچچە خام كېسەك بىلەن چۈشۈرۈلگەن خەت ئۈزۈكىسىنى تاپتۇق. بۇنى فوتو رەسىمگە ئالدۇق ۋە تۈزۈلمىدىن قالغان سېپىلدىكى كېسەك يېتىدىمۇ پارچىسىنى تاپقىدۇق. بۇ سۈرەتنى پولداش قۇربان ۋەلى بىلەن قەدىمكى يېزىق نۇسخىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ 17 ئوخشىمىغان ھەرپنى تاپتۇق. پولداش قۇربان ۋەلىنىڭ سېلىشتۇرۇش، ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق بۇ 17 ھەرپنىڭ 15 دانىسى خاروشتى يېزىقى ھەرپلىرى ئىكەنلىكى 2 دانىسى براھمى يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكلى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. يىل دەۋرىدىن قارىغاندا ئۇزاق بولغان مىلادىدىن ئىلگىرى 3- ئەسىرلەر دەپ قىياس قىلىنىدۇ. بۇ ھازىرغىچە شىنجاڭدا تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى يېزىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) خەنزۇ يېزىقى — بۇ يېزىق مىلادىدىن ئىلگىرىلا شىنجاڭغا كىرگەن بۇ يېزىقتا يېزىلغان ياغاچ تاختىلار، خەت-چەكلەر، خاتىرە ئابىدىلىرى شىنجاڭنىڭ لوپنۇر، رايونى خوتەن، كۇچار، تۇرپان، تۇمشۇق قاتارلىق جايلاردىن كۆپلەپ تېپىلدى ۋە تېپىلىۋاتىدۇ.

مەسىلەن، ئۇقۇز باي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ جىلغا ئاغزىدىكى تاش پۈتۈكگە ئويۇلغان ليۇ پىڭگو ئابىدىسى بولۇپ، بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇچار خانلىقى خەنزۇ ئۇستىكارلارغا كۇچاردىن شىمالغا يول ئالغاندا خاتىرە ئۈچۈن ئويدۇرغان ئابىدە ھازىرمۇ بار. 1980-يىلى تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تاغ ئېغىزىدىن خەن سۇلالىسىغا ئائىت رەسىملىك ئابىدىسى تېپىلدى بۇ ئابىدە ھازىرمۇ بار.

بۇنىڭدىن باشقا، لوپنۇر (كرورەن لولەن) رايونىدىن خەن سۇلالىسىغا دائىر ياغاچ تاختىلار ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كۆپلەپ تېپىلدى. 1959-يىلدىن 1984-يىلىغىچە تۇرپان ئاستانە قاراخوجىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن 2030 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قەغەزگە يېزىلغان خەت - چەك ۋە تەبرىكلەر قېزىۋېلىنغان خاتىرە كېسەكلەر تېپىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە يېزىقلاردىن ئىبارەت. بولۇپ بىر دەۋردىن قارىغاندا مىلادىيە 4- ئەسىردىن 13- ئەسىرگىچە بولۇپ، ھەر بىر دەرىجىدە خاتىرە كېسەكلەرنىڭ بىر دەۋرى ئۈلگىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى قاتارلىق مەسىلە تەپسىلى خاتىرىلەنگەن. بۇ خەتنەچە كەلەرنى 1975-يىلدىن ھازىرغىچە رەتلەپ ۋە ... سىملىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. بۇنىڭ تېپىلىشى تۇرپان رايونى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھاللەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىلمىي ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

(3) سوغدى يېزىقى — مىلادىيە 3-5- ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدا ياشىغان، كېيىنچە شىنجاڭنىڭ لوپنۇر، تۇرپان قاتارلىق رايونلىرىدا تولتۇراقلىشىپ سودا كارۋان ئىشلىرىدە مىردا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان سوغدىلار ئىشلەتكەن، بۇ يېزىقتا يېزىلغان خەت - چەكلەر، ئابىدىلەر شىنجاڭدىكى دائىرىسىدە تۇرپان، تىلى قاتارلىق جايلاردا ئۇچرايدۇ. تىل جەھەتتە شەرقىي ئىران تىلىغا كىرىدۇ. 1975-يىللارنىڭ بېشىدا تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن بىر پارچە خەنزۇچە

چە ھۆججەت بىلەن ئوخشاش ھەجىمدىكى بىر پارچە سوغدىچە ھۆججەت تېپىلغانىدى
مەزمۇنى «گاۋچاڭ» بازىرىدا قۇل سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەت بولۇپ مىلادى 640- يىلغا توغرا كېلىدۇ.

ئىلى موڭغۇل كۈرە خوشۇنى ياپىلقىدا بىر دانە بالبال (تاش ھەيكەل) بولۇپ بالبالنىڭ ئالدى يېشىگە 17 قۇر خەت چېكىلگەن بولۇپ، بۇنى بۇرۇندىن كىشىلەر ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىقى بولسا كېرەك دەپ تونۇپ كەلگەن. ئۆتكەن يىلى ياپونىيىلىك سوغدى تىلى تەتقىقاتچىسى جىتېيەنتەي (吉田丰) ئەپەندىنىڭ تارتقان سۈرەتلىرىدىن ئوقۇپ كۆرۈشىچە بۇ بالبالدىكى خەت سوغدى يېزىقى بىلەن سوغدى تىلىدا يېزىلغان مىلادى 6- ئەسىرلەردىكى تۈركلەر ئېلىكىنى (قاغانى) مۇقان قاغان نامىغا ئورنىتىلغان ئابىدە بولۇپ چىقتى.

1975- يىلى مۇزېيخانىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپان ئاراخوجا يېزىسىدىكى شەرقىدىكى قەبرىلەرنى ئاچقانلىق جەريانىدا 90- دەپ رەت نومۇرى بېرىلگەن ئىككى قەبرىدىن 9 دانە يالغۇز قوزغۇق (ئارشا) ئاپتى، قوزغۇقلارنىڭ بىر يېشىگە قارا رەڭ بىلەن خەنزۇچە دەۋرىنى دېگەن خەت يەنە بىر يېشىگە سوغدى يېزىقىدا قىزىل رەڭ بىلەن «كىشى» (كىسى)، «تاي رەنى» دېگەن خەت يېزىلغان بۇنىڭ ۋاقتى (دەۋرى) شۇ قەبرىدىن تېپىلغان خەنزۇچە خەت — چەكنىڭ «يوڭكاڭ 17- يىلى» (مىلادى 480- يىلغا توغرا كېلىدۇ)، 90- قەبرىدىن تېپىلغان ئارشا بىلەن بىللە تېپىلغان يەنە بىر پارچە خەنزۇچە خەت — چەكتە «ئۆۋەنشى» 12- يىلى دېگەن يىل نامى بار بۇ مىلادىنىڭ 122- يىلغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى سوغدى يېزىقى پاكىتلىرىغا ئاساسلانغاندا سوغدى يېزىقى شىنجاڭغا مىلادى 5- ئەسىرلەردە كىرگەن بولۇپ، بۇ يېزىقنى سوغدى سودىگەرلىرى ئىشلىتىپلا قالماستىن، تۈركىي ئەللەرمۇ قوللانغان، كېيىن مۇشۇ يېزىق ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى كېلىپ چىققان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىزكى سوغدىلار ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ دائىرىسىدە كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىگە بولۇپمۇ يېزىق مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان.

(4) توخرى يېزىقى — توخرىلار مىلادىدىن ئىلگىرى پامىرنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان ئەرانىي، ئىران، ئەسلىدە بىر قەبىلە بولۇپ مىلادىنىڭ 3-، 4- ئەسىرلەر ئارىلىقىدا كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان ئەتراپىدا توخرىلار ئەرەبچىدىن قوللىنىپ 1903-1905- يىللاردا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن گرۇنۋېدېل، لېكوك قاتارلىقلار يۇقىرىقى يەرلەردىن تاپقان. 1907- يىلى مەشھۇر يېزىقشۇناس مۇللېر ئەپەندى ئوروپادىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايتىرسىمىت» دىرامىسىنىڭ ئىزاھاتىدىكى «توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىندى» دېگەن سۆزنى پاكىت قىلىپ يېزىقنى نامىنى توخرى يېزىقى دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ يېزىقنىڭ تېپىلغان ئورنىغا قاراپ A شەكلى، B شەكلى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. توخرى تىلىدا يېزىلغان بۇددىزم ئەسەرلىرى ۋە بۇددىزم ئاتالغۇلىرى توخرى تىلىدىن تۈركىي تىللارغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. 1959- يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغان چوڭ ھەجىمدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» داستانى

ئالدى بىلەن ھىندى تىلىدىن ئوغرى تىلىغا، ئاندىن تۈرك تىلىغا (ئۇيغۇر) تەرجىمە قىلىنغان بۇنى مۇزىخانىمىزنىڭ ئامىي خادىملىرىدىن ئىسرايىل، ئابدۇقەييۇم، دولاۋۇن قەمبەردىلار تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى.

(5) تۈبۈت (تىبەت) يېزىقى ئەسلى براھمى يېزىقىدىن ئېلىنغان. مىلادىيە 7-ئەسىرلەرنىڭ 2-يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن. مىلادىيە 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 10-ئەسىرنىڭ باشلىرى تۈبۈتلار خوتەن ئارقىلىق قەشقەر، كۇچار، تۇرپانغا كىرگەندە بىللە ئەكىرگەن. بۇ يېزىقتا يېزىلغان خاتىرىلار ۋە تەمغىلىك يېزىلغان ھۆججەتلەر شىنجاڭنىڭ تۇرپان، چارقىلىق خوتەننىڭ شەرقىي رايونلىرىدىن تېپىلدى. مۇزىخانىمىز تارىخىي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959-1973-يىللىرىغىچە چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى «مىران» خارابىسىدىن كۆپلەپ تاپتى. بۇ يېزىقلارنى 10-يىللارنىڭ باشلىرى بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ۋاڭياۋ ئەپەندى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى.

(6) خوتەن (خوتەن ساك) يېزىقى بۇ ئەسلى براھمى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭدا خوتەن رايونى، مارالبېشى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلدى.

ساكلارنىڭ تىلى شەرقىي ئىران تىلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. دېگىرچىلىرىمىز. ياكى ئارپان تىلىدا سۆزلەشكەن يەرلىك تىلى دېگىرچىلىرىمىز بار. يېزىقنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىشلىتىلگەن ۋاقتى 5-ئەسىردىن باشلانغان دەپ قارىلىدۇ. بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، بۇددىزم نومىلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، لۇغەتلەر، ۋە مەنۇرىي، ئىقتىسادىي قانۇن ۋەسىقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىدىكى يىللار ۋە يېزىقلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلىشى، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا مالىيەت، ئوخشىمىغان تىللارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بەزى يېزىقلار «دىن» بىلەنلا چەكلەنگەن بولغاچقا سۆزلەپ ئوقۇلۇۋېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

يولداش تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا «يېزىلىق ئەجدادلىرىمىز بۇندىن، مىلادىدىن 2030 مىڭ يىل ئىلگىرىلا (بۈگۈندىن 4 مىڭ يىل بۇرۇن) تارىخ دەۋرىگە كىردى» دېيدۇ. بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن يېزىقلارنىڭ (قازمىلىق مەدەنىيەت يېزىقى) ئىلگىرى ئالدىراقسىمۇ ھازىردىن ھېسابلىغاندا 3330 يىلغا قاراپ تۇرىلىدۇ. تۇرغۇن ئالماس ئوتتۇرىغا قويغان «4 مىڭ يىللىق يېزىق تارىخىمىز» بار دېيىلگەن مەسىلە تېخى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە ئىسپاتلانمىغان ھۆكۈمدىن ئىبارەت.

يولداش تۇرغۇن ئالماس بۇ ھۆكۈمنى قايسى پاكىتلار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەققىدە ھېچ قانداق ئىزاھات بەرمىگەن. لېكىن مۇشۇ ھەر ئىككى كۆز قاراشنىڭ ۋارىيانتىنى 1943-يىلى نەشر قىلىنغان «ئالتاي زۇۋبىلى» 4-ساندا بەھتىيمىن بوغرا «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسكى تارىخى» دېگەن ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن «... يازىشى تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە تۈركلەر چىقىرىپ، تۈركلەردىن دۇنياغا يېيىلغان ...... بۇنىڭ ئىلاھ ئۈچ-تۆت مىڭ يىللىق

بۇ زامانىمىزدىن يەتتە - سەككىز مىڭ يىللار بۇرۇن تۈركىستاندىن كۆچۈپ ئىراققا يەرلەشكەن (سۇمېر) تۈركلىرىنىڭ ئۆز يەرگە خەت يازماق ئۇسۇلىنى تۈركىستاندىن ئېلىپ بارغانلىقىدىندۇر» دەپ يازسا، يولداش تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» 1-2-بېتىدە «بۈگۈندىن 6 مىڭ يىل بۇرۇن «مىلادىيەدىن 4 مىڭ يىل بۇرۇن) دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بۆشۈكلىرىدىن بولغان مېسوپوتامىيەدە يېزىق ئىجات قىلىندى ........ ئەينى زاماندا ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاساسىي يەرلىك خەلق «سۇمېرلار» بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ يېزىقنى شۇلار ياراتقان. دەسلەپكى يېزىقلار ئىجات قىلىنغاندىن كېيىن مىسىر ۋە يېقىن شەرقتىكى خەلقلەر تارىخ دەۋرىگە كىردى. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بولسا مىلادىيەدىن 2 مىڭ يىل بۇرۇن (بۈگۈندىن 4 مىڭ يىل بۇرۇن) تارىخ دەۋرىگە كىردى. چۈنكى سۇمېرلار ئىجات قىلغان يېزىق ئاساسىدا يارىتىلغان ئارامى يېزىقى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىغا كىرىپ كەلدى» دەپ يازغان.

قۇربان قۇداي «ئالتاي ژۇرنىلى» (43- يىلى) 3- سان 31-بەتتىكى «تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ماقالىسىدا، تارىختىن كۆچكەنلەر توغرىسىدا مۇنداق يازغان. «مۇزيۇزلۇك دېڭىزلار ئاستا - ئاستا قۇرۇشقا باشلىدى. دېڭىزلارنىڭ ئورنى كىچىك - كىچىك كۆللەر ۋە بىپايان قۇم - چۆللەرى تولۇپ قالدى، دەريالارنىڭ بىر قىسمى كىچىكلەشكە باشلىدى. بىر قىسمى بولسا، ئاداۋىن قۇرۇپ يايلاقلاردا ئوت ئۈنمەس بولۇپ. ماللار ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈشكە باشلىدى ........ مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قىشلاقلىرىنى ۋە يۇرتلىرىنى تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە كۆچۈشكە باشلىدى. بۈگۈنكى مازار (كاسپىي) دېڭىزى باتقاش كۆلى ۋە لوپ كۆلى بۇنىڭغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىرمۇنچە كىچىك كۆللىرى، بۇرۇنقى ئىچكى دېڭىزدىن قالغان بىر پارچىسىدۇر» دەپ يازغان بولسا، يولداش تۇرغۇن ئالماس - «ئۇيغۇرلار» 3- بېتىدە «گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى ئارقىلىق چىقارغان توغرا خۇلاسىلىرىگە ئاساسلانغاندا تەخمىنەن بۈگۈندىن 3 مىڭ يىللار بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن، شۇ سەۋەبتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئاسىيانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان ....... ئەڭ قەدىمكى چاغدا تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى ناھايىتى چوڭ ئىچكى دېڭىز بولغانلىقى، يەكسىز ئورمانلار بىلەن قاپلانغانلىقى ئىسپاتلاندى. (ناھايىتى قاتتىق يەر تەۋرەشلەر، قۇرغاقچىلىق ئاپەتلەر) نەتىجىسىدە شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ دېڭىز كىچىكلەپ قۇرۇقلۇق يۈزى كېڭەيگەن، ھازىرقى سايرام، باغراش، لوپنۇر كۆللىرى ئىچكى دېڭىز ئورنىدا قالغان خالدۇق كۆللەردۇر» دەپ يازغان.

يۇقىرىدىكى مەتىمىن بۇغرا بىلەن قۇربان قۇداي ئوتتۇرىغا قويغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ بۈگۈندىن 8 مىڭ يىل بۇرۇنقى تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشكە بولغان يەكۈنى ۋە كۆز قاراشلىرى بىلەن يولداش تۇرغۇن ئالماسنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرى - ئىبارىلىرى مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرگى-

لى بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا تۇرغۇن ئالماسنىڭ يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلىرى ئۆزى دېگەندەك «ئېتنولوگىيە ـ ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ توغرا خۇلاسىسى» بولماي مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، قۇربان قۇرداينىڭ خۇلاسىسىدىن كەلگەن بولامدۇ. قۇربان قۇرداي بىلەن مەھەممەت ئىمىن بۇغرالارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مەن دەپ ئولتۇرمىساممۇ يولداشلارغا كۆپچىلىككە مەلۇم. ئۇلار ئۆز زامانىسىدا پانتۈركىزملىق سىياسىي مەيدانىدا چىڭ تۇرغان پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدىكى ئاتامانلىرى ئىدى.

مەن يولداش تۇرغۇن ئالماسنىڭ بەزى مەسىلىلەردىكى كۆز قاراش، ئىزدىنىشىمى خەزىنىلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى يۇقىرىدىكى ماقالىلاردىن ئالغانمۇ قانداق؟ دېگەن مەسىلىنى ئويلىشىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق كىتابلاردىكى مەدەنىيەت تارىخىنى بۇرمىلاشقا باھا

ليۇبەن

## «يىلتىز»نى قەيەردىن ئىزدەش كېرەك

ئۈچ كىتابنىڭ ئاز بولمىغان سەھىپىلىرىدە مەدەنىيەت سۆزلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆز ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئاپتور ئويدۇرۇش، ۋاستە قىلىش، بەدە مۇكەممەل، زورمۇ-زور قوشۇش ۋە جەرىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مەدەنىيەت تارىخىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلىغان. ئاپتورنىڭ قەدىمكى دەۋر تارىخىنى ساۋادى كەمچىل، كىتابتا خاتالىق-مەسىلىلەر كۆپ، تەپەككۇر قالايمىقان، كۆپ مەزمۇنلار ئۆز ئارا ئارىسۇ قىلىشى، بىر-بىرىگە يانداشىپ كەلگەن خاتا لوگىكىلىق مۇكەممەل شەكلى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى «تەتقىقات»نىڭ ئاساسىي بولغان بۇ ئۇۋەتىسىدە بىز ئاپتور ئوقتۇرۇشلا بىر مەدەنىيەت ياراتقان گەۋدە (ئۇيغۇر مىللىتى)نىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى ۋە خىل پىمەنە مۇكەممەلگە قاراپ باقايلى:

1. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھۇنلار ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەر بىر-بىرىگە قېرىنداش» («ئۇيغۇرلار» 53-بەت) «ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى ئەجدادى» («ئۇيغۇرلار» 55-بەت)

2. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى «تۇرالار»، «تۇرالار شەرقىي ئۇيغۇرلار» دىڭلىڭ، تېلې، چىلې، ئېگىز ھارۋىلىقلار، دىلار، تۇرالار، ساكلار ۋە تۈركلەر» دەيدۇ. («ئۇيغۇرلار» 15-17-بەتلەر)

3. ئۇيغۇر ئوغۇزلار — شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قارىمىقى؛ شۇڭا، ئوغۇزلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەجدادى، دېيىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «ئوغۇز»نى يېزىقچىلىقنىڭ خاتا يېزىلىشى ئەمەس بىلىپ «ئوغۇزلار — تۈركمەنلەردۇر» دېيىدۇ. («ئۇيغۇرلار» 234 ـ بەت) ئۇ ساكلارنى يەنە بىر يەردە «ساقۇنلار» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. («ئۇيغۇرلار» 45 ـ بەت)

4. ئۇ «ئۇيغۇرلار» ناملىق ئەسىرىدە ئىران رىۋايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ قانداشلىقى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئىنكار قىلىدۇ - يۇ، لېكىن «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرىدە، پارسلارنىڭ تارىخىي داستانى «شاھنامە» ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى يېزىشتا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە» دەيدۇ. ھەمدە كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈپ قەدىمكى ئىران شاھلىرىنى ۋە كىشىنىڭ نەسەبنامىسىنى كىتابىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىدۇ. («قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 138 ـ 141 ـ بەتلەر).

5. ئۇ ئۆزى خوپ كۆرسەتكەندەك قىياپەتتە تونۇشتۇرۇپ، «يەھۇدىي رىۋايەتلىرىدە، نۇھ پەيغەمبەرنىڭ تۈرك دېگەن بىر ئوغلى بولۇپ، تۈركلەر ئۇنىڭ ئەۋلادى دېيىلىدۇ» دەپ يازىدۇ. («ئۇيغۇرلار» 46 ـ بەت) بۇ ئەمەلىيەتتە يۈزتۇرلەي توقۇلما. كىتابىدىكىلار يەھۇدىي رىۋايەتلىرى ۋە يەھۇدىي ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن بولغان نۇھنىڭ «تۈرك» دەپ ئاتالغان ئوغلىنىڭ بارلىقىنى تاپالمايدۇ. تۈركلەرگە ئائىت يازمىلارنى ھېچيەردىن تاپالمايدۇ. نۇھنىڭ ئۈچ ئوغلى ئايرىم — ئايرىم ھالدا «ھام»، «سام»، «يافەس» دەپ ئاتالغان، رىۋايەتلەردە، ئۇلارنىڭ تونۇلۇپ يېقىن شەرق ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىنىدۇ.

مۇشۇ ئۈچ مىل بىمەنە مۇكۆرمە ئاساسلىنىپ، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىش كېلىش مۇمكىن: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دۇنيامىزنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان دۇنيانىڭ تېخى ئېگىز ھازىرلىقلار بولۇپ قالماستىن بەلكى يەنە باشقا بىر مۇنچە قەدىمكى مىللەتلەردۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئەڭ قەدىمكىسى» ھونلار، ئۇنىڭدىن قالسا يەنە تۈركلەر، ساكلار، ئوغۇزلار (تۈركمەنلەر) ياقۇتلار ۋە ئاتالمىش «تۇران»لار.

بىز ھازىرغىچە، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى مۇشۇنداق بەسىرلىپدىنىمىزنىڭ بىلەن قالايمىقان قىلىۋەتكەن «تارىخىي ئەسەر»نى ئىنتايىن ئاز ئۇچراتقان ئىدۇق. ئۈچ كىتاب ئاپتورىنىڭ تارىخ قارىشىدا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇھىم «بىلتىز»ى يوق؛ ئۇنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئاتالمىش بىلەن باغلىنىپ تۇرىدىغان تارىخىي پائالىيەت ئىزى يوق؛ ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ئەجدادلىرى بولۇپ، ئۇ ياۋروپا — ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەممىلا يېرىدە سوقۇلۇپ يۈرۈيدۇ، ئۇنىڭ تارىخىي پائالىيىتى ھونلار بىلەن تۈركلەرنىڭ پائالىيىتى ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭ يىگىرمە تارىخى ياۋروپا — ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى 11 ئىمپېرىيەنىڭ تارىخى ئىچىگە قويۇلغان. ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى مۇشۇنداق خالىغانچە بۇرمىلاش ئۆز مىللىتىنى بۆلگەنلىك بولامدۇ؟! ئەپەندىلەر؟

دىكى «پانتۈركىزم» لىق تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر تارىخىنى «تۈركلەر» نىڭ بىر تارمىقى قىلىپ يېزىۋېلىش ئانچە ئەپچىللىك ئىش ئەمەس. ئەپچىللىكى شۇكى، بىر چۈشكۈنلۈكنىڭ دورامچىلىق قىلسەن دەپ ئىزلىگە قالىدۇ. بۇ زادى «تۈركلەرنىڭ تارىخىي شان-شۆھرىتىنى» نامايەن قىلغانلىقمۇ ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ ساغلام بولغان ئاساسىي ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئەنئەنىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان-لىقمۇ؟ بۇ مۇھىم مەسىلە. ئۈچ كىتابنىڭ ھالىتى مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئۇ ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشىدىن تولىمۇ چەتنەپ، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىگە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىرقچىلىق نەزەرىيىسى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلغان. ئاپتور توغرىدىن توغرىلا: «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ئەتراپلىقراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھونلار، ساكلار، تۈركلەر بىلەن بولغان قان-قېرىنداشلىقى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ» («ئۇيغۇرلار» 45-بەت) دېيدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلار بىلەن تۈرالار، ھونلار، ساكلار، تۈركلەر- ئىرقىي جەھەتتىن بىر» («ئۇيغۇرلار» 85-بەت) دېيدۇ. ئۇ ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ئىختىلاپلارنى دىققەتتە گەپ قىلمايلا، مىللەت بىلەن ئىرقنى بىر قىلىپ قويىدۇ. ئەمما، بۇلار بىر نەرسىمۇ؟ ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، مىللەت- بىر تارىخىي كاتېگورىيە، ئۇ ھەرگىزمۇ قانداشلىق ۋە ئىرقداشلىقى ئىللار بەلگىلىگەن «ئادەملەر توپى» ئەمەس. مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى، مۇرەككەپ كۆپ خىل ئىرقنى كۆزىتىلگەن قەبىلە-قوۋملارنىڭ قوشۇلۇش جەريانى. ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ھەمدە ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشچان تارىخىي دەۋردە ئۆزگىرىشچان تۈردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەسلىي تارىخىي خاتىرىلەرگە ئىگە بولغان دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى مىللىتىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ياۋروپا- خۇن ئىمپېرىيىسى، ئاق ھونلار ئېفتالىتلار ئىمپېرىيىسى، غەزنىۋىلەر سۇلالىسى، بۈيۈك سالجۇقلار سۇلالىسىنى، خارەزم خانلىقى بىلەن بىللە ئاتاقلىقمۇ بىۋاسىتە ئۇلار-ۋەتى بولسىمۇ؟ دەپ مۇشۇنداق ئىرقچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ كاناپىدىن ئاپتور ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزە-رىيىسىگە قارشى يول تۇتۇپ، ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقىرىدا تىلغا ئالغان ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى «بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز قۇرغان» («ئۇيغۇرلار» 31-34-بەتلەر) دېيدۇ.

ئىككىنچى، تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلىدا، ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ھەتتاكى سىياسىي ئۇسۇل قوللانغان.

ئالايلى، ئۇ زور مىقداردىكى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ھەدەق قوراشتۇرۇپ پايدى-لىنىپ يېڭىچە خۇلاسىلارنى چىقىرىدۇ. ئۇ ئافراسىياب (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ «تۇرانلار قەھرىمانى»، «ساكلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى» ھەققىدىكى «تارىختا ئۆتكەن رىيال شەخس» نىڭ «بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز» ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن، ئۇ پارسلارنىڭ تارىخىي داستانى «شاھنامە» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەسلىدە «شاھنامە» نىڭ ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان 1-قىسمى (ئەپسانە) نىڭ ۋە ئىككىنچى قىسمى «قەھرىمانلار رىۋايىتى» نىڭ ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال

قىسمىتى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ «نوقۇل ئەپسانە-رىۋايەت» ئىكەنلىكىنى پەقەت 3-قىسمى (ساسانىيلار سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ھېكايىلەر) تارىخىي رېاللىققا بىر قەدەر ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئافراسىياپ ھەققىدىكى بايانلار 2-قىسىمدا بېرىلگەن. «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» نىڭ ئىزاھىدا بۇ پېرسوناژ «قەدىمكى پارس رىۋايەتلىرىدىكى پېرسوناژ» دەپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېيتىلىدۇ. («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 18-توم 837-بەت) ئۈچ كىتاپ ئاپتورى ئالدى بىلەن «شاھنامە» نىڭ 2-، 3-قىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىپ، پۈتۈن ئەسەرنى «ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن» دەپ ئېيتىدۇ. ئاندىن كىتابنىڭ 1-قىسمىنى «ئەپسانىۋى ۋەقەلىكلەر»، 2-قىسمىنى بولسا، ئاتالمىش «ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلىكلەر» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئافراسىياپنى رېئال شەخس دەيدۇ. («قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 114-بەت) بۇنى قانداقمۇ ئىلمىي تەتقىقات دەپ ئاتىغىلى بولسۇن؟ چۈنكى، ۋەتەن ئەللىك ئالىملار «شاھنامە» نىڭ بىر قانچە يېرىدە يېزىلغان ئافراسىيابنىڭ جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ياردىمى ئاستىدا «تۇرانلارنى باشلاپ» ئىرانغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ھېچقانداق تارىخىي ئاساسى يوق دەپ كۆرسەتكەندى، ئاپتور ئەسىرى چۈشتۇر، كەپ يوپۇتۇپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بۇ ئىشقا قارىتا، بىر ئېغىزمۇ تىنمىغان.

ئۇ يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۈچ كۇپلېت قوشاقنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ «رېئال شەخس» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، بۇ قوشاقلارنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. (مەھمۇت قەشقەرى بۇ قوشاقلارنى ئەسىرىگە كىرگۈزگەنگە قەدەر ئاز بولغاندا بىر مىڭ يەتتە يۈز يىل ئۆتكەن بولىدۇ)، ھەتتە ئافراسىيابنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئۇ «تۇردۇ كەنت» (قەشقەردە) ئۆزگەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 625-يىلى ئۇرۇشتا ئۆلگەن، دەيدۇ. («ئۇيغۇرلار» 23-بەت). بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاپتور ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال كۆرسەتمەي، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا» دېگەن بىر ئېغىز مۇجمەل گەپنىلا قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئاپتورنىڭ خۇلاسىسىنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا ئۇ ئېيتقان «ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى» دېگەن «ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى» دېگەن ھۆكۈم ئىشلەنمەيدۇ-دە، ئۇنى تۇرانلار (يەنى ساكلار) دەپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئاپتورنىڭ ئۆزى ھونلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن باشلاپ ئاندىن تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. («ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-بەت). لېكىن ئۇ بۇ يەردە ئەلپاسىل ھونلاردىن 400 يىل ئاۋۋال (مىلادىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىردە)» بىزنىڭ يەنە بىر ئەجدادىمىز «ئالپاقچان قۇربان بولغاندى» دەيدۇ. قارىغاندا بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىنى-ئۆزى ئاغدۇرغانلىق ئىدىيەسىمۇ ئىدى، مەسىلە يۇقىرىقى بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. چۈنكى ئاپتور «بىزنىڭ 6 مىڭ يىللىق تارىخىمىز بار» دېگەن

ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا، مىلادىدىن بۇرۇنقى ۋە ئەسىردىن ئاۋۋالقى 5300 يىل تارىختىكى ۋەقەلەر زادى كەم بولغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچ كىتابىنى قايتا - قايتا ئاختۇرۇپمۇ، بۇنىڭغا جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق تارىختا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بىر تەنزە پاياپ چىقىدۇ. يەنى 5300 يىللىق ئۇزۇن تارىختا بىر مىليونلىغان ئۆز ئەجدادىنى ئېنىق تاپالماي قالدى! دۆلىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتنىڭ تارىخشۇناس بىراۋلار تەرىپىدىن ھەتتا قىلىنىپ، مۇشۇنىڭدىن ھالا چۈشۈرۈلۈپ قويۇلۇشى ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل ۋەھشىيەتلىك ئىش ئەمەسمۇ!

ئۈچ كىتابتا ئاپتور يەنە «ئوغۇزخان رىۋايىتى»دە تىلغا ئېلىنغان ئوغۇزخاننى ھونلاردىن چىققان پادىشاھنىڭ ئۆزى دەيدۇ. ئۇ رىۋايەت ۋە تارىخىي پاكىت ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بولۇپ ئۇزۇن زاماننى كىتابتا زادى ھەل قىلالمايدۇ. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئوغۇزخان ئۇرۇش قىلىپ ياۋروپاغىچە بارغان، ھىندىستاننى بويسۇندۇرغان، ئەلا يەرلەردە سۈرىيەنىمۇ ئالغان. ئەمما پاتوردىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخس (؟ - مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 - يىلغىچە) ھەققىدىكى يازمىلاردا بۇنداق ۋەقەلىك يوق. ئاپتور بۇ يەردە مەخسۇس، ھونلار تەركىبىدە دە خاتىرىلەنگەن پاتورنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى خەننۇيىدىكى يازغان بىر پارچە مەكتۇپىدىكى يۈكرۈۋان، ئۇيسۇن، خۇجىي ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەت ھونلار تەركىبىگە كىردى، دېگەن بىر جۈملە سۆزنى تارىخىي پاكىت قىلىپ، پاتور مىلادىدىن بۇرۇنقى 177 - يىلى يەتتەسۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇردى، دەپ جار سالىدۇ. (ھۆججەتلەر 16 - بەت، ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى 44 - بەت) ئاپتور يەنە مەزكۇر مەكتۇپنى پاتور غەربكە يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يازغان دەيدۇ. بۇ يەردە ئاپتور ۋە ئۇ ئىزاھلاپ نەقىل ئالغان «تەزكىرە»دە چەتتىكى ئەسەردىكى پاكىتنى توختاتمىلا خاتالىق سادىر قىلىنغان. يەنى، ئاتالمىش، ئەتراپتىكى 26 دۆلەت ھەرگىزمۇ غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرتتا ئەۋە بولغان شەھەر دۆلەتلىرى ۋە كۆچمەن قەبىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىچە بولغاندا، پاتور پەقەت بىر يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتەسۇ رايونى ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ بولغان. بۇ زامانىدىكى قوشۇننىڭ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى) دىن چىقىپ غەربىي ئاسىياغا يېتىپ بارغۇچە، ھازىرقى ۋاقىتتا ئىچ قىلىنىپ كېلىشكە بولغان ۋاقىت ئۈچ ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھازىرقى زامان قاراتىنىمۇ ئورۇنداش ئاسان ئەمەس. قەدىمكى دەۋردىكى ئات ئۈستىدە يۈرۈپ، مۇشۇنچىۋالا كۆزدە تۇتۇلغان خەلقلەرنى ئاسانلىقچە قولغا كەلتۈرۈپ كېتەلەمدۇ!

ئوتتۇرا ۋاقىت ۋە ماكان قارىشىنىڭ بولماسلىقى، تارىخ نەزەرىيىسىدىكى ئەڭ چوڭ يەكلىمىلىك. ئاپتورمۇ ھەققەتەن مۇشۇنداق يولدىن، يۇقىرىقىدەك جۇغراپىيىلىك تونۇشلارنى خىيالىدىكىچە چۈشەندۈرۈشلىرىدىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئالايلۇق، ئاپتور ئۇيغۇرلار تارىخى پائالىيىتى ئېلىپ بارغان دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئۇنىڭ

ئۈچۈن، «تۇتقۇرا ئاتىبار»نىڭ چىگرىسىنى «شەرقتە چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىن ئارتىپ غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن ئارتىپ، جەنۇبتا ھىمالايا تاغلىرىغىچە» كېڭەيتىدۇ. لېكىن ئەق ئىشلىتىدىغان ۋاقىتتا ئۇ دائىم ئۆزى بېكىتكەن چېگرا سىزىقنى ئۇنتۇپ ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگىنى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ؛ يەنە ئالايلى، «گەنسۇ» دېگەن ئىسمىنىڭ كېلىش مەنبەسى «گەنجۇ» ۋە «سۇجۇ» دېگەن ئىككى ئىسىمنىڭ قىسقارتىلىشىدىن كەلگەنلىكىدەك تارىخىي ياكىتتىن ئۆزىنى يوقۇلدى قاچۇرۇپ، ئۇنى قارىسىغىلا تۈركىي تىلىدىكى «سالغانلار»نىڭ سۆزى بولغان «كەڭسۇ» غا توغرىلىۋالىدۇ. ئۇ تارقىلىق كەڭسۇ ئەزەلدىن تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. يەنە ئالايلى، ئۇ ئۆز خىيالىغا كەلگىنىچە، «تۇران تۈزلەڭلىكى» نى «قەدىمكى چاغلاردا شەرقتە خىنگان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى) دىن ئارتىپ غەربتە قارا دېڭىز بويىغىچە سوزۇلغان چەكسىز ئىمپېرىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. («موڭغۇللارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 208- بەت) ئۇنىڭ مەقسىتى «تۇرانلار» (ئاپتورنىڭ تونۇشىچە تۈركلەر، ئۆزبېكلەر) نىڭ تارىختا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ماكانىنى كېڭەيتىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئۇ ئېيتقان «تۈزلەڭلىك» ئۇقۇمى ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ ۋە پامىر ئېگىزلىكلىرىدىن ئىبارەت ئۇشۇنداق بىر يايلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ روشەن بىر مەنىلىك. ماركس ۋە ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «تۇران تۈز-لەڭلىكى» نى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان، ئۇلار ئەسلا بىراق ھېچقاچان قەدىمكى ئۆزبېكلەرنىڭ پائالىيەت ماكانىنى بايان قىلىشقا ئىشلەتمىگەن؟ ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس، ھالبۇكى، ئاپتور «موڭغۇللارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدىكى «تۇران تۈزلەڭلىكى» تىلغا ئېلىنغان ئابزاس جۈملىنى نەقىل قىلىپ ئۇنى موڭغۇل يۈزلىكىنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللارنىڭ پائالىيەت-قان مۇھىتى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ خاتالىق، ئەلۋەتتە. «تۇران تۈزلەڭلىكى» تارىخىي جۇغراپىيە ئىلمىدا ئېنىق ھالدا كۆرسىتىل-گەن، دائىرىسى مۇنداق: ھازىرقى قازاقىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى، ۋە ئۆزبېكىس-تان، تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى كەڭ زېمىن تۇراننىڭ شىمالىي قازاق ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ ۋە پامىر ئالاتاۋ ئېتەكلىرىگە تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي داكېت تاغ تىزمىلىرىغا يېتىپ بارىدۇ. غەربىي ئارال دېڭىزىغا يېقىن كېلىدۇ. ماركس ۋە ئېنگېلس بۇ ئاتالغۇنى مۇشۇ مەنىدىن چۈشىنىپ ئىشلەتكەنىدى.

ئاپتورنىڭ كىتابىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىپادىلەنگىنى بىر خىل ئېتىبارلىق خاھىشى بولۇپ، ئۇ تارىخقا قارشى پوزىتسىيەدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا ئۈچ كىتاب باش تېمىغا جەملەنگەن «مۇبەدال ھېساب» قا ئايلىنىپ قالغان. ئۈچ كىتاب ئاپتورنىڭ ئۆزبېكلەر ئۈچۈن يېڭى «يالتىز» ئىزدەشتىكى غەرىزىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «يالتىز» قەيەردە؟ ئاپتور تۈرۈنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخى غەربىي ئىچىدە ئەمەس-لىكىنى، جۇڭگو تارىخىنىڭ ئىچىدە ئەمەسلىكىنى، جۇڭگودا مىللەتلىرى، جوڭ ئائىلىسىدە

ئەمەلىيەتنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. چەتئەللەردىكى دېڭىز تۈركىزمچىلار ئاسىيا، ياۋروپا، چەت قۇرۇقلۇقلىرىدىكى 16 قەدىمكى ئىمپېرىيەنى تۈركلەر قۇرغان «يېتىمىزى» دەپ تەرغىب قىلىشماقتا. ھالبۇكى، ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 11 نى ئاللىۋېلىپ ئۇنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «پەخرى» قىلىدۇ. ئەجەبا، بۇ بىر ئاسادىيلىقمۇ؟ ئەجەبا، بۇ ئىككى مىللەتشۇناسلىقتىن كىشىلەر بىرەر ئىلمىي پەرق ئې-تەلەمسۇ؟

## ئۈچىنچى «ئورتاق مەدەنىيەت»

«قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسەردە بۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ناھايىتى ئاز سۆزلىنىپ، يازمىلارنىڭ تارىخىي داستانى، ھون قوشاقلىرى، خەنزۇ ئەپسانە، ناخشا - قوشاقلىرى ھەمدە شىمالدىكى باشقا قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ قوشاقلىرى كۆپ سۆزلەنگەن. خەلقئارا ئىلىم ساھەسى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەدەبىيات ئۇيغۇر شېئىرلىرى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىنمىغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى گۇمانغا سالىدىغان چۈشىنىكسىز بىر ئىش. كىتابخانلار بۇنىڭدىن مۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ ئاپتور ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ھەققىدە تونۇپ يەتمىگەن، ئۇنىڭ ئەدىبىنى چەرلاپ تۇرغىنى ئاتالمىش «ئورتاق مەدەنىيەت» قارىشىدىنلا ئىبارەت.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇغ كەم دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇيغۇرلار ۋە «تۇرالار»، ھونلار، ساكلار، تۈركلەر بىر ئىرق، بۇلار ياراتقان مەدەنىيەت تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا بىر خىل مىللىي مەدەنىيەت» («ئۇيغۇرلار»، 25- بەت)

بۇ، بىر خىل خېلى ھەم قىزىق گەپ. قىياتاش رەسىملىرىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەدىمكى كىشىلەرنى «بىر ئىرق» دەپ ئىسپاتلاش، ئاپتورنىڭ بىر چوڭ كەشپىياتى. قىياتاش رەسىملىرى نېمە ئاساسقا تايىنىپ ئىرقىي مەنسۇپلۇقنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسۇن؟ ئاپتور قىياتاش رەسىملىرى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ساپ قانلىرى بىلەن سىزىپ چىقىلغان، ئەنە شۇلاردىنلا ئورتاق ئىرسىيەت گىنلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ، دەپ تونۇيدىكەن - يە؟ ئۇنىڭ يەنە بۇ ئارتۇقلۇق ئۇنى «ئوخشاش بىر مىللىي مەدەنىيەت» دەپ كېسىپ ئېيتىشى، نەزەرىيە جەھەتتىكى بىمەنىلىكتۇر. قارىغاندا، ئاپتور قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە بۈگۈنگە قەدەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت بىلەن جاھالەت ئوتتۇرىسىدا تۇرغان مەزگىلىدىكى ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك. ئۇ ئىرق بىلەن مىللەتنى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ۋە ئۇرۇقداشلىق مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن، ئاخىرىدا مەقسەتلىك شالىدا بىر خىل «ئىرق» ئاساسىدىكى مەدەنىيەت قارىشىنى ياساپ چىققان. بۇ، ماركسىزمنىڭ تا-

رىخى ماتېرىيالىزم تارىخقا خىرىس قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەقىقىي تا-
رىخ ۋە مەدەنىيەت ئىلمىي تەتقىقاتىغا خىرىس قىلغانلىقتۇر. ئاپتور يەنە، تەپتىنامىسىنى
ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى خۇلاسىلىرىنى «بۇنى ھازىرقى ئالىم دۇنياسى تونۇمىسىمۇ ئىزلىك ئېت-
راپ قىلدى» دەيدۇ. بۇنى ئۆزىنى كەتكەن يالغانچىلىق ۋە يوقىنىش دېيىشكە بول-
دۇ. دېمەك بۇنىڭ ئەكسىچە، «ھازىرقى ئالىم دۇنياسى» ئەنە شۇنداق ئىرق بىلەن
مەدەنىيەتنى بىر ـ بىرىگە چېتىش ئارقىلىق «ئىرق ئالاھىدىلىكى نەزەرىيىسى»نى تەرە-
ققىي قىلدۇرغان ساختا «ئىلىم»گە نىسبەتەن ئەزەلدىن قاتتىق بېرەن قىلىش پوزىت-
سىيىنى تۇتۇپ كەلدى.
«ئولتۇراق مەدەنىيەت تارىخى»نى قوللاش ئۈچۈن، ئاپتور يەنە دۇنيادىكى قا-
تارلىق بولغانلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ كەڭ ئۆلكىسىدىكى يۇگۇر مىللىتى بىلەن ۋېنگ-
رىيەدىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ خەلق ناخشا ئاھاڭلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بارغان سې-
لىشتۇرما تەتقىقاتنى بۇرمىلاپ، ئۇنى پاكىت ئورنىغا قويىدۇ. («ئۇيغۇرلار» 31-
بەت) بۇ يەردە ئاۋارىچىلىق دۇنياسىدىكى قاتارلىقلارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى «ئۇرال
مىتولوگىيىلىك» مەنىسىدىلا بولماستىن، ئۇ ئۆز ئىچىدە يەنە «تارقىلىشچانلىق ئامىلى»
مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى ھېچقاچان قانداقتۇ «ئولتۇراق تۈرك مەدە-
نىيىتى»نىڭ يەكۈنىنى چىقارغىنى يوق. مەدەنىيەت مەسىلىسى تەتقىق قىلغۇچىلار-
نىڭ ھەممىسى بىلىدۇكى، «مەدەنىيەت تۈرى ماھىيىتى» بىلەن «ئولتۇراق مەدەنىيەت»
بىر ـ بىرىگە ئاماسەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. ھالبۇكى، ئۈچ كىتابنىڭ
ئاپتورى دائىم ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئوتتەخەسسلەرنىڭ
سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ئۈچ كىتاب ئاپتورى ئېيتقان «ھونلار بىلەن كېيىن-
كى دەۋردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ناخشا ئاھاڭلىرى ۋە ۋېنگرىيە
خەلق ناخشىلىرى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقنى ھېچقاچان ئۇچراتقىنى يوق،
ئوقۇلاشقىنىمۇ. ئۈچ كىتاب ئاپتورى پەقەت، «ساماننى ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈش»
ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «سېرىق ئۇيغۇرلار» دېگەن بۇ قەدىمكى ئۇقۇم ئارقى-
لىق دۆلىتىمىزدىكى ھازىرقى زامان «يۇگۇر مىللىتى»نى كۆرسىتىدۇ. («ئۇي-
غۇرلار» 80-بەت) كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا مۇنداق سوئال قويىدۇكى:
ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن يۇگۇر مىللىتى بىر گەپمۇ؟ يۇگۇر مىللىتى بولسا قە-
دىمكى خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق مىل-
لەتلەر بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ شە-
كىللەنگەن، تارىختا لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ھازىرقى كۈندە ئايرىم
ھالدا تۈركىي تىل ۋە موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدىكى تىلنى ئىشلىتىدۇ. ئەگەر
ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ئوخشاش بىر مىللەت بولسا، دۆلىتىمىزدىكى ئاز-
سانلىق مىللەتلەرنى 55 كە ئايرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئاپتور ھەقىقەتەنمۇ
تارىخىي ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئەنە شۇنداق خالىغىنىچە قالايمىقان
قىلىۋېتىدۇ. «ئۇنىڭ» ھەقىقىدىمۇ ئاپتور ئالاھىدە، كۆپ توختىلىدۇ، ھەددە
بۇنى «تۈرك ئولتۇراق مەدەنىيىتى»نىڭ بىر بەلگىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ

رەددىيە بېرىدىغىنىمىز ئەزىزىمىدۇر، پەقەت شىمالىي ياۋروپادىكى ئا-
ھالىسى كۆپ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «بىزە تىلى» دىن ئىبارەت مىراس
ئادەتلىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشتىن ئۆزىنىلا كۆپەيتىپ، ئۇنىڭدىن ئاپتور ئۇيغۇر
مىللىتى بىلەن كۆچمەنلىكنى شىمالىي ياۋروپا مىللەتلىرى «ئورتاق مەدەنىيەت»
كە ئىگە دەپ تونۇش، يۈزىكىمىزدىكى مىسالات – خاتالىقلار كۆرۈپ – ئادەتلىرى ئى-
چىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ماددىلارنىڭ ھەممىسى «ئوخشاش مەنبە-
لىك» بولىشىدىن دەلىل. ئۇلارنى چوقۇم بىر «نارقىتىشچىلىق» ئۆتكۈزمىدىمۇ
چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ماركسىزمنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، ئۇنىڭدىن ماركسىزم تەدرىجى
يات – مەنىيەتى تەلىقىتىچىسى لافارگ مۇنداق دېگەنىدى: «بىر – بىرىدىن
ئايرىم، ئەڭ يىراق، رايون ئايرىمىسى ئەڭ چوڭ بولغان مىللەتلەر ئارىسى-
دا، ئوخشىشىپ كېتىدىغان توناق، رىۋايەت ۋە قائىدە – يوسۇنلارنى ئۇچرىتىش
مۇمكىن. «بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنى جايىدىن يىراق جايغا كۆچۈپ
كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىمايدۇ. بەلكى بىر خىل ئادەمنىڭ ئۇمۇم بولغان دې-
ئاللىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممى-
سى كۆپ جەھەتلەردە ئوخشاش بولۇپ ئايرىم جەھەتلەردىكى ئوخشىماسلىقلار
تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن.» (لافارگ «ئەدەبىيات سەنئەت
تىلىقىنى» ماقالىسىدىن، ئالمانىيە خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى 1963-) بۇ
ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىيالىزم.

ئاتالمىش «ئورتاق تىل» ئاپتورنىڭ «ئورتاق مەدەنىيەت» نەزىرىنى چۈ-
شەندۈرۈشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئاساسى. ئالدى بىلەن تۈركىي تىل ھەققى-
دىكى بەزى خاتا چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يان
تۈركىزمچىلار تىزچىل تۈردە گويا راستىنلا مۇشۇنداق بىر خىل مۇجەسسەم-
لەڭ تۈركىي تىلنى «ئورتاق تىل» دەۋېلىشتى.

مىللىي تىل – مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان بىر خىل
تارىخىي جەريانىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئېپتىدائىي تىللاردىن ئايرىلىپ چىقىپ،
ئۇرۇق، قەبىلە تىلى، ئەدەمىكى مىللەتلەر تىلى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەققى-
يات تارىخىي باسقۇچلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇزۇن ئىجتىمائىي پار-
چىلىنىش، قوشۇلۇش، يىمىرىلىش، قوشۇۋېلىش قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەن-
گەن ئۆزگىرىش جەريانلىرىدىن ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن. ئۇ ئەڭ زور
دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇش، ھەتتاكى رايون – مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مىللىي تىلى
ئاللىقاچان شەكىللەنگەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەرگىزمۇ باشقىدىن
ئارقىغا قايتىش، ئېپتىدائىي تىل تۈرىدىن پەيدا بولۇپ ئۆز ئارا مۇنا-
سىۋەت ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۈگۈن ئېيتىۋات-
قان «تۈركىي تىل» پەقەت ئىككى خىل مەنىگە ئىگە، بىرى، تىل سىستېمى-
نىيەسى مەنىسىدىن ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئېپتىدائىي تىلىنى

باردۇرىدۇ. ئىككىنچىسى، تىل تىپلىرى ئاساسىي تەتقىقات ئۇسۇلى نۇقتىسى-دىن ئېيتقاندا ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان تىللىرىنىڭ تىپ تەۋەلىكىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن نەدىمۇ تۈركىي تىل-لىق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئىشلىتەلەيدىغان «ئورتاق تىل» بولۇشى مۇمكىن؟

بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پان تۈركىزمچىلا مۇشۇنداق بىر خىل ھەممىسى ئىشلىتەلەيدىغان «ئورتاق تىل» نى ئىزدەش يولىدا ھەقىقەتەنمۇ كۆپ جاپا چېكىپ ئىزدىنىپ باقتى. ھالبۇكى، ھەممىسى مەغلۇپ بول-دى. پان تۈركىزمچىلارنىڭ دەسلەپكى «پروگرامما» سىدىلا ئوسمانلى تىلى، قازان تاتارلىرى تىلى ۋە چاغاتاي تىلىدىن ئىبارەت 3 تىل ئىچىدىن قايسىسىنى «ئورتاق تىل» ئورنىدا ئىشلىتىشنى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئا-مالسىز قېلىشقانىدى. چۈنكى قايسى بىر تىلنى ئىشلەتكەندە بولسۇن، ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ ساپ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار 1905-يىلى، 1917-يىلى ئاچقان ئىككى قېتىملىق پان تۈركىزمچىلار قۇرۇلتىيىدا بۇ تىللارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئورۇن بەردى، ئوخشاشلا «تەرجىمە» ھازىرلىدى.

1909-يىلىغا كەلگەندە، پان تۈركىزمچىلار چەتئەلدە ئاچقان يەنە بىر قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا يەنە بەزى كىشىلەر «تىلنى بىرلىككە كەلتۈ-رۈش» نى مۇراجىئەت قىلماي قالمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تونۇشى بويىچە قارىغاندا ھازىرقى زاماندا يەنە 29 خىل «تۈركىي تىل» بار ھەمدە ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالەتتىكى 30 خىل يېزىق سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زاماندىكى تۈركىي تىللىق ھەر قايسى مىللەتلەردە ھەرگىزمۇ ئورتاق «تۈركىي تىل» يوق. ھەممىگە مەلۇم، تىل پەقەتلا بىر بەلگە سىستېمىسى، بەلگە ئاساسىدىلا مەدەنىيەتنى يېتەرلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. تىل ئورنىدىكى 30 خىل يېزىق سىستېمىسى ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتلار، 30 خىل مەدەنىيەت بولىدۇ. ماركسىزمنىڭ تونۇشىچە، تىل مىللەتنىڭ بىر مۇھىم ئالامىتى، لېكىن بىردىن - بىر مۇھىم ئالامىتى ئەمەس. ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى، لېكىن بىردىن - بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئەمەس. يالغۇز تىل ئالامىتى مىللەتنى شە-كىللەندۈرەلمەيدۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوخشاش بىر خىل تىلنى ئىشلىتىپ، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتنى يارىتىدىغان، ئوخشاشلا، ئوخشىمىغان تىل ئىشلىتىدىغان ئوخ-شىمىغان مىللەتلەر ئوخشاش بىر خىل مەدەنىيەت يارىتىدىغان ئەھۋاللارنى تارىختا ۋە رېئال دۇنيادا ھەممە ۋاقىت، ھەممە جايدا ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئاپتور تىلنىڭ رولىنى چوڭ بىلىپ چەكتىن ئاشۇرىۋەتكەن، ئاتالمىش «تۈركىي مىللەتلەر» ۋە «ئورتاق مەدەنىيەت» نىڭ تەبىئىي ئالدىنقى شەرت-

تى ئورنىدا چۈشەندۈرگەن، بۇ ماركسىزم بىلەن سىنتائىماي قىلمىش بولۇپلا قالماستىن، دىئالېكتىكىدىنمۇ ناھايىتى يىراقلاپ كېتەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يەنە چوقۇم بىزنىڭ ئاتالمىش «ئورتاق مەدەنىيەت» كە نىسبەتەن تۇتقان مەيدانىمىزنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىز. ماركسىزم ئەزەلدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئوخشاشلىق ھادىسىلىرىنى ئىنكار قىلغىنى يوق، ئۇ ئوخشاشلا بۇ خىل ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ كەلدى؛ لېكىن ماركسىزم مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىن ئايرىلغان، مۇئەييەن جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئاساسىدىن ئايرىلغان، كونكرېت تارىخىي مۇھىتتىن ئايرىلغان، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى زامان تارىخىدىن ھالقىغان؛ ئىدىئولوگىيەسىزلەشتۈرۈلگەن تەنقىدلىرىگە قارشى تۇرىدۇ. مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ماركسىزمنىڭ بىر تۈپ تەلىپى ئوخشاش بىر مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتتىكى كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت. كۆپ ساندىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تارىخىدا (ئەلۋەتتە ھەممىسى ئەمەس) ھەقىقەتەنمۇ كونكرېت مەنىۋى مەدەنىيەت مەزمۇنى جەھەتتە ئېپادىلىنىدىغان ناھايىتى كۆپ ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر بار. مەسىلەن: يېزىق يېقىنچىلىقى، دىنىي ئېتىقادىنىڭ بىردەكلىكى، ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئوخشاشلىقى قاتارلىقلار. بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا كۆپلىگەن مۇرەككەپ تارىخىي سەۋەبلەر بار. مەسىلەن: ئالاھىدە تارىخىي دەۋر ۋە تارىخىي مۇھىتتىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھالىتى، ئوخشاش بىر خىلدىكى دىننىڭ تارقىلىشى، تىل يېقىنلىقى ۋە ئۇلانغۇراق جايلاردىكى ئولتۇراقلارچىلىق قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان تارقىلىش قاتارلىقلار. بۇ خىل ھادىسە ھەم سەۋەبلەرگە قارىتا ماركسىزمنىڭ تەلىپى - كونكرېت تەتقىقات ۋە كونكرېت يەكۈن. ھەرگىزمۇ «ئورتاق مەدەنىيەت» سۆزى ئارقىلىق بويۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىش ئەمەس.

ماركسىزمچىلار ئۆز نۇقتىسىدە يەنە شۇنداق تونۇيدۇكى، ھەر قانداق بىر خىل كونكرېت مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى بولىدۇ، ھەممىسى ئۆز ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ھەر قانداق بىر خىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىدە روشەن خاسلىق بولىدۇ. ئورتاقلىق ئايرىملىق ئىچىدە بولىدۇ ھەمدە پەقەت ئايرىملىق ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قايسى بىر مىللەت بولمىسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىدە «پەقەت ئىنسانىيەت ئورتاقلىقلار بار. مىللىي ئايرىملىق يوق» دەپ تونۇش مۇمكىن ئەمەس، ئورتاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىي ئايرىملىقنى يوقىتىۋېتىش كېرەك دېگەنگە قوشۇلۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماركسىزمچىلار ئوخشاشلا يەنە شۇنداق تونۇيدۇكى، بۈگۈنكىچە بولغان ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىكى ئورتاقلىق تارىخنىڭ مەھسۇلى،

ئۇ ئەزەلدىن ئۆزگەرمەي كەلگەن ئەمەس، ئۇمۇ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە يېڭىلىنىدۇ. تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەر ئارىسىدىكى كونىدىن بار بولغان بىر قىسىم مەدەنىيەت ئورتاقلىقى تەدرىجىي يوقىلىدۇ-ئاجىزلايدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ، ئەكسىچە يېڭى مۇھىت ئىچىدە، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى تەدرىجىي ھالدا يېڭى ئورتاقلىق ۋە ئايرىمچىلىقنىڭ بىرلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى بويىچە قارشى تۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان تەرەققىياتنىڭ تارىخىي دىئالېكتىكىسى!

ئىما - ئىشارە «ئەدەبىيات» ئەمەس

ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆزقارىشىنى ئىپادىلەش، ئۆزگىچىلىك ۋە «مۇستەقىللىق» ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىش - ئاپتورنىڭ بۇ كىتابتا قىلماقچى ۋە دېمەكچى بولغىنىدۇر.

ئاپتورنىڭ كەينى ئۈزۈلمەي يۈرگۈزۈلگەن ئىما - ئىشارىتى ھەرگىزمۇ «مەدەنىيەت» ئەمەس. مەسىلەن: ئۇ جاكالايدۇكى: «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنىغا قارشى غازاتتا جەڭگىۋار روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىغا كىرىش ئۈمىدى ئويغاندى... ئۇيغۇرلارنى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بىرلا دىنغا ئىشەندۈرگەن قىلالمىغاندا، ئاندىن ... بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشتا بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆپچىلىك ھېس قىلغان ... ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان خەلقلەر شامان ۋە بۇددا دىنلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئەنئەنىۋى ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرىشكە يول ئاچقاندى» («ئۇيغۇرلار»، 440-، 441- بەتلەر)

بۇ ئاپتور دېگەندەك «ئورتاق مەدەنىيەت» نىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى بولغان دىن ئىزىدىن توختىغانلىقىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاپتور بۇ يەردە تارىختا ئىسلام دىنىنى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى سانسىزلىغان «غازات جەڭلىرى» دىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى يېپىپ ۋە بىر چەتكە قايرىپ يوققا چىقارغان، ئەكسىچە ئۇنى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل «ئۆز ئىختىيارلىقى» بىلەن قوبۇل قىلغان ۋە جارى قىلدۇرغان سۇبيېكتىپ جەڭگىۋارلىق روھى دەپ چۈشەندۈرگەن. «مەدەنىيەت»، «ئەللەشتۈرۈش» كە ئايلاندۇرۇپ قالغان.

بۇ پەقەت تارىخنىلا سۆزلىگەنلىكمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداقمۇ ئەمەس. شۇڭغا ئۇلارمۇ ئاپتور يەنە ئارقىدىن ئىما - ئىشارە بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر خەلقى ھازىرغىچە ئەل ئەرسلانخاننى (خوتەننى بويسۇندۇرۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن خاقان — ئاپتور ئىزاھى) خاتىرلەيدۇ. ئۇلار ھەر يىلى كۆزدە (ئۇردام) غا بېرىپ ئىبادەت قىلىشىدۇ... گاھى يىللىرى بىر نەچچە يۈز مىڭغا يېتىدۇ» («ئۇيغۇرلار»، 452-بەت) دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ مازارنى تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىنى ئاپتور ئۆزى كۆزلىگەن

سۈپەتلىنىپ چەكلەنگۈچىلىق روھى بىلەن يەنە زىچ بىرلەشتۈرۈۋەتكەنلىكى — ئۇ-
نىڭ قۇتراتقۇلۇق ۋە ئومۇمىيلىق قىلىپ، ئۇز چاۋىسىنى بېشىغا ياي-
غانلىقى ئەمەسمۇ؟

ئاپتورنىڭ يەنە مۇنداق دېيىشى: «خەلقىم ئارزۇ قىلغاندەك، بەتنى
تاقەتسىزلىنىپ بىلەن كۈتمەكتىمەن، بىزنىڭ ھازىرقى ئەدىب - شائىرلىرىمىز
ئىچىدىن ... يېقىن كېلەچەكتە (مېنىڭچە ئىمكانىيەتى XXI ئەسىرنىڭ بېشىدا)،
ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تارىخىي پەخىرلىكى چاقنىتىپ بېشىدىن
كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرىنى تەسۋىرلەيدىغان ئۇيغۇر «شاھنامە»سىنى يې-
زىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىردەۋسىسى مەيدانغا كېلىدۇ ...» («قەدىمكى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، 135- بەت)

كىتابخانلار، ئاپتور «شاھنامە»نى چۈشىنىپ «قۇتادغۇبىلىك»كە پەت-
ھېيدۇ دېگەن ئەمەسمىدى، ئۇ يەنە نېمىشقا شائىرلار ۋە يازغۇچىلارنى يېڭى
دەۋرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىشقا چاقىرماي، ئەكسىچە يەنە كېلىدىغان
يېزىپ، «شاھنامە»گە چوقۇنۇپ، ئۇنى ئۈلگە قىلالايدۇ؟ دەپ ئەجەبلىنىشى
مۇمكىن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاپتورنىڭ ئىچكى نىيىتىنى ئوقۇپ بىلگىلى بولىدىغان
«ئەسەر»لەرنى كىمىي بار، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىكى سىرنىڭ بىرى، «شاھنامە»
دە بىر سۇلالىنىڭ پادىشاھنىڭ ھازىرقى قەدەر باشتىن كەچۈرگەن تارىخى
ۋەقەلىكلىرى» سۆزلەنگەن، ھالبۇكى، «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ يوق؛ سىرنىڭ
ئىككىنچىسى، «شاھنامە»دە پادىشاھ ئاخىرقىچە ئۆچمەنلىك ۋە قەدىمكى زا-
مان سۇلالىلىرى ۋە ئۆچمەنلىك رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە بولغان
ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىشىش ۋە جەڭلەر تەسۋىرلەنگەن. ھالبۇكى، بۇلار
«قۇتادغۇبىلىك»تە يوق. بۇ ئەھۋال ئاپتورنى ئامالسىز «شاھنامە»نى ئوتتۇ-
رىغا چىقىرىشقا مەجبۇر قىلغان. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ ئۈچ كىتابى-
دىكى يېزىقلىرىدىكى چاقىرىقنىڭ تېگى ئاشۇرۇلىشى.

ئاپتور 1983- يىلى ئېيتقان يۇقىرىقى سۆزلەردە ئىپادىلىگەن بۇيرۇقنى ئەگ-
رى - توقاي ھەر بىرىنى 1989- يىلى قىيالىغاچ ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ بىر
ئابىرانىي سۆزگە قاراپ باقايلى: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بىزنىڭ ئالدىغان
ئەڭ مۇھىم ئاچچىق ساۋاقلىرىمىز نېمە؟... بىرلەشكەن كۈچلۈك مەدەنىيەتلىك
بولغان قاراخانىيلار دۆلىتى مىلادى 1040- يىلى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخا-
نىيلاردىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولسا، كېيىن ئۇز تارىخى-
دا ھەرگىزمۇ بىر نەچچە ئىناقلارغا، بىرىدە سالجۇقىيلارغا بېقىندى بولۇپ قالمى-
غان بولاتتى، بەلكى ئەسىرلەر بويى ياشاپ، ناھايىتى بىر كۈچلۈك دۆلەت
ھالىتىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە شەرق ئىلىم ھەربىنىڭ تارىخىي تەرەققىيا-
تىغا چوڭ تۆھپە قوشقان بولاتتى. ئەۋلادى ئۇز زېمىنىغا ئىگە بولۇپ
ياشاپ بەختلىك ھايات كەچۈرگەن، خەلقىدىن تېخىمۇ كۆپ يۈسۈپخاس ھا-
جىپلار ۋە مەھمۇت قەشقەرىيلەر مەيدانغا چىققان بولاتتى... قاراخانىيلار دۆ-

لىنىنىڭ بۇ خىل تارىخىي ئەدىبىي ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان: «ئىككى قوشقار ئۈسۈشكەندە، بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچمىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. («ئۇيغۇرلار» ٤٢٥-، ٤٢٦-بەتلەر)

— بۇ يەردە ئاپتورنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پارچىلىنىشى ھەققىدە يوقىلىشىنى چۈشكۈن تارىخىي ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىقىدەك سەۋەبىنى قارىچىلاپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەڭ مۇھىمى ئاپتوردىن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مەسىلىنى سوراپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ:

— بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى «كېيىنكى ئەۋلادلىرى» ئۆز «زېمىنى»نىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتالىدى؟ ئاپتور تىلغا ئالغان «زېمىن» قايسىلار؟!

— ئىككىنچى، كىمدا ئىلار ۋە سىرلالقىلار ئاللىقاچان قايتا مەۋجۇت بولالماي قالدى. كېيىن، يەنە قايسى كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ «زېمىنى»نى ئىگىلىدى؟

— ئۈچىنچى، «ئىككى قوشقار ئۈسۈشكەندە، بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچمىدۇ» دېگەن «قوشقار» دېمەك قارىتىلغان؟ يەنە كېلىپ بۆرە كىم؟

ئاپتورنى يەنە «تارىخ» ئۈستىدە «ئۆزلەۋاتىدۇ» دەپ قارىماسلىق كېرەك. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاپتورنىڭ غەرىزى ئۆزى يەكۈنلەپ چىققان ئاتالمىش «تەجرىبە، ساۋاقلار»نى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇ ئۆزىنىڭ غەرىزىنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ئاسان بولىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر جايىدا ئوچۇقتىن ئوچۇق مۇنداق يازغان: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسى ئىسىك قىياغا ئۆزىنى ئۇرغان دەھشەتلىك دولقۇندەك داۋالغۇشقا باشلىدى. ئالىي جاناب خىسلەتلىك. شىر يۈرەك قەھرىمان كورشادنىڭ نامى مەڭگۈ ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق يولىدا كۈرەشكەن كۈرەشچانلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى.» («ئۇيغۇرلار» ٢١١-بەت)

«كورشادقا نىلارنىڭ» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزگە دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز، بۇ ئۈچ كىتابنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆز. بىر جۈملە سۆز ئاپتورنىڭ ئۈچ كىتاب ئارقىلىق يان توركىمدىس ئىبارەت بۇ تارىختا ئۆتكەن ئەۋلاقا قىلىنغان بىۋۇدە خىتابىنى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى ئالىلىشىشقا قوزغاش ئارزۇسىنى كىيا تىلغاندىن باشقا، يەنە نېمىنى ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن؟

## «تاۋغاچ» نېمە ئۈچۈن بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ؟

گۇ پېڭلياڭ

مىلادىيە ١٢٢١-يىلى چاڭچۇن ئەۋلىياسى چيۇچۇجى چىڭگىزخاننىڭ ئابىزرۇقىقا

بىنائەن غەربىي رايونغا كېلىپ، ئالمالىق (قەدىمىي شەھىرى) يېنىدىكى قورغاس دائىرى- سىدە) تا يەرلىك ئازسانلىق مىللەتنىڭ خەنزۇلارنى «تاۋغاچ» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بايقىغان. «چاڭچۇن ئەۋلىياسىنىڭ غەربكە ساياھىتى» دە «ئالمالىقتىكى «دېھقانلار»مۇ تۇڭسەگدىن يار سۇ چىقىرىپ يەر سۇغىرىدىكەن. يەرلىك كىشىلەر لوڭقىغا سۇ ئېلىپ قايىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇزلەڭلىكنىڭ لوڭقىسىنى كۆردۈم، خوشاللىقىمدا يۈزىنىڭ بە- لەن. تاۋغاچلار كۆپ ئىشنا مۇزوپىيەتىكەت قازىنىپمىكەن دېدىم. تاۋغاچلار خەنزۇلار- دۇر» دېيىلىدۇ.

خەنزۇ يېزىقىدا «تاۋغاچ» دېگەن ئاتالغۇ قانداق كەلگەن؟ بەزىلەر بۇنى ئەپ- سانىۋى تارىخىي دەۋرىدىلا بولغان دەپ مىسال بىلايدىكەن. ئەمما بۇ جەھەتتە ھەق- قىي دەلىل ئىسپات يوق؛ ھازىرقى راست ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جوڭگو جە- دىن 600 نەچچە يىل ئىلگىرىلا پەيدا بولغان شەرقىي روما تارىخچىسى سىموكاتتىنىڭ خاتىرىلىشىچە، مىلادىي 598- يىلى تۈرك قاغانى شەرقىي روماغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا مەكتۇپ سۇنۇپتۇ. مەكتۇپتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى ئىسمى بىلەن بىللە ئا- ۋارلارنى ئىستىلا قىلغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئاۋارلار ئىستىلا قىلىنغان ھامان، ئاۋارلارنىڭ قالغان قوۋملىرى تاۋغاچلار (Taugas) ئارىسىغا قېچىپ كېتىپتۇ. تاۋغاچلارنىڭ مەد- ھۇر شەھىرى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئارىلىقى مىڭ 300 چاقىرىم كېلىدىكەن، ھىندىس- تانغا تۇتىشىدىكەن ئۇلارنىڭ تاۋغاچلار ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقان قوۋملىرى ناھايىتى كۆپ ھەم باتۇر مىللەت ئىكەن، دۇنيادىكى پادىشاھلىقنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تەڭ كې- لەلمەيدىكەن. مىلادىي 8- ئەسىردە ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئورنىتىلغان تۈرك يېزىقىدىكى ئا- بىدىسىدە تاڭ سۇلالىسى تاۋغاچ دېيىلگەن. مەسىلەن، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تې- شى» نىڭ 1- قۇرىدىلا: مەن بىلگە تونيۇقۇق تاۋغاچلاردىن تەلىم ئالغان. (ئۇ چاغدا تۈرك ئەل تاۋغاچلارغا قارام ئىدى» دېيىلگەن، يەنە «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ جە- نۇبىي يۈزىنىڭ 11- 12- قۇرلىرىدا، «مەن رەسسام سىزدۇرۇش (قەبرە تېمىغا) ئۈچۈن تاۋغاچ پادىشاھىدىن رەسسام سىزغۇچى ئۇستىلارنى سورىغاندىم. ئۇلار مېنىڭ تەلە- پىمنى رەت قىلمىدى، تاۋغاچ پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدىكى ئۇستا رەسساملارنى ئەۋەتتى ... دېيىلگەن تونيۇقۇق، كۆلتېكىنلەرنىڭ ئىسىملىرى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ئۇچ- رايدۇ، بۇغىرىقى ئىسىملارنىڭ ھەممىسى تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغىنى بىلەن ئوخشاش- لىقى شۇ يېزىقى، تاۋغاچ دېگەندە تاڭ سۇلالىسى كۆزدە تۇتۇلاتتى، مىلادىي 11- 12- ئەسىرلەردە قاراخانىلار سۇلالىسى قاغانلىرىدىن بىر نەچچىسىنىڭ ئۇنۋانىدا «تاۋ- غاچ خان» دېگەن نام بار ئىدى. خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۇنى جۇڭگو دېگەن مەنىگە ئىگە دەپ قارايدۇ. خەنزۇلارنىڭ ياكى جۇڭگونىڭ تاۋغاچ دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

1. بەزىلەر «دۇنياۋى» نىڭ تەرجىمە ئاھاڭى دەيدۇ. ئەمما بۇنداق گەپنى تە- شەببۇس قىلغۇچىلار كېيىنكى ۋاقىتتا كېيىندىن يېنىۋالغان.

2. بەزىلەر «تەڭرىقۇت» نىڭ تەرجىمە ئاھاڭى دەيدۇ. بۇ گەپ ئوتتۇرىغا چې- قىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ياشقىلارنىڭ رەددىيىسىگە ئۇچرىغان.

٣. بەزىلەر «تاڭ جازى» نىڭ تەرجىمە ئاتالغۇسى دەيدۇ. بۇ گەپلەر، ئەلۋەتتە، ئاشۇرۇۋېتىلگەن گەپلەر ئەمەس. چۈنكى بۇ ئاتالغۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگىنىگە ئوخشاش، «تاڭ جازى» دېگەن ئاتالغۇمۇ يادىكارلىقلاردا ئانچە ئۇچرىمايدۇ...

٤. بەزىلەر بۇ ئەسلىدە دەۋردە تارقالغان رىۋايەتلەردىكى «تېيىۋىننىڭ پاكى «تاۋگىر» نىڭ پاكى بولمىسا ئۇلار ئولتۇراقلاشقان زېمىنىدە «چىياۋچو» نىڭ تەرجىمە ئاتالغۇسى، ئۇلار ئەسلىدە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا جەنۇبقا كۆچكەن ۋە بىكى كۆچۈپ بارغان جايلىرىغا تارقالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر كونا نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان دەيدۇ. بۇ گەپ دەلىل-ئىسپاتسىز گەپ بولغاچقا ئۇ ئىلان قىلىنىپ، ئۇزۇن يىل بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇنى ياقلايدىغان كىشى چىقمىدى. شۇڭا ئۇ گە يەنە تىز بېسىپ تۇرالمىدى.

٥. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھ جەمەتىنىڭ تۇبا (拓跋) پەمىلىسىنىڭ تەرجىمە ئاتالغۇسى. بۇ گەپنى مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى رايون جەھەتتىن بولسۇن، پۈتۈنلەي ئاقىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇچۇن مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ تولىسى بۇنى قوبۇل قىلغان.

بۇ «تاۋغاچ» ئاتالغۇسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە ھازىرقى زامان ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەھۋالى.

تۆۋەن ئالىمىسى ئەپەندىمىز «تۈركلەر» دېگەن كىتابىدا «تاۋغاچ» ئاتالغۇسى توغرىلىق گەپ ئاچىدۇ. ئۇ: «تاۋغاچ» سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا يېقىندىن بۇيان ھەركىم ھەرخىل پىكىرلەرنى دەيدىغان ئىش چىقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ئەسلى مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دېمەيدۇ. ئۇ قانداق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇ يۇقىرىقى سۆزىدىن كېيىنلا مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن جۇڭگونى شىمالدىكى قوشنىلىرى - تۈركلەر (ھونلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) - «تاۋغاچ» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆز «قارام»، «يېقىندى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان». ئۇ يەنە شۇنداق: جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىمالدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پاراكەندىچىلىك سالغانلىقىنى يېشىلىق، سەنسەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ھونلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پاراكەندىچىلىك سالغانلىقىنى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلارغا مەلۇم سانda ئاۋار - دۇردۇن ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئولپان سېلىق تەرىقىسىدە تاپشۇرۇپ تۇرغانلىقىنى شىمالىي چى، شىمالىي جۇنىڭ تۈرك خانلىقىغا يېقىنلاشقانلىقى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى دەلىللىمەكچى بولىدۇ. ئۇ:

«شەرقىي رۇما تارىخچىسى سىموكاتتا: «تاۋغاچ بولسا ئەسلىدە تۈركلەرنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى» دەپ يازىدۇ» دەيدۇ. ئۇ تاۋغاچ توغرىسىدىكى بۇنداق چۈشەندۈرۈشنى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەتبىقلايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تاۋغاچخان دېگەن ئاتالغۇنى ھەرىپ قاراخانىيلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۆزىنىڭ

شەرقىي قاراخانىلارغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن، 1068 - يىلى ئىبراھىم بۆرە تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، غەربىي قاراخانىلارنىڭ قاغانلىرى ئۆز تەڭگىلىرىدە (تاۋغاچ) سۆزىنى قوللانمايدىغان بولدى.»

زادى بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ قايسى توغرا؟ ئەمدى بىز بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

بىرىنچى، تاۋغاچ دېگەن ئاتالغۇ نەق دەسلەپتە قاچان پەيدا بولغان؟ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەملىكىتىمىزدىكى ئايرىم ئالىملار ئەمنىيە دەۋرىگە ئائىت رىۋايەتلەرنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەپسانىۋى تارىخ دەۋرىدىلا پەيدا بولغانلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان ئاساسلىرى قايىل قىلىش كۈچى يوق، ئىسپاتلانمىغان پەرەزدىنلا ئىبارەت. تۈركىي ئالىملار ئەنە شۇنداق گەپلەرنى يېزىپلا كۆچۈرۈۋالغان ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ تاۋغاچ دېگەن ئاتالغۇغا ئىزاھات بېرىشىنىڭ ئاساسى قىلىۋالغان. بۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. رىۋايەت دەۋرىدە، يىن، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىنجاڭدا ئەمنىيە دەۋرىدە، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ۋە خەنزۇلارنى نېمە دەپ ئاتىغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھازىرقى تارىخىي ماتېرىياللار ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن ھونلار شۇنىڭدەك غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقىنى چىن، خەن دەپ ئاتايتتى، خەنزۇلارنى چىنلار، خەنلەر دەيتتى. بۇنىڭغا ۋەسىقىلەر، خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردىن تولۇق دەلىل تاپقىلى بولىدۇ. «چىن» دېگەن نام كېيىنكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى ئۇزۇن داۋام قىلدى، بۇ خەلقئارادىكى ئالىم ۋە ساھەسىدىكىلەر ئېتىراپ قىلغان ئاددىي ساۋات. ئېللارنىڭ، تۈركلەرنىڭ ھونلاردىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى، ھازىرغىچە ئېنىق بەلگىلى بولمايۋاتقان مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى، خەنزۇلارنى تاۋغاچ دەپ ئاتىغانلىقىنى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئېنىق خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ ئاتالغۇنىڭ چۈشەنچىگە بولىدۇ. بۇنىسى شۈبھىسىز. تۈركىي ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەددىدىن گەپ سېتىشىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئەمەس، بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن «ئاساس» ئىزدەشتىنلا ئىبارەت.

ئىككىنچى، «تاۋغاچ» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى نېمە؟ يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگىنىمىزدەك، ئەسلىدە ئارخىپلارغا ۋە يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، گەرچە ئۇنىڭ ئېيتىلىشى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇ مىللەت نامىنىڭ تەرجىمە ئاھاڭىدىن، شەھەر ياكى يەر نامىنىڭ تەرجىمە ئاھاڭىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تۈركىي ئالىملار بۇنى باشقىچە نىسبەتلەپ «قارام»، «بېقىنى» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىدى. بىرىنچىدىن، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىزاھلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمىگەن ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمىگەن. ئىككىنچىدىن، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئىزاھات ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىل كۆرسەتمىگەن، ھەتتا ئۆزى پەرەز قىلغان ئاھاڭنىمۇ تەتقىق قىلمىغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ

ئاساسسىز ھۆكۈمدىنلا ئىبارەت. ئۇ ئىلىم ساھەسىدە ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە، تۇرغۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان ئۇلۇغ يېزىقنىڭ ئابىدىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى زامانىدا تۇرك تىلىدا «قۇرام»، «دېھقىندى» سۆزىگە يېقىن تۈشۈنچىسى ئۆزلىنىدە-كەن، ئۆز مىللىتىنىڭ ياكى يات مىللەتنىڭ «قارا»سى بىر دېيىلمىدىكەن، مانا بۇ تۇرغۇن ئالىماسنىڭ تاۋغاچ تومۇرسىدىكى چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئاساسىنى تېپىدۇرما ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

ئۈچىنچى، سىۋكاتتانىڭ «تاۋغاچ» بولسا ئەسلىدە تۇرانلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى» دېگەن سۆزىنى تۇرغۇن ئالىماس بىر پارچە خەنزۇچە ماقالىدىن كۆچۈرۈۋالغان. بۇ خەنزۇچە ماقالىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە ئېلىنماي بىر ئېنگىلىزچە ئەسەردىن ئېلىنغان. بىرىنچىدىن، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، سىۋكاتتانىڭ خەنزۇچە ماقالىدە نەقىل قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزىنىڭ، يەنى «تاۋغاچ ئەسلىدە تۇرانلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى» دېگەن سۆزنىڭ ئارقىسىدا، «ۋەيلار ئەمەلىيەتتە قۇدرەتنىڭ ئەمما مۇلايىم بىر مىللەت بولۇپ قالدىكى، دۇنيادا بۇنداق مىللەت كەمدە كەم كۆرۈلىدۇ» دېيىلگەن سۆزلەرمۇ بار ئىدى. بۇ سۆزلەر تۇرغۇن ئالىماس تەرىپىدىن چىقىرىپ تاشلانغان. ئىككىنچىدىن، خەنزۇچە ماقالىنىڭ ئاپتورى: «مۇستەملىكە» دېگەن سۆزنىڭ خاتا چۈشىنىلىپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھات بېرىپ، «ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تۇرانلارنىڭ مۇستەملىكىسى، ئىدى دېگىنى ئەمەلىيەتتە يىراق قەدىمكى دەۋردە تۇرانلارنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمىغا كۆچۈپ كىرگەنلىكىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ يىغلىق دەۋردىن ئىلگىرى چىن غەربىي چېگرىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھىندىلارنىڭ، پارسلارنىڭ مەملىكىتىمىزنى، «چىن» دەپ ئاتىغانلىقى، قىتانلار قولىنىڭ شىمالنى يېسۋالغاندىن كېيىن، رۇسلارنىڭ مەملىكىتىمىزنى بارا-بارا «خىتاي» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئوخشاش بىر ئىش» دېگەن. تۇرغۇن ئالىماس بۇنى نەزەرگە ئالماي، كىتابخانلارنى «مۇستەملىكە» دېگەن سۆزنى خاتا مەنا بويىچە چۈشىنىشكە دەۋەت قىلغان.

تۆتىنچى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تاۋغاچخانلىرى «قارام خان»، «دېھقىندى خان» دېگەن مەنىدىمۇ؟ تارىخىي ئەمەلىيەت تۇرغۇن ئالىمىنىڭ دېگىنىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە. بىرىنچىدىن، تاۋغاچخان دەپ ئاتالغانلار غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىلا ئەمەس ئىدى، شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىدىنمۇ تاۋغاچخان دەپ ئاتالغانلار بار ئىدى. مەسىلەن، 1074 - 1073 - يىللىرىدىن 1101 - 1103 - يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ھەسەن ئىبنى سۇلايمان «تاۋغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىلىشى ئۇنىڭ كىمگە قارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەمدۇ؟ ئىككىنچىدىن، تۇرغۇن ئالىماسنىڭ دېگىنىدەك، ئىبراھىم بۆرە تېگىن 1068 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسى پارچىلىنىپ بۆلۈنۈپ چېچىلىپ كەتكەن ئەمەس، ئۇنىڭ قاغانلىرى تاۋغاچخان دېيىلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئەمەس، پاكىت مۇنداقكى، غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسى قاغانلىرىدىن 1097 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان سۇلايمان

ئىبنى داۋۇت، 1130- يىلى تەختتە ئولتۇرغان ئىبراھىم ئىبنى سۇلايمان، 1141- 1156- يىللىرى تەختتە تۇرغان ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەت، 1162- 1163- يىللىرىدىن 1168- 1169- يىللىرىغىچە تەختتە تۇرغان ياسىر ئىبنى مۇسىنى قاتارلىقلار تاۋغاچخان دەپ ئاتالغان، ئۈچىنچىدىن، قاراخانىلار سۇلالىسى خاقانلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدا تاۋغاچتىن باشقا، جۇڭگو بىلەن بىرلىكنى بىلدۈرىدىغان باشقا ناملارمۇ بولغان. مەسىلەن، ئىبراھىم شەرقنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ شاھى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئوغلى ۋارىسى ناسىر شەرقنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ سۇلتانى دەپمۇ ئاتالغان. تۇرغۇن ئالماس نېمە ئۈچۈن مۇشۇلارنى توغرىلىق بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىدىكىن؟

ناھايىتى ئېنىقكى، تۇرغۇن ئالماسنىڭ تاۋغاچ ئاتالغۇسىنى «ئېنىقلىشى» ئۆزگەرتىشنىڭ ئىككىنچى ئۆزلۈك ئىپتىلەشتىن ئىبارەت، خالاس. كىشىگە غەلىتە تۇيۇلىدىغىنى شۇكى، بۇنداق مىساللار تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئەسىرىدە ئاز ئەمەس، ئۇنى چوڭكىيول زەنجىرىدىكى بىر ھالقا دېيىشكە بولىدۇ.

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخى قىسمىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ (جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ) قاراخانىلار سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى تارىخى تەسۋىرلىنىدىغان يەرلەر كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغانلىقى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئالغانلىقى ئۈستىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇنانلىق ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە يۇنان باكتىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يولدا ھونلارنىڭ، كۇشانلارنىڭ، ئېفتالىتلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ئۈستىدە سۆزلىنىدۇ. بۇ يەردە خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى كۆرۈنمەيدۇ. غەربىي يۇرت قوغداش مەھكىمىسى كۆرۈنمەيدۇ، بېگىرا مۇداپىئە قوماندانى، غەربىي يۇرت دورغىبى كۆرۈنمەيدۇ، ۋېي-جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىشلىرى كۆرۈنمەيدۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا (قوچودا) يولغا قويۇلغانلىقىدىن ئەسەرمۇ يوق. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى كۆرۈنمەيدۇ. ئەنشى (كۇچا)، بېشبالىقنىكى ئىككى قوغداش مەھكىمىسى كۆرۈنمەيدۇ، ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتى قانچىلىكمۇ تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇنى قانداقمۇ تارىخ كىتابى دېگىلى بولسۇن؟! بۇ تارىخنى پاكىتنى بۇرمىلاپ ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەگرى-بۈگرى قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟

— بەزىلەر تۇرغۇن ئالماس شۇ كىتابىنىڭ باشقا بىر يېرىدە خەن سۇلالىسى، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلار ۋە تاڭ سۇلالىسى توغرىلىقمۇ سۆزلەپتىغۇ دېيىشى مۇمكىن. راست، سۆزلەپتۇ. ئەمدى، بىز ئۇنىڭ قانداق سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

بىرىنچى، خەن سۇلالىسى ھونلارنىڭ گەۋدىلەندۈرگۈچىسى سۈپىتىدىلا سۆزلەنگەن. ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن، خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاساسەن يېزىلمىغان. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالغانلىقى تېخىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. ئىككىنچى، جاڭچيەننىڭ غەربىي يۇرتقا كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان-دى. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا جاڭچيەننىڭ رولى خەن ۋۇدىنى دوستانە سالام ئەۋەتىپ ئالدامچىلىق قىلىش، مەلىكىسىنى ياتلىق قىلىپ تۇغقان تۇتۇشقا قاتارلىق ئۇسۇللار بىلە قولغا ئالالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت قىلىپ قويۇلغان. بەلكى ۋۇ تىلغا ئېلىنغان، ئەمما ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا، بەلكى ۋۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر نەچچە ئۆزگىرىشلىرى بىلەن بىر-بىرى بىلەن بولغان زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشىنى ئالغا سۈرگەن، ئۇلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، كۆپ پۇرسەتتىن تۇنجىدىكى مەۋقەچى بولغان قىلىپ قويۇلغان. ئاپتور يەنە تېخىمۇ ئىنداق دەيدۇ: «خەن سۇلالىسى خانلىق-خىل مەۋقەلەر تۈزۈپ يۈرگەندىن، ئاياللىرى ھونلارنىڭ يول قويمىغانلىقىدىن تارىم ئويمانلىقىنى كونترول قىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان».

ئۈچىنچى، ۋۇجاڭ، ئىگىز ھارۇملىقلار، مۇستەقىللار ئۈستىدە سۆزلەنگەندە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تىلغا ئېلىنغان، ئەمما شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرىكەتلىرى، قىلغان ئىشلىرى تىلغا ئېلىنمىغان.

تۆرت خانلىقى ئۈستىدە سۆزلەنگەندە سۈي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى تىلغا ئېلىنغان، ئەمما سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى، قىلغان ئىشلىرى ئېيتىلمىغان.

تۆتىنچى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش تورغۇلۇق سۆزلەنگەندە تاڭ سۇلالىسى تىلغا ئېلىنغان، ئەمما خۇلاسە قانداق بولغان؟ بىرىنچىدىن، تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى ئۇزۇل-كېسىل يېڭەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغان، دېگەندىن ئىبارەت بولغان. ئىككىنچىدىن، غەربىي تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن بىرلەشكەن قوشۇنى تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىر قىسىم زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 742-يىلغىچە ئاساسىي جەھەتتىن مۇستەقىللىق ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى» دېگەندىن ئىبارەت بولغان. بۇ ئىككى خۇلاسە بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلىسى تۈرغۇن ئالماس تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىرىلغان، يەنە كېلىپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىر نەچچە يىللىق پەرق بار.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ كىتابىغا سىڭدۈرۈلگەن ئاساسسىز ھۆكۈملەر، ھەق-ناھەق ئاستىن ئۈستۈن قىلىپ قويۇلغان باھالار كۆپ.

تۇرغۇن ئالماس نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟ بۇ ئىلىم ئۈستىدە ئىزدىنىش ئەمەسمۇ، ئالتە-يەتتە ئېغىز كىتابنىڭ ساقلىنىشى ئېسى دەپ تۈزىتىش ئاۋۇلىشى مۇمكىن بولغان ياق، ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئىلىم ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ماتېرىيالنى ئاساس قىلىش، ماتېرىيال بىلەن گەپ قىلىش. تارىخنى ھۆرمەت

بولمىغان تەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، تارىختا ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان پاكىتنى يوققا
چىقىرىش ياكى تارىخىي پاكىتلارنى خالىغانچە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش بىر-بىرى
بىلەن زادىلا ماسلاشمايدىغان ئىش. ئەگەر «يۈرەكلىك ھالدا پەرەز قىلىش، ئېھ-
تىياتچانلىق بىلەن دەلىللەش» ئىلمىي بولغان ئىلىم تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى بولىدىغان
بولسا، تۇرغۇن ئالماسنىڭ پەرەز قىلىشنىلا بىلىپ، دەلىللەش بىلەن كارى بولماي-
دىغان بۇنداق قىلىقى ئىلىمدىن يەكسۈز يىراق بولغان بولىدۇ.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنى ھەر تەرەپتىن كۆزەتكەندە، ئۇنى يازغانلىقى تەس
ئەمەسكى، ئاپتورنىڭ تەرغىب قىلماقچى بولغىنى ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا جۇڭگو مىللىتى
ئەمەس ئىدى، ئۇ جۇڭگو بىلەن زىتلىشىدىغان تۇرۇشتا تۇرۇپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار
ياشىغان زېمىن تارىختا جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىدى، ئۇ جۇڭگو بىلەن زىت
تۇرۇشتا تۇراتتى دېيىدىغان ئىدىيەدىن ئىبارەت. ۋاھالەنكى، تارىخىي پاكىت بۇنداق
ئەمەس! قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە بىرلا جاۋاب بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ
نۇقتىئىنەزەرىگە پايدىسىز بولغانلىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئابستراكسىيىلەپ تاشلىۋېتىش
ۋە تەرغىب قىلىش، مۇبالىغە قىلىش؛ ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ماس كېلىدىغان كەلمەي-
دىغانلىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سېلىش، پۈتۈنلەي
قىرقىپ تاشلاش، قوپال قالايمىقان ياكى بۇرمىلاش، ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى
سەزدۈرىدىغان ئىچىدىن، تارىخىي ماتېرىيال بولمىسا، قۇرۇق ئويلاپ چىقىرىش.
تۇرغۇن ئالماسنىڭ كىتابىنىڭ ئىزگىرنى مانا شۇ يەردە.

## شىنجاڭدا يېقىنقى زامان تارىخىدىن بۇيانقى بىرلىك ۋە بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئۆز ئارا كۆرۈشى

نىغمەت ياقۇپ

20- ئەسىرنىڭ باشلىرى، بولۇپمۇ روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەي-
نىدە، روسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق باشقىلار شىنجاڭدا
زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىق ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە ئاغدۇرمىچىلىق،
بۆلگۈنچىلىك سۈيقەستىنى كۈچەيتتى. ئەنگلىيە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەس-
رىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىيە قاتارلىق ئوتتۇرا، يېقىن شەرق دۆلەتلىرىدىن بىر قىسىم
ئادەملەرنى جاسۇسلۇققا ياللاپ، شىنجاڭغا يوشۇرۇن كىرگۈزدى. بۇ جاسۇسلار دائىرىلا
قىيا پېتىگە كىرىۋېلىپ، جايلاردىكى مەسچىتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، دىننى ۋەز ئېيتىش
نىقابىدىن پايدىلىنىپ «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم»نى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى
ئىدىيە جەھەتتە زەھەرلەش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ۋە بىرلىكىنى
بۇزۇش سۈيقەستى بىلەن شۇغۇللاندى. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە تۈر-
كىيىنىڭ جاسۇسلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، ئاتۇشتا «دىنىي مەكتەپ» قۇرۇپ، ئۆتتەڭ-

دىن ئەكسىيەتچى ئىدىيە تارقىتىش ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش بازىسى سۈپىتىدە پايدىلاندى. ئەنگلىيە، ياپونىيە، گېرمانىيىنىڭ تۈركىيىدىكى بۇ بىر تۈركۈم جاسۇسلار شىنجاڭدا ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرناللارنى يوشۇرۇن تارقىتىپ، شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، ھەدەپ كاپىرلارنى يوقىتىشنى، ئاتالمىش ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى تەرغىپ قىلدى. نەتىجىدە، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم شىنجاڭدا يامراشقا باشلىدى ھەمدە بىر تۈركۈم يەرلىك مىللىي بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنى ئىنتايىن ئېغىر بالايى - ئاپەتلەرگە دۇچار قىلدى («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ٢- كىتاب ٣٩٦- ٣٩٧- بەتلەر).

ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ١٩١١- يىلى ئىلىدىكى بوۋاي يوپىشچەك سابىرنىڭ ئوغلى مەسئۇت تۈركىيىگە ئوقۇشقا بارغان. ئۇ تۈركىيىدە پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ١٩١٥- يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ قۇرۇش نامىدىن پايدىلىنىپ، پانتۈركىزم ۋە ئىسلامىزملىق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە يەرلىكتىكى مەخسۇتنى مەركەز قىلغان پانتۈركىزمنى تارقاتقۇچى بىر ئەكسىيەتچى تەشكىلات شەكىللەندى (يۇقىرىقى كىتاب، ٣٩٧- بەت).

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تارقىتىپ بىلەنلا چەكلەنمەستىن، يەنە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدى. ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاز سانلىق يەرلىك مىللىي مۇناپىقلار ئارىسىدا كومپارتىيە تەربىيىلەپ، ئاشكارە تەرەپدار بۇرژۇئازىيىلىك تويىلىكى قۇرغان. ١٩١٨- يىلى كۇچاردا يۈز بەرگەن مۇھەممەت ئىبلى باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچىل قوراللىق توپىلاڭ، ئەنگلىيىنىڭ پىلانلىشى ھەمدە كاشغەردىكى باتۇر قاتارلىق ئەنگلىيە جاسۇسىنىڭ بىۋاسىتە قاتنىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىدى (يۇقىرىقى كىتاب ٣٩٨- بەت). گەرچە بۇ توپىلاڭ ۋە سۇيىقەستلەر باستۇرۇلغان، ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىرلار شىنجاڭنى مۇستەملىكىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىگە ئىشقا ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇندىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى تارىخنىڭ بۇيانقى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم بايرىقى ئاستىدا قايتىدىن باش كۆتەردى.

٢٠- ئەسىرنىڭ ٣٠- يىللىرى، شىنجاڭدىكى پانتۈركىستلار ھاكىمىيەتلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىك دۆلىتىنى قۇرغان. ٣٠- يىللارنىڭ بېشىدا قۇمۇلدا خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆز قوزغىلىشقا ئېرىشتى. ١٩٣٣- يىلى ١- ئايدا كۇچادىكى تۆمۈر باشچىلىق كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بولغان قارشىلىقىدىن پايدىلىنىپ، «خەنزۇلارنى يوقىتىپ، مۇسۇلمانلارنى گۈللەندۈرۈش»، «ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ٣- كىتاب، ٩٥- بەت).

ئارقىدىنلا پانتۈركىست سابىت داموللا ۋە مۇھەممەت ئىمىن ئەنگلىيىنىڭ يوللاـ
لىشى ئارقىسىدا، 1933-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى. ئەنگلىيە جاسۇسلىرى بۇ ھەرىكەتكە بىۋاستە قاتـ-
ناشتى. بۇنىڭدىن بىر-ئاز بۇرۇن، مۇھەممەت ئىمىن خوتەندە ئاتالمىش «ئىسلام
دۆلىتى»نى قۇرۇپ، ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلىغان ئىدى. «شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دە سابىت داموللا قورچاق دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلىلىقىغا، خوجا-
نىياز قورچاق زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. بۇ «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» فېئودال پومېشچىك-
لار، سودىگەرلەر، ئەكسىيەتچىل دىنىي يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرى، پانئىسلامىزم ۋە
پانتۈركىستلەر قۇرغان، ئىسلام دىنى قانۇنلىرىنى ئاساسىغا قۇرۇلغان، دىنىي خوجايىنلار
بىلەن پومېشچىكلارنىڭ بىرلەشمە ھاكىمىيىتى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىـ-
قاتى» 1980-يىللىق 4-سان 13-بەت، ئۇيغۇرچە؛ «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىـ-
خىدىكى بىرلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئۆز ئارا كۈرىشى ھەققىدە»). بۇ قورچاق
ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىچكى جەھەتتە ئىنتايىن تار مىللەتچىلىكنى يولغا
قويۇپ، كاپىرلارنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشنى تەرغىپ قىلدى. دىنىي سوت تەسىس قىلىپ،
خەلققە بولغان سىياسىي زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي بۇلاڭ-تالاڭنى كۈچەيتتى، چەتكە تايىـ-
نىپ، ئەنگلىيىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۈركىيە، ئافغانىستان، ھىندىستان، ئامېرىكا،
ياپونىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، سوۋېت قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن
بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەمدە ھەربىي لازىمەتلىكلەر ياردەم بې-
رىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە بۇ قورچاق ھاكىمىيەتكە قورال-ياراق ياردەم بەر-
دى. «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» جەنۇبىي شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشـ-
لىقىنى قوزغىغان ئىدى. شۇڭا 1934-يىلى 2-ئايدا، ئۈرۈمچىدىن يېڭىلىپ قاچـ-
قان ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئاسانلا گۇمران بولدى. سابىت داموللا
قېچىپ كېتىۋاتقاندا، يەرلىك پۇقرالار ئۇنى تۇتۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنىغا
تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھەممەت ئىمىن قۇرغان خوتەن «ئىسلام
دۆلىتى»مۇ گۇمران بولدى. 1934-يىلى تۇرپاندىكى چوڭ پومېشچىك مامۇت ماخۇ-
سەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قوشۇن توپلاپ، «جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىش» تۇغ-
رىسىدا داۋراڭ سېلىپ، قەشقەردە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشقا ئۇر-
رۇندى، لېكىن ئاخىرى مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئاقىۋەت 1937-يىلى ئۆلكـ-
لىك ھۆكۈمەت قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3-
كىتاب، خەنزۇچە 195-206-بەتلەر).

گەرچە 30-يىللاردىكى غالجىر بۆلگۈنچىلىك دولقۇنى باستۇرۇلغان بولسىمۇ،
لېكىن خۇددى بۇرھان ئەپەندى دېگەندەك: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىـ-
يىتى» ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ ئەرۋاھى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىۋاتاتتى» (بۇرھان: «شىنجاڭدىكى 50 يىل» خەنزۇچە، 231-بەت). دەرۋەقە پان-
تۈركىستلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يەنە غالجىرلىشىپ، بۆلگۈنچىلىك،
مۇستەقىللىق دەۋاسىنى قىلىش دولقۇنىنى قوزغىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دۆلىتىمىز يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، مانا بۇ ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن تارىختىكى باشقا-زور كۆلەملىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىنقىلابىي قوشۇندا ياخشى-يامانلار ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىمۇ بىر تارماق ئېقىم مەۋجۇت ئىدى.

1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى، يەنى ئىلى قوزغىلىڭىدىن بەش كۈن كېيىن، غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى — «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. ئۇ بىر چوڭ دىنىي ئۆلىما ۋە پان تۈركىست ئىدى. ھېكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى، ئۇ سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلىدىكى نەسەبىي تەبىقىلەرنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئۈچ خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپتى: بىر خىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي ئاڭغا ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەر. ئىككىنچى خىلى ئەنۋەر مۇسابايوۋ ۋە رەھىمجانلار ۋەكىللىكىدىكى بۇرژۇئا نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە كىشىلەر؛ ئۈچىنچى خىلىدىكىلەر ئېلىخان تۆرە ۋە ھېكىمبەگ ۋەكىللىكىدىكى فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى. دەسلەپتە ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئۈچىنچى خىل كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىدى (بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، خەنزۇچە، 281-282-بەتلەر). شۇڭا بۇ بىر تۈركچىزم پان تۈركىستلەر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى زورلاپ تېڭىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن كونا بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزمنى تەرغىب قىلدى. ئىنقىلابنى بىر مەھەل ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىدىن چەتنىتىۋەتتى («[illegible] قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 33-بەت). مەسىلەن، 1945-يىلى 1-ئايدا ئېلان قىلىنغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 9 ماددىلىق باياناتنامىسىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا جۇڭگونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش كېرەك». بۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭگودىن تامامەن ئۈزۈل ئۈزۈش كېرەك، دېگەن سۆز ئىدى. بۇنداق بەلگىلىمە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە تامامەن خىلاپ كېلەتتى. شۇڭا ئەخمەتجان قاسىمى تەيىنى چاغدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئىنقىلابىمىزنىڭ مەقسىتى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرپۈتۈنلۈكىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى، گومىنداڭ بولسۇن، ياكى باشقا كۈچلەرنىڭ تەسىرى بولمىغان، ھەممە مىللەت باپباراۋەر بولغان يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر» (ئەخمەتجان قاسىمى: «مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتالىقلىرىمىز»)، ئېلىخان تۆرە قاتارلىق پان تۈركىستلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئىنقىلابنىڭ دەسلەپتە يەنە خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ياقتىن ھەيدەش، خەنزۇلارنى قارا-قويۇق ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئېغىر خاتا ھەرىكەتلەر سادىر بولدى.

لېكىن ئىنقىلابچىلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ داۋاملىق يۈزلىنىپ كېڭىيى-شىگە يول قويمايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ شەكىللىنىپ، ئېلىنغان تەدبىر ۋە ئۈزۈپ يېڭىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ئىنقىلاب توغرا يولغا باشلاندى.

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، پانتۈركىست ئۇنسۇرلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-لىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئەكسىل ئىنقىلابىي ئىتتىپاق بولۇپ ئۆزگەندى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا «خەنزۇلارغا قارشى تۇ-رۇش» قاتارلىق زىددىيەتلىك مەسىلىلەر بار بولسىمۇ، لېكىن سوۋېتكە قارشى تۇ-رۇش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاساسەن بىردەك ئىدى. نەتىجىدە، 1947-يىلى 5-ئايدا «ئۈچ مەسلىھەتچى باندىلار» ئىنتى-ۋاقىتنىڭ «شىنجاڭ پاچىرىكىسى» قوزغالدى. ئۇنىڭ رەئىسى گومىنداڭنىڭ جاھىللار گۇرۇھىدىن بولغان جاڭ مەسئۇت ئىدى. ئىش باشقۇرغۇچىسى پانتۈركىست ئەيسا ئىدى. ئۇلار ھەر خىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ سوۋېتكە ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاچچىق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. 1947-يىلى 5-ئايدا گومىن-داڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە كونا پانتۈركىست مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغۇزدى. مەسئۇت ئەمەلگە چىققاندىن كېيىن، ئاساسەن گومىنداڭنىڭ ئىشارىتىدە ئىشلىدى. مەسئۇت ۋەكىللىكىدىكى پانتۈركىستلەر گومىنداڭنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئۇيغۇرچە «مەدەنىيەت گېزىتى»نى نەشر قىلىپ، ھەدەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھۇجۇم قوزغاپ، پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلدى. ئاقىۋەت مەسئۇت كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، 1949-يىلى 1-ئايدا ئەمەلدىن چۈشتى.

ھازىرقى كىتابلارنى ئاساسەن قىسقىچە ئۆگەنسەك، تەرغىب قىلىنغان پانتۈرك-زىمچى ۋە پانئىسلامىزمچى ئۇنسۇرلار، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدە ھەم-زۇلاردىن تەركىب تاپقان ئەكسىيەتچى گۇرۇھ گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئارقىدا يوشۇرۇنلۇق بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئاتالمىش كۆزدە تۇتقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرغان ئىشارەت ھەرىكەت قىلدى. بىزگە بىر مۇنچە ئىدىيىۋى مۇھىم ۋە چوڭقۇر تارىخىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ۋەقەلەردىكى بىر قانچە نۇقتىدىن تارىخنىڭ بۇزغۇنچى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈۋې-لىش مۇمكىن.

(1) بۆلگۈنچىلەرنىڭ سىياسىي، تارىخنى بۇرمىلىغۇچى بۆلگۈنچى ئۇنسۇر-لار ھەرگىزمۇ بىرەر مىللەتنىڭ ۋەكىلى ئەمەس ھەمدە بىرەر مىللەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ۋەكالەت قىلغان كۆرۈنمەس ئەمەس، بەلكى بارلىق فېئودال پومېش-چىك ۋە ئەكسىيەتچى دىنىي يۇقىرى قاتلام يەنى بىر قىسىم ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكالەتلىك قىلغان ئەكسىل ئىنقىلابىي ئۇنسۇرلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئور-تاق نىشانى شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ، بۆلگۈنچىلەر تىزگىن

جەلىنەن. ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ دورانى ھېسابلانغان ئاتالمىش 'مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى'نى ئاپىلا ئىدۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇئا ئۇلار بازارغا سالغان مىللەت ۋە دىن بايراقلىرى ئەمەلىيەتتە خەلق ئاممىسىنى قايمۇقتۇرىدىغان قورالدىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ (2) بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەلقئارالىقى. بۆلگۈنچىلىك ئىشتىمۇلىقىنى ئىگە بولغانلىقتىن ئۇ باشتىنىلا خەلقئارالىققا ئىگە ئىدى.

مەسىلەن، خوجا جەھەتتە ئەسلىدىنلا يەرلىك بىر ئۆزبېك فېئودال ئاقساقاللار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرى قوقان ۋە چار-روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى؛ ياقۇپبەگ ئەنگلىيە، روسىيە، تۈركىيە، قوقان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى؛ 1900- يىلىدىن كېيىن، بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەلقئارالىقى تېخىمۇ روشەنلەشتى ۋە كۈچەيدى. يەرلىك سابلىق بۆلگۈنچىلەر ئەمەلىيەتتە چەتئەللىكلەرنىڭ قولىدىكى بۆلگۈنچىلىك، ئاقتۇرمىچىلىق ئېلىپ بېرىشتىكى سادىق گۇماشتىسى بولۇپ قالدى؛ (3) بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەتەرلىكلىكى. بۆلگۈنچىلىك يۈزبەرگەندە مۇرەسسەسىز ئەگە بولغانلىقتىن، تۈپەك تۈرلۈك بۆلگۈنچىلەرنىڭ شوئارلىرى مۇئەييەن شارائىتتا بىر قىسىم ئاقسەۋىيىسى تۆۋەن ئاممىنى قايمۇقتۇرالىغانلىقتىن، بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەتىرى ئىنتايىن زور، بولۇپمۇ ئۇلار مىللەتنىڭ سىنىپىيلىقىنى يوشۇرىدۇ. ئاممىنىڭ دىنى ئېتىقا-

دىنى پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنى ئۈچۈن «غازات» قىلىپ كاپىرلارنى يوقىتىشنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئوتكەنلەشتە يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى بۇنداق قېتىملاردا قارشى خەلق كۈرەشلىرى ئىسلام تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان ئىدى، تېخىمۇ خەتەرلىكى، بۆلگۈنچىلەر يېڭى تارىخى شارائىتتا ئاشكارىلىنىدۇ. مەسىلەن، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاقسۆڭەك بۆلگۈنچىلەر

پان تۈركىزم ۋە پان ئىسلامىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. پان تۈركىزم مۇنداق دەپ قارايدۇ: «تۈركىي تىللىق قوللىنىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارچە مىللەتلەر ئۇيۇشۇپ، بىرلىككە كەلگەن، تۈركىيىنى سىياسىي مەركەز قىلغان، ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن دۆلەت قۇرۇپ چىقىشى كېرەك» (شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى، خەنزۇچە، 2- كىتاب، 433- بەت). مانا مۇشۇنداق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەلقئارالىقى،

ئالدامچىلىقى، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە بولغان خەۋپلىكى تېخىمۇ زورايدى؛ (4) بۆلگۈنچىلىكنىڭ بۇزغۇنچىلىقى. بۆلگۈنچىلەر ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى ئاتالمىش «مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى»گە ئايلاندۇرۇش رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۇرسەت تاپسىلا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاپ، جەمئىيەتنى پاراكەندە قىلغانلىقتىن، سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، يەنە ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە مۆلچەرلىگۈسىز تارىخىي بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەردى. ھەر قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرىدا زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچى ۋەيران بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، نۇرغۇن بۆل-

كۈرەشچانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇر-
غۇچ ئېلىپ، قوراللىق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۇزاق مۇددەت دوۋاملىق كۈرەش
ئازادلىقنى ياقىلاشقا مەجبۇر قىلدى. ھەقىقەتەن مىللىي ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىگە تەھدىت سېلىپ كەلمىدى. شۇڭا بۆلگۈنچىلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
جان تىكىپ قوغدايدىغان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارىسىدا بازار تاپالمايدۇ. ئەزەل-
دىن ۋەزىپە، خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مانا بۇ بۆلگۈنچى
لىكنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقى، بەلكى باشقىلارغا قىسقا ئۆمۈرلۈك بولۇپ قېلىشىنىڭ
مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى.